غەيرەتجان ئوسمان

# ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

ISBN 7-228-07034-8
K·991(维文)定价：18.00元

غەيرەتجان ئوسمان

TURAN KİTAPLIĞI

# ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق كۇتۇپخانىسى

**图书在版编目（CIP）数据**

东西方文化交流与维吾尔人/海热提江著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.2
ISBN 7－228－07034－8

Ⅰ.东.... Ⅱ.海.... Ⅲ.①维吾尔族—民族历史—研究—维吾尔语（中国少数民族语言）②东西方文化—文化交流—维吾尔族、西方国家—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K281.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 006154 号

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13 印张 2 插页
2002 年 3 月第 1 版　2002 年 3 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN7－228－07034－8/K・991 定价：18.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى



غەيرەتجان ئوسمان

# نەشرىياتتىن

غەيرەتجان ئوسمان 1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ يۇقارقى قازىبېرىق كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملاپ، 1975 — 1977 ـ يىللىرى يېزىغا چۈشۈپ دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان. 1978 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن بۇيان ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. 1994 ـ يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى.

غەيرەتجان ئوسمان «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (خەنزۇچە) قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ۋە «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» ، «غەربىي يۇرت ئەدەبىياتى ماقالىلەر توپلىمى» ، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان. ئۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابى ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەرنىڭ دەرسلىكى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابى (خەنزۇچە) ، «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى — تارىخىي شەخسلەر» ناملىق كىتابى نەشر

قىلىنغان.

ئۇ مەملىكەتلىك بەش قېتىملىق، خەلقئارالىق ئۈچ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ ماقالە ئوقۇغان؛ جۈملىدىن 1998 ـ يىلى كۈزدە ياپونىيە فۇكۇئوكا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياپونىيىگە بېرىپ ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان ۋە زىيارەتتە بولغان.

غەيرەتجاننىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە چەت ئەل تىللىرىدا 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق ـ غەرب بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار بەلگىلىك دەرىجىدە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەككە ۋە پارچە ھالەتتە بولغاچقا، كىشىلەرنى بىر پۈتۈن چۈشەنچىگە ئىگە قىلالمىغانىدى.

ئاپتور بۇ كىتابىدا بۇ باش تېمىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە شەكىل ئارقىلىق بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق يورۇتۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق ـ غەرب بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى يارىتىش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىنى خېلىلا سىستېمىلىق ھالدا مۇھاكىمە قويغان.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسى

1. دى، تۆران ئاتالغۇسى ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسى ........ 3
2. خاسىيەتلىك سان «توققۇز» دا ئىپادىلەنگەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسى ........ 28
3. «ئوغۇزنامە» دىكى مەزمۇنلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ شىمال ۋە غەربكە يۆتكىلىشىگە نەزەر ........ 71

## ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى پائالىيەتلىرى

1. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقى ھەققىدە ........ 103
2. جۇڭشەن بەگلىكى ........ 106
3. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ........ 109
4. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر دىپلوماتلىرى كورىيىدە ........ 166

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىسى


قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 197

1. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىسىنىڭ سۈبھى دەۋرى ........ 199

2. ھونلار ۋە دىڭلىڭلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى ........ 202

3. تېلىلار ۋە ئېگىز قاڭقىللار زامانىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى پائالىيەتلىرى ........................................ 207

4. ئۇيغۇرلار ۋە بالاساغۇن ........................................ 225

5. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................................ 243

6. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ...... 247

7. قىتانلار ۋە ئۇيغۇرلار ........................................ 307

8. موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ........................................ 318

9. ئېلخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار .................... 328

10. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە .................... 336

11. تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ........................................ 350

12. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشى ۋە پائالىيەتلىرى ...... 375

ئاخىرقى سۆز ........................................ 405

# بىرىنچى بۆلۈم

## دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەر-لەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# 1. دى، تۇران ئاتالغۇسى ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسى

## 1) مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھۆججەتلىرىدە «تۇران» دېگەن ئاتالغۇ بار. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تاجىكچە ۋە ئەرەبچە ھۆججەتلەردە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ـ جۇغراپىيىسىدە دائىم كۆزگە چېلىقىدۇ.

پرولېتارىيات داھىيلىرىدىن ف. ئېنگېلس[1]، ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم مورگان[2]مۇ بۇ ئاتالغۇنى تىلغا ئالغان.

## 2) ئاتالغۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى

تۇران ئاتالغۇسى تارىختىن بۇيان ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. ف. ئېنگېلس «تۇران» ئاتالغۇسىنى جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە، «تۇرانلىقلار» ئاتالغۇسىنى خەلقلەر — ئىنسان تۈركۈمى نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن[3]. «بۈيۈك لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيە» دە: «تۇران — تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرىغا قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ بەرگەن نامى[4] دېيىلگەن بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ ئەسەرنى مۇشۇنداق نام بىلەن «تۇرانلىقلار» نىڭ ئاتايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن[5]، يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرىنى

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارمۇ «تۇران — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشايدىغان يۇرتلارنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ياكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ» [6] ، دەپ ئىزاھات بېرىشكەن.

شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1984 ـ يىلى «شاھنامە» نىڭ «رۇستەم ۋە سوھراپ» بابىنىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلغاندا فىردەۋسى تىلغا ئالغان «تۇران» سۆزىنى تەرجىمان مۇنداق ئىزاھلىغان: «تۇران — ئەسلىي ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت كەڭ تېررىتورىيە ئىدى. بۇ يەرگە ئىران قەبىلىلىرى جايلاشقان، كېيىنچە بۇ يۇرتنى تۈركىي مىللەتلەر ئىگىلىگەن ۋە ‹تۈركىستان› غا ئۆزگەرتكەن. ‹شاھنامە› دە فىردەۋسى ‹تۇرانلار› بىلەن ‹تۈرك› لەر دېگەن ئىككى سۆزنى ئوخشاش مەنىدە قوللانغان» .

ئالىم لى يوڭ بىرقەدەر كونكرېت پىكىر يۈرگۈزۈپ: «يېقىنقى ۋە ھازىرقى ئىلىم ساھەسى ‹تۇران› ئىبارىسىنى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولغان تۈركىي تىللار ئائىلىسى، ھەتتا پۈتكۈل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قاراپ كەلدى»[7] ، دەپ يېزىپ، «ئۆز تارىخىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا نەچچە قېتىملاپ پۈتۈن مىللەتنىڭ قەلب ساداسىنى ياڭرىتىپ قوراللىق، ھەيۋەتلىك ۋە شانلىق كۈرەش مۇساپىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇرانلىقلار[8] » دېگەن شەكىلدە تارىختا ياندىشىپ، ئۆز پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاراتمىلىقتا ئىگە قىلغان.

چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ تەسىرلىك رول ئويناپ «يىپەك يولىدىكى بىرىنچى قاتاردىكى قەھرىمان» ۋە «يىپەك يولىدا تۇغۇلغان بىرىنچى قاتاردىكى شاھ»[9] ، دەپ شۆھرەت قازانغان ئەمىر تۆمۈر(1333 — 1405)

ئۆز ئۆگۈتلىرىدە «بىز كىم — مۈلكى تۇران، بىز كىم — مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان تۈركنىڭ باش بوغۇنى»[10]، دەپ ھەيۋە كۆرسىتىپ، «تۇران»نى بىر ئەل سۈپىتىدە بايان قىلغان. بۇ تارىختىكى كىشىلەرنىڭ بايانلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي جور بولۇش كېرەك دېگەن مەنتىقە چىقىرىلماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

بۇ ئاتالغۇنىڭ قوللىنىلىشى دەسلەپتە قەدىمكى پارس - ئىران ھۆججەتلىرىدە ئۇچرايدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى X ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىران زوروئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» (Avesta) دا «تۇرا» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا يەنە «جەڭگىۋار تۇرالار» دېگەن ئىبارىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ[11]. بۇ كىتابتىكى «تۇرا»، «تۇر» لار ساك (Saca) ۋە ئىسكىف (Scythia) لەرگە قارىتىلغان[12].

ساك ۋە ئىسكىفلەر بولسا ئىران قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىدا، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، تەكلىماكان ۋادىلىرىدا ياشىغان. پارسلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى «باھادىر زەرىرەگە مەرسىيە» (مىلادىيە V — VI ئەسىرلەردە يازما شەكىلگە كەلگەن) دە، ئىرانغا قوشنا بولغان ھەم پارسلارنىڭ شىمالىي چېگراسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلگەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ يېقىدىكى ئەل «تۇران» دەپ تەسۋىرلەنگەن.

«ئاۋېستا»دىكى مەركىزىي ۋەقەلىك ئىران قەبىلىلىرى بىلەن شىمالدىكى جەڭگىۋار كۆچمەن قوۋملارنىڭ ئۆزئارا سوزۇلغان جەڭگى - جېدەللىرى تەسۋىرلەنگەن. ئىران قەبىلىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان سەردار ھىلاج، سوقرات، سىياۋۇش ۋە ئىسپەندىيارلار بولسا، شىمالدىكى قەبىلىلەرگە تۇر،

ھۇشاڭ ۋە ئافراسىياپلار باشچىلىق قىلغان.

«ئاۋېستا» دا «ئارجاسىب» دېگەن بىر قەھرىماننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ ھەم ئۇ ئىران قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى سۈپىتىدە نۇرغۇن قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىران قەبىلىلىرىنى ساراسىمىگە سالىدۇ. بۇ يەردىكى «ئارجاسىب» كېيىنكى مەنبەلەردە ئاساسەن «شاھنامە» دە) تىلغا ئېلىنغان «ئافراسىياپ» ئوبرازىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىسىدۇر[13]. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «تارىخىي مۈلكى ئەجەم» ناملىق ئەسىرىدە «‹ئارجاسىب› بىننى ئافراسىياپ كىم، تۈرك پادىشاھى ئەردى»، «ئافراسىياپ — ھۇشاڭ بىننى تۇر بىننى فېرىدۇن ئوغلىدۇر»[14]، دەپ يازغان. «شاھنامە» دە ئارجاسىب نامى «ئافراسىياپ» شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان ھەم ئۇ تۇران ئېلىنىڭ پادىشاھى، تۈركلەرنىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە كەيخۇسرەۋ، رۇستەم، سىياۋۇش قاتارلىق ئىران سەرۋازلىرى بىلەن بولغان ئاجايىپ كەسكىن ئېلىشىشلىرىنى سۈرەتلىگەن.

دېمەك، «ئاۋېستا» دىكى «تۇرا»، «تۇر» نامى «باھادىر زەرىرەگە مەرسىيە» ۋە «شاھنامە» لەردىكى «تۇران» ئاتالغۇسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ قاراش مۇمكىنچىلىكى بار. بۇنى بىرقانچە تەرەپتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، «ئاۋېستا» دىكى «تۇرا»، «تۇر» لار ئىران قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىدىكى زور بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قارىتىپ قوللىنىلغان. بۇ قەبىلىلەر ئەينى چاغدا ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ، كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماكان ـ تېررىتورىيىسى مۇقىم شەكىللەنمىگەن. شۇڭا، بۇ نام ئۇزۇن زامانىسىدا مۇئەييەن تېررىتورىيىنى ئىپادىلىمەي، بەلكى قەبىلە ـ قوۋم نامى شەكلىدە قوللىنىلغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىككىنچى، «ئاۋېستا» دەۋرىدىن كېيىن ئىرانلىقلار

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت رايونىنىڭ شىمالىدىكى چەكسىز تېررىتورىيىنى «تۇران »، دەپ ئۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنى «تۇرانلار» دەپ ئاتىغان. بۇ «تۇرا ـ تۇر» دىن «تۇران» نىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، «ئاۋېستا» دا تىلغا ئېلىنغان «دىۋە كەبى»، «يالغانچى»، «رەزىللىك» دە ئۇچىغا چىققان «ئارجاسىب» نىڭ «شاھنامە» دە «تۇران شاھى» دەپ تەسۋىرلىنىشى «ئارجاسىب» نىڭ «جەڭگىۋار تۇرلار» دەپ ئاتالغان قوۋملارنىڭ يېتەكچىسى بولۇشى مۇمكىنچىلىكىنى، بۇنىڭ «تۇران شاھى ئافراسياپ» دېگەن ئۇقۇم بىلەن مەزمۇنداش ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

تۆتىنچى، «شاھنامە» دە ئافراسياپ تۇران شاھى دېيىلىش بىلەن بىرگە «تۈركلەرنىڭ خانى» دېگەن ئۇقۇم تەڭ مەنىدە قوللىنىلغان. دەرۋەقە تارىخشۇناس سېن جوڭمىيەن بەزىلەر «تۇرا» تۈركلەرنىڭ بوۋىسى دەپ قارايدۇ، دېگەن مەزمۇندا پىكىر بايان قىلغان بولۇپ[15]، بۇ «تۇران» بىلەن «تۈرك» نىڭ «شاھنامە» قاتارلىق كىتابلاردا پاراللېل قوللىنىلىشىنىڭ رېئاللىقتىن ئانچە چەتلەپ كەتمىگەنلىكىنى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان تۈزلەڭلىكتە ياشىغان تۇرانلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى دەۋرىنىڭ ئالمىشىشى، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ھەم مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش قانۇنىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا كېيىنكى دەۋردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بىر تارماق مەنبەسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلىقتا ئىسپاتلايدۇ.

بەشىنچى، كىشى ئىسىملىرىدىمۇ، مەسىلەن، ئەرلەر ئارىسىدا تۇر، تۇراخۇن، تۇران ئاخۇن، ئاياللار ئارىسىدا تۇخان (تۇرخان)، تۇراخان، تۇرانقىز، تۇرانخان دېگەنگە ئوخشاش

ئىسىملار بار. بۇنىڭدىن تۇر، تۇرا، تۇران ئاتالغۇلىرىنىڭ تومۇرى ھەم مەزمۇنى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان بۇ ئىسىملارنىڭ يىلتىزىنى «‹ئاۋېستا› دەۋرى» دىن سۈرۈشتە قىلساق غەلىتىلىك ھېسابلانماس.

ئالتىنچى، مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئان ـ ئەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كۆپلۈك مەنىسىنى بىرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭغا مۇناسىپ «ئەر» نىڭ كۆپلۈكى «ئەرەن»، «ئوغۇل» نىڭ كۆپلۈكى «ئوغلان» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان[16]. مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ، «تۇر ـ تۇرا» نىڭ كۆپلۈك شەكلى «تۇران» بولۇشى ئېھتىمالغا خېلىلا يېقىن.

يەتتىنچى، پارسلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە سۆزلەنگەن فىرىدۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارمۇ بەلگىلىك تولۇقلىما ماتېرىيالغا ئىگە قىلىدۇ. بىر خىل ئەپسانە ـ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، فىرىدۇن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن دۆلەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بىرىدۇ. چوڭ ئوغلى سىلمگە روم (ۋىزانتىيە) نى، ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇرغا تۇران ۋە چىننى، كەنجى ئوغلى ھىلاجغا پۈتكۈل ئىراننى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن[17]. بۇنىڭغا قارىغاندا «تۇر» غا تەگكەن يەر «تۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ھەم ئۇنىڭ زىمىنى» مەنىسىدە «تۇران» دەپ ئاتالغان. «شاھنامە» دىكى ئافراسياپنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن «. . . تۇران بىلەن ئىراننىڭ زىددىيىتى سىلم بىلەن تۇران زامانىسىدىن باشلانغاندۇر» دېگەن گەپتىن ھەم فىرىدۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلى تۇرنىڭ «شاھنامە» نىڭ يەنە بىر يېرىدە ئافراسياپ ئاغزىدىن «تۇران» شەكلىدە بېرىلگەنلىكىمۇ «تۇر» بىلەن «تۇران» نامىنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇلار ئەپسانە ـ رىۋايەتلىك چۈشەنچە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تارىخىي ئۇقۇملارنى بايان

قىلىشتا ۋاستىلىك ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشۋەتمەيدۇ.

سەككىزىنچى، ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى (1836 — 1917) 1911 ـ يىلى تاماملىغان «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق كىتابىدىكى «تۇران» دېگەن نام ‹تۇرك› بىلەن ‹تۇر› سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان»[18]، دېگەن بايانىدىن ئۇنىڭ بەلگىلىك ئېنىقلىما ماتېرىياللىق رولى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

### 3) ئاتالغۇنىڭ جۇغراپىيىلىك مەزمۇن دائىرىسى

دۇنيا خەرىتىسىدىن قارىساق، تەڭرىتاغلىرى كاسپىي دېڭىزى، كوپت (Kopt) تاغلىرى ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كەڭ تېررىتورىيىنىڭ تۇران تۈزلەڭلىكى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توپونومىيە مۇتەخەسسىسى موزايېفمۇ ئومۇمەن «كوپت تاغلىرىدىن تەڭرىتاغلىرىغىچە، كاسپىي دېڭىزدىن قارا قۇم ۋە قىزىل قۇم چۆللۈكلىرىگىچە بولغان دائىرە تۇران ئويمانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ»[19] دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆز قارىشىنى تولۇقلاپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرەتتى. ئەمما، كېيىنچە، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ جەنۇبقا ۋە غەربكە يۆتكىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاسپىي دېڭىزدىن لوپنۇرغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ‹تۇران› دېگەن بۇ نام باشقىچە مەزمۇنغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ كەڭ، شۇڭا (باشقىچە) چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ»[20].

پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن قەدىمدە تۇران دەپ ئاتالغان تېررىتورىيىنىڭ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى خەنزۇچە مەنبەلەر ئاساسىدا مۇنداق بايان قىلغان: تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى «تاڭ گاۋزۇڭ لى جى

ۋاقتىدىكى تۈركىي نەسەبلىك سانغۇن چۇبى خېلىنىڭ 635 ـ يىلى تارىم — ‹تۈران ساي› ( 突伦川 ) ، تەكلىماكان — ‹تۈران چۆل› ( 突伦碛 ) لىرىغىچە جەڭ قىلىپ بارغانلىقىنى قەيت قىلغان»[21]. يەنى بۇ يەردە بۇ ئالىم « 突伦 » نى «تۈران» سۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ ھېسابلىغان.

شۇنداق بولسىمۇ، «تۈران» دىن ئىبارەت بۇ نامنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ئەڭ دەسلەپتە ئىرانلىقلارنىڭ زېمىن چۈشەنچىسىدە خاسلاشقانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، پارسلارنىڭ قارىشى بويىچە كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى ئىرانلىقلار ئىران بىلەن تۈراننىڭ چېگراسىنى ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئايرىغان. بۇنىڭدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

يىراق قەدىم زاماندا بىر ـ بىرىنىڭ كۈشەندىسى بولغان ئىران بىلەن تۈران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئالەمنى مالەم قىپتۇ. كېيىن كېڭىشىش ئارقىلىق شۇنداق بىر مەسلىھەتكە كەپتۇ. ئىران قوشۇنىنىڭ بىر ئەسكىرى چىقىپ شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئوقيادىن بىرتال ئوق ئۈزسۇن، يا ئوقى چۈشكەن يەر ئىككى ئەلنىڭ پاسىلى بولسۇن، دەپ كېلىشىپتۇ. جەسۇر جەڭچى ئەرش تالىلىنىپ، مەغرۇر قەددەم بىلەن ماۋەند تېغى ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئوقيادىن ئوق ئۈزۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوق ئۈزگەنىكەن، ئايلىنىپ كېتىپ قىممەتلىك جېنىنى تەقدىم قىپتۇ. باتۇرنىڭ ئوقى ئىلاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئاسماندا ئاقار يۇلتۇزدەك سەھەردىن تارتىپ چۈشكىچە مېڭىپ، سانسىزلىغان ئېگىز تاغلار ۋە دەريا ھەم چۆللەرنى ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جەيھۇن ( ئامۇ ) دەرياسىنىڭ بويىدىكى چوڭ بىر تۈپ ياڭاق دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا سانجىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ياڭاق دەرىخى ( جۇملىدىن

www.uyghurkitap.com

جەيھۇن دەرياسى) ئىران بىلەن تۇراندىن ئىبارەت ئىككى ئەلنىڭ چېگرا ـ پاسىلى قىلىنغان[22]. يەنە بىر رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەرش ئاتقان ئوق دەسلەپتە بىر كەركىس (بىر خىل قۇش) نىڭ قانىتىغا تەگكەن، كەركىس زىماۋەند ۋە تەبەرستاندىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ جەيھۇن بويىغا چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ زېمىن ئافراسىياپقا تەۋە بولغان[23].

دېمىسمۇ، تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «ئامۇ دەرياسى ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى، يەنى پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى پاسىل بولغان»[24]. ئىراندىكى بېھىستون ئابىدىلىرىدە ئىران شاھى دارا I نىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 517 ـ يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ساكلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بېھىستون ئابىدىلىرىدە دارانىڭ مۇنداق سۆزلىرى ئۇچرايدۇ: «شاھ دارا، مەن ساكلار يۇرتىغا باستۇرۇپ باردىم، ئۇل ساكلار يۇرتى دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە بولۇپ، ئۇلار چوققىسى ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ يۈرىدىكەن. ئەل قىسسە، مەن دەرياغا كېمىلەردىن كۆۋرۈك سېلىپ، شۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ساكلار يۇرتىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردىم ۋە ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىم. ساكلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرقانچىلىرىنى ئەسىر ئالدىم. پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ ھوزۇرۇمغا كەلتۈردۈم، ئۆز خاھىشىم بويىچە ساكلار يۇرتىغا يېڭى باشلىق تەيىن قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەت مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتتى»[25] دېگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا بېھىستون ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ساكلار يۇرتىدىكى دەريا» دەل ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۆزىدۇر[26].

دېمەك، ئىران بىلەن تۇراننىڭ چېگراسى يەنى «تۇران» دەپ ئاتالغان تېررىتورىيىنىڭ جەنۇبىي چېگراسى ئامۇ دەرياسى

دەپ ھېسابلانغان.

ئۇنداق بولسا «تۇران» ئېلىنىڭ شىمالى، شەرق ۋە غەربىي چېگراسى قايسى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شاھنامە» دە ئافراسىياپنىڭ «چىندىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان زېمىنلار مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر» دېگەن بايانى بار، بۇ يەردە بۇ تۇران شاھى دەپ ئاتالغان ئافراسىياپ باشقۇرغان زېمىنىنىڭ بىر چېگراسىنىڭ «چىن» غا تۇتىشىدىغانلىقىدىن شەپە بېرىپ ئۆتىدۇ.

«چىن» قەيەر؟ «چىن» مۇرەككەپ بىر تارىخىي ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمكى زاماندا پارسلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە چىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇرتىنى كۆرسەتكەن. يەنى پارس، تۈرك كلاسسىك ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «چىن» (ماچىن) ئاتالمىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى شەرقىي پاسىلى قۇمۇلغىچە بارىدىغان تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ يازغان بولسا، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن[27]، ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەين چىن ۋە ماچىن خوتەننىڭ قەدىمكى نامى ئىدى[28]، دەيدۇ. جاڭ خوڭنيەن ئەپەندىمۇ «شاھنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە «چىن» ئاتالغۇسى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن[29].

لى جىمىڭ ئەپەندى «‹تارىخىي خاتىرىلەر›، ‹خەننامە› لەردىكى ‹چىنلىقلار› (秦人) نامىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى مەسىلىسى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) دېگەن ماقالىسىدە سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە بەنگۇنىڭ «خەننامە» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا تەرجىمە قىلىنغان «چىنلىقلار» دېگەن نام

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتەتتى. تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ «چىنلىقلار» دەپ ئاتىلىشىنىڭ تارىخىي ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، خەنۋۇدى دەۋرىدىلا بار ئىدى. ئىككى خەن دەۋرى، ۋېي، جىن، 16 پادىشاھلىق، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى، سۈي، تاڭ دەۋرىدىن سوڭ دەۋرىگىچە ئىزچىل شۇنداق قوللىنىپ كېلىنگەن، دەيدۇ.

بۇ بايانلار «تۇران» نىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي چېگراسىنى بەلگىلەشتە مەلۇم ماتېرىيال ئاساسى باردەك قىلىسىمۇ، بىراق كونكرېت پاسىلى قايسى ئورۇن بولۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلىدە ئېنىق چۈشەنچە تۇرغۇزۇشقا ئىمكانىيەت يوق. چۈنكى، «چىن» بەزى ئەھۋالدا «مەركىزىي جۇڭگو» نى ئۆز ئىچىگە ئېلىپمۇ كەتكەن. «تۇران» نىڭ غەربىي چېگراسىغا كەلسەك، بۇنىڭغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىدىغان ماتېرىيالغا ھازىرچە ئىگە ئەمەسمەن.

ئومۇمەن، «تۇران» ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىن قوللىنىلىشى ئاساس، مەزمۇن جەھەتتە ئىپادە قىلغان ئۇقۇمى قوشۇمچە ئورۇندا بولغان.

بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا «كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» مۇ ئەمەس، «تار مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» مۇ ئەمەس، بەلكى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. بۇ رايون جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە موڭغۇلىيە بىلەن، غەربتە پېرسىيە، جەنۇبتا ھىندىستان ۋە تىبەتلەر بىلەن ئورالغان. جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، ئىرقى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن بۇ رايوننى تەخمىنەن ئۈچ بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن. يەنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى بىرىنچى بۆلەككە، پامىرنىڭ غەربى، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مەركەز قىلغان جايلارنى ئىككىنچى بۆلەككە؛

www.uyghurkitap.com

تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە قازاقىستاننىڭ يەتتەسۇ قاتارلىق جايلىرىنى ئۈچىنچى بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن[30]. مانا مۇشۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا» رايونىنىڭ يەنە بىر نامى «تۇران» ئىدى دېيىلسە، پۈتۈنلەي ئاساسسىز ھېسابلانمايدۇ.

## 4) دى ۋە تۇران ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

يۇقىرىدا پارسلارنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرى، تۈركىي ۋە باشقا غەربتىكى بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ ھۆججەتلىرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر «تۇرا» ، «تۇران» دەپمۇ ئاتالغانلىقى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتتۇق. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە (بۇ خەلقلەر) «دىلار» ، «دىڭلىڭلار» ، «تېلىلەر» ، «تۈركلەر» دەپ ئاتالغان. يەنە بۇ ھەقتە تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇر بىلەن خەيرىنىسا سىدىقلار مۇنداق ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن: «‹ئاۋېستا› بىلەن ‹شاھنامە› دىكى رىۋايەتلەردە جۇڭگو تارىخىدا ‹دى› دەپ ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ تۈرك دەپ ئاتالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاساسەن ھازىرقى موڭغۇل يايلاقلىرى، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ زېمىنى ‹تۇران› دەپ ئاتالغانلىقى، بۇ نام رىۋايەتلەردە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئەجدادى تۇردىن كېلىپ چىققانلىقى بايان قىلىنىدۇ» .

دېمەك، يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دى يەنى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر شىيا، شاڭ ۋە غەربىي جوۋ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە شەرقتە ھازىرقى شىمالىي جۇڭگو رايونىدىن، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىغىچە ياشىغان، جۇڭگو ۋە ئىران تارىخشۇناسلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدا پەقەت ئۆزىگە يېقىن زېمىندىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى تونۇشتۇرغان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر تۇتاش قەبىلىلەردىن ئىبارەت ئىدى[31]» .

www.uyghurkitap.com

بۇ بايانلار دى، تۈرك، تۇرانلار دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ مەزمۇنداشلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە بىر مەنبەدىن سۈرۈشتە قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئالدى بىلەن «دى» (di) سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇھاكىمىگە قويىمىز.

دى (狄) خەنزۇچە ھۆججەتلەردە مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى زور بىر تۈركۈم قەبىلىلەر توپىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ نام ئەڭ دەسلەپتە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تۇتېم ئېتىقادى ئىدېئولوگىيە فورماتسىيىسى قىلىنغان زامانلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا، ئۇنىڭغا كۈچلۈك دىنىي پۇراق سىڭگەن.

دىلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۆز تەركىبىدىكى ئۇرۇق – قەبىلىلەر كۆپ بولغاچقا تۇتېم ئېتىقادى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن «دى» نامى ئىپادە قىلغان ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى بىرقانچە تۈرلۈك بولغان.

دى نامى ئەسلىي ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەجدادى بولۇپ، قۇدرەتلىك، مۇقەددەس مەبۇدىنىڭ سىمۋولى ئىدى. دىلار تەركىبىگە كىرگەن چوڭ بىر ئۇرۇق (ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى قەبىلە) «ئىت» نى تۇتېم قىلغان. يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئىت بىلەن بۆرە بىر تۈردىكى ھايۋان بولۇپ، كېيىنچە ئىككى تۈرگە ئايرىلغان، دىلار ئارىسىدا ئىت تۇتېمى ساقلىنىپ، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە ئېتىقادچىلىقىنىڭ مۇتىۋەر ئورۇنغا ئۆتۈشى مانا مۇشۇنداق تارىخىي يىلتىزداشلىقتا ئىگە. قەدىمكى زاماندا ئىتقا چوقۇنغان ئۇرۇق – قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىت بىلەن دى ئوقۇم جەھەتتە ئوخشاش مەنە ئاڭلاتقان. مەسىلەن، خەنزۇ مۇئەللىپ ياڭ شيۇڭ (杨雄) «شېۋە» (方言) دېگەن كىتابىدا «ئىت دى

دېمەكتۇر» ( 狄也 ، 刳 ) دېگەن: جۇڭگونىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاپتور شۈجېن «سۆزلەر» ( 说文 ) دېگەن كىتابىدا «شىمالدىكى دىلار ئىتقا چوقۇنىدۇ» ، دىلارنىڭ ئۈچ چوڭ قەبىلىسىنىڭ بىرى «قىزىل دى ( 赤狄 ) لار ئىت ئۇرۇقىدىن» دەپ يازغان. ئىت ئېتىقادچىلىقى نۇقتىسىدىن، «دى» ئىت مەبۇدى، يەنى «ئىت تەڭرىسى» ئۇقۇمىدا ئىستېمال قىلىنىشى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

دىلارنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقى ( زورايغاندىن كېيىنكى قەبىلىسى) «شۇڭقار»غا ئېتىقاد قىلغان. بۇنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق ماتېرىيال بار. قەدىمكى خەنزۇچە هۆججەتلەردە « 狄 » خېتى « 翟 » (di) خېتى بىلەنمۇ ئىپادىلەنگەن بولۇپ، شۇڭقارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئارىسىدا «شۇڭقار» بىلەن «دى» ئوخشاش ئۇقۇمغا ئىگە مەنىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. چىن خانلىقى ( 秦国 مىلادىيە 265 — 420 ـ يىللار) دەۋرىدىكى گوپۇ «تاغ ـ دېڭىزلار قامۇسى» ( 山海经 ) نى ئىزاھلىغاندا « 翟 » نى «قۇيرۇقى ئۇزۇن، بۈركۈت ئائىلىسىگە مەنسۇپ» بىر خىل قۇش دەپ يازغان بولسا، زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى گوپۇنىڭ دېگىنى دەل «شۇڭقار» (بۈركۈت) ئىدى، دەپ دەلىللەيدۇ[32] هەم دىلارنىڭ بىر تۈركۈم ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ « 翟 » بىلەن ئاتىلىشى ئۇلارنىڭ تۆتېم نامى بىلەن ئاتىلىشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ[33].

دى ئەۋلادلىرىنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇشى بىلەن بىرگە تەسىرى ئىزچىل بولغان[34].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار بويىچە قارىغاندا «دى» نىڭ مەيلى «ئىت مەبۇدى» ، مەيلى «شۇڭقار مەبۇدى» مەنىسى

بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى «مەبۇد» يەنى «تەڭرى» ئۇقۇمىنى ئاڭلاتقان. يەنى «تۈرك» دەپ ئاتالغان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئەجدادى ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىق گۈللەنگەن زامانلاردا ئۆزلىرىنى مۇئەييەن توتېملىق نەرسىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - قوۋم نامىنى «تەڭرى» بىلەن بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئىپادە قىلغان.

«تۈرك» ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە يازمىلاردا «دى» دەپ ئاتالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىيانتلىرىنىڭمۇ بارلىقى توغرىسىدا ئەنۋەر بايتۇر بىلەن خەيرىنىسا سىدىقنىڭ مۇنداق بىر بايانى بار:

تۈرك — ئەسلىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى، موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلىرىدە «دى» (狄)، «بېيدى» (北狄)، «دىلى» (狄历)، «دىڭلىڭ» (丁零)، «تېلى» (铁勒)، تۇ - كيۇ (突厥) دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «تۈرك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى[35]، [36].

دېمەك، «تۈرك» ئاتالغۇسى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە «دى» دەپ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، تۈرك خانلىقى دەۋرى (552 — 744) دە «تۈرك» نامى ھەم «تەڭرى» مەنىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقىدەك رېئاللىق ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزىدا ئىپادىلەنگەن مەنە قاتلىمى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلانغان.

«دى» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىنى

www.uyghurkitap.com

خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېشىپ باققىنىمىزدا، ئۇنى شەرق مەدەنىيىتىگە خاس ئۇسۇل دەپ قارىساق، «تۇران» ئاتالغۇسى مەنىسىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە خاس ئۇسۇل بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىشىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىغا دىققىتىمىز بۇرۇلىدۇ.

«تۇران» نىڭ «تۇر» دىن كېلىپ چىققانلىقىنى يۇزەكى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئۇنداق بولسا بۇ يەردە «تۇر» (tur) نىڭ سۆز تومۇرى ۋە مەنىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

تۇر قەيەردىن كېلىپ چىققان؟ مەن بۇ ئاتالغۇنى قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ «تەڭرى» مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان «di — gir» ئاتالغۇسىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى[37] ياكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، «تۇر» ئاتالغۇسى «تەڭرى» مەنىسىنى ئۆزگە مۇجەسسەم قىلىنۋالغان بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

بابىللىقلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا يېزىق قوللىنىپ خاتىرە قالدۇرغان. مۇشۇ خاتىرىدە تەڭرىنىڭ نامى كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى ئۇ تەڭرى ئىسمىنى «𒀭» خېتى شەكلىدە ئىپادە قىلغان بولۇپ، ئۇ ««di — gir»» دەپ ئوقۇلغان ۋە مەنە جەھەتتە «Tăngri» (تەڭرى) ئوقۇمىنى ئاڭلاتقان. قەدىمكى سۇمېر، ئاككاد تىللىرىدا پۈتۈلگەن تاش پۈتۈكلەردىمۇ «تەڭرى» سۆزى «Dingir» دەپ يېزىلغان[38].

مۇشۇ «Digir» ، «Dingir» ئاتالغۇسىدىكى «di» تاۋۇشى «تۇر» (تۇران) نىڭ سۆز يىلتىزى بولۇش ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، «di — gir» ئاتالغۇسىدىكى «di» ياكى «d» تاۋۇشلىرى «ti/t» a تاۋۇشلىرىغا ئالمىشىپ تەلەپپۇز

www.uyghurkitap.com

قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئىپتىدائىي تىللار ۋە قەدىمكى تىللاردا t — d تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئايرىلىش ھادىسىسى مۇتلەق بولمىغان. بۇلاردىن d جاراڭلىق، t جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ بەزى تىللار ۋە ئۇنىڭ ئايرىم دىئالېكتلىرىدا جاراڭلىق d، ئايرىملىرىدا جاراڭسىز t تاۋۇشى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ۋېدا تىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردىكى ئارىيان تىلى) دا «tata» (دادا) دېگەن ئاتالغۇ قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر تىلى (ھازىرمۇ شۇنداق) دا «dada»، ئىنگلىز تىلىدا «dad — dada»، خەنزۇ تىلىدا 爹爹 — 大大 (dada)؛ «mata» (ئانا، ئايال كىشى) — قەدىمكى ساك — سكىتايلارنىڭ سارماتلار (Sarramata) قەبىلىسى تىلىدا «ئانا، ئايال» مەنىسىدىكى ئاتالغۇ بولغان بولسا، ئارىيان تىللىرىنىڭ ۋارىسى ھېسابلانغان ئىنگلىز تىلىدا madam — mademe، ئۇيغۇر تىلىدا «Mada» (مادا ئېشەك)؛ قەدىمكى تۈركىي تىللاردا دەريا ـ ئېقىن تىل/دىل، دەپ سىبىرىيىدىكى چوڭ دەريالارنىڭ بىرىنى مەھمۇد كاشغەرى «atil» دەپ يازغان بولسا، كېيىنچە «idil» (ۋولگا)، دەپ «türk» قەدىمكى تۇبۇت (تىبەت) تىلىدا «durgu — drugu» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان.

ئىككىنچىسى، «dingir — tigir» ياكى «ti — tigir»، «tur» غا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە. يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقاتار تىللاردا «o — a — i» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىر ـ بىرىگە ئايلىنىش ھادىسىسى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىنغۇپتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، «Sioŋun» بىر خىل ئۆسۈملۈك نامى[39]، «Saoŋun» بىر خىل ئۆسۈملۈك نامى 《Suoŋun — Saoŋun — Saoŋan》 مەنسەپ نامى.

《amrak》 (ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا)، «ئىمراق» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇرپان شېۋىسىدە)؛ «ياغاچ ـ يىغاچ» (قەدىمكى

ئۇيغۇر تىلىدا) «ياغاچ» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا) : 《Satuk— sutuk— situk》 (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى) ؛ «Pidar» (ساك تىلىنىڭ سۇلى دىئالېكتىدا بۇرادەر) ، «buradar» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دوست، ئۈلپەت) ، «Padar — Padar» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئايرىم تىل ئادىتىدە دادا، چوڭ دادا مەنىسىدە) دېگەنگە ئوخشاش مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «تۇر ـ تۇرا» ، «تۇران» ئالتاي تىللىرىنىڭ بەزى تارماقلىرىدا «ئېگىز» ، «يۈكسەك» ، «يۈكسەك ئورۇن» ، «تەڭرى دەرگاھى» ، «تەڭرى» مەنىسىدىمۇ ئىستېمال قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ سۆز يىلتىزىنىڭ «تەڭرى» مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن، ياقۇت ۋە چۇۋاش تىللىرىدا «تەڭرى» سۆزى «تۇر» ، «تۇرا» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. چۇۋاش ئەپسانىلىرىدە «يىر تۇرا»[40]، «چېچەك تۇرا»[41] ، «سۇلتى تۇرا»[42] قاتارلىق تەڭرىلەر نامى ئۇچرايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تۇر» — «ئېگىزلىك، كۆزىتىش ئورنى، ئېگىز ئورۇن» ؛ «تۇرا» — ئېگىز ئادەم، دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قۇمۇلدا «تۇر» ، «تۇرا» ئاتالغۇسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىرقەدەر كەڭرى بولۇپ، «تۇرا» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىدىغان ئورۇن ـ جاي ۋە خارابە 150 تىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئېگىزلىك» ، «كۆزىتىش ئورنى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلاتقان بولسا، بەزىلىرى كۆچمە مەنىدىكى سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئەمما، بۇ خىل كۆچمە مەنە ئاتالغۇنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا «تۇر» ، «تۇرا» — ئېگىزلىك، يۇقىرى ئورۇن، كۆزىتىش

www.uyghurkitap.com

ئورنى دېگەن مەنىدىكى سۆزگە كۆچۈپ كەتكەن، بۇ مەسىلىگە كەلسەك قەدىمكى كىشىلەرنىڭ «تەڭرى دەرگاھى» ئېگىز يەردە بولىدۇ، دەپ قارايدىغان بىر خىل قارىشىدىن كەلگەن، دېيىشكە بولىدۇ. «تەڭرى» بىلەن «تەڭرى دەرگاھى» نى ئوخشاش ئۇقۇمدا چۈشەنگەن قەدىمكى ئىنسانلار «تۇر» ، «تۇرا» نى ھەم «تەڭرى» ، ھەم «تەڭرى دەرگاھى» دەپ چۈشەندۈرگەن. «تۇراخۇن» بىلەن «تۇران ئاخۇن» نى ئوخشاش مەنىدىكى سۆز دەپ ھېسابلىغىنىمىزدا، بۇنىڭ مەنىسى «ئېگىز ئادەم» ، «بەستلىك ئادەم» ، «بويى زور ئادەم» ، «گىگانت ئادەم» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئەگەشمە تەسەۋۋۇرغا قويىمىز. قىرغىز تىلىدا «Stip Cpillata» ( 针茅 ) دېگەن بىر خىل ئۆسۈملۈكنى (تۇران) دەپ ئاتىشى ئۇنىڭ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ياقۇت تىلىدىكى «تۇران» نىڭ مەنىسى «شورلۇق يايلاق» بولىدىغانلىقى[43] ، ئۇنىڭ «تۇزلەڭلىك ـ تۆپىلىك» مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇيغۇرلار جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن بابىللىقلار ۋە سۇمېرلار ناتونۇش خەلقلەردىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى «digir — dingir» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ تۈركىي تىللارغا ئۆتۈپ ئىستېمال قىلىنىشى مۇئەييەن تارىخىي ئاساسقا ئىگە.

سۇمېر (Sumer) لار ئاسيانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تىگىر دەرياسى بىلەن ئىفرات دەرياسى ئارىلىقىدا، قەدىمكى گىرېكلار «مىسوپوتامىيە» دەپ ئاتىغان جايلاردا ياشىغان بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇن 4000 ـ يىللاردا ئۇلار يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان ۋە ئۇ يەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى دېگەن باھاغا ئىگە بولۇپ كېلىنگەن.

ئومۇمەن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

ئىنگلىزلاردىن سېر راۋلىنسون (H. G. Rawlinson) سۇمېرلار ئىسكېفلەر (SKeff) دۇر، ئۇلارنىڭ تىلى بولسا موڭغۇل ـ مانجۇ تىللىرى بىلەن يېقىنچىلىقى بولغان تۇران تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپتۇر، دېگەن. يەنە بەزىلەر ئېنىق ھالدا سۇمېرلار سام ئەمەس، بەلكى تۇران ئىرقى (Turanian Reca) غا مەنسۇپ دەپ كۆرسەتكەن[44]. بۇ قاراشلارغا يازما ھۆججەتلەر ۋە قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملار ئاساس بولغان بولسا كېرەك. بۇ قاراشنى ئاخىرقى يەكۈن دېيىشكە تېخى تارىخشۇناسلىق ئىلمى تولۇق ئاساس بىلەن تەمىن ئېتەلمىگەن.

كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ھەم قىزىقتۇرىدىغان بىر مەسىلە ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىكى ئۇچۇرلاردۇر. بۇ كېيىنچە دىنىي كىتابلاردىن ئورۇن ئېلىپ، ئادەملەرنىڭ يۈزەكى تەسەۋۋۇرلىرىنى تولىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە، ئىككى دەريا ۋادىسى (مىسوپوتامىيە)، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرخىل ئىرققا مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىدا قانداقتۇ بىر خىل ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنى ۋە قانداشلىقى بولغانمۇ، قانداق؟ دېگەن سوئالنى قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

سۇمېر ـ بابىل ئەدەبىياتىدىكى «دۇنياۋى توپان بالاسى» ھەققىدىكى ئەپسانە دەل يۇقىرىقى كۆز قاراشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىر ئاساس بولۇپ سانىلىدۇ.

بۇ ئەپسانىدە بايان قىلىنىشىچە، خۇدا «توپان بالاسى» ئارقىلىق ئىنسانلارنى ۋە ھەممە جانلىقلارنى ھالاك قىلىشنى قارار قىلىپتۇ. پەقەتلا مۆتىۋەللى پادىشاھ سىسۇدرا تەڭرىگە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلغاچقا، تەڭرى ئۇنىڭ چۈشى ئارقىلىق بېشارەت بېرىپتۇ. ئۇ ئىشتىن ئاۋۋال چوڭ بىر كېمە ياساپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاناتلىق ۋە تۆت پۇتلۇق جانىۋارلارنى ئېلىپ كېمىگە چىقىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن

دۇنيانى سۇ بېسىپ كەتكەن توپان بالاسىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بۇ ئەپسانە كېيىنكى ھېبرېيلارنىڭ «تەۋرات»تىكى توپان بالاسى ۋە نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسى ھەققىدىكى ئەپسانىنىڭ ئاساسى نۇقتىسى ئىدى. بۇلار «تەۋرات» تىن «ئىنجىل»غا، ئۇنىڭدىن «قۇرئان» غا ئۆتكەن، شۇنداقلا ئىران ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

توپان بالاسى ۋە نوھ ئەلەيھىسسالام ئەپسانىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىغا بولغان تەسىرىدە «قۇرئان» جۈملىدىن ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى ئارقىلىق يەنە بىر خىل بىۋاستە تارقالغان ۋارىيانتى بارلىقىنى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «تۈرك — تەڭرى يارلىقىغۇچى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى. بۇ نوھنىڭ ئوغلى تۈرككە تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم. ئۇنىڭ ئەۋلادىمۇ ‹تۈرك› دەپ ئاتىلىدۇ. . . ‹تۈرك› سۆزى نوھ ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە بىرلا كىشىنى بىلدۈرىدۇ. نوھ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە ‹ئادەمزات› سۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار توپىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھەم كۆپلۈك، ھەم بىرلىك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ دەيدۇ[45].

موللا موسا سايرامى نوھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ياپەس ئىكەنلىكى، ئۇ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلەردىكى ئىدىل (ۋولگا)، ئېرتىش دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئوغلى تۈرك ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ[46].

ناسىرىدىن رابغۇزى (XIII — XIV ئەسىرلەر) نوھنىڭ ئوغلى ياپەسكە ئەنجان، سەمەرقەنت، ئۈرگەنچ، قىرغىز، قازاق . . . موڭغۇل زېمىنلىرىدىن خىتايغىچە بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ («قىسەسسۇل - ئەنبىيا» غا قاراڭ).

ئىرانلىق تارىخچى راشىددىن فەزلۇللاخ خاتىرىسىدە، نوھ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى شىمال ۋە شەرقىي شىمالغا ئەۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى ئوغۇزخان ئىكەنلىكى، تۈركلەر ئۇنى ئەجداد دەپ ھۆرمەتلەيدىغانلىقى، ئوغۇزنىڭ ئالتە ئوغلى بار بولۇپ، چوڭىغا كۈن دەپ ئىسىم قويغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت بار[47].

«ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى كۈن ئىدى[48]. «تارىخى ھەمىدىي» دىمۇ شۇنداق دېيىلگەن[49].

يۇقىرىقى نوھ — ياپەس — تۈرك — ئوغۇزخان — كۈن قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى نوقۇل ھالدا «قۇرئان» ۋە ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يەھۇدىلار، ئەرەبلەر، ئىرانلىقلار، ھىندىلار ۋە جۇڭگودا خەنزۇلارنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدا ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر مۇقەددىمە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قىممىتىنى ئوبدان ساقلاۋاتىدۇ[50]. ئەمما، ئۇيغۇرلاردا بولسا، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى نەزەرگە ئېلىنمايدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان خاھىش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ قېلىۋاتقان شارائىتتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ئىلمىدە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنغان چاغدا، ئاندىن سۇمېرلار بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سۇبھى نۇرى پالىلدايدۇ.

بەشىنچى، بابىل يېزىقىدىكى «» (di — gir) خەت شەكلىنىڭ خەنزۇچە چىغىناق ـ تارغاق پۈتۈك (甲骨文) تە يېزىلغان «» دېگەن خەت شەكلىگە ئوخشىشىدىغانلىقى ھەم

خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ چىغىناق ـ تارغاق پۈتۈكتىكى بۇ خەتنىڭ بابىل يېزىقىدىكى خەتنىڭ تەسىرىدە ئىجاد قىلىنغان دەپ قارىشىدىن، تۈركىي تىللاردىكى «تۇر» نىڭ بابىل يېزىقىدىكى «di — g ir» دىن كەلگەن دېيىشكە ۋاستىلىك ماتېرىيال بولىدۇ.

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «帝» (ئوقۇلۇشى di) چىغىناق ـ تارغاق پۈتۈكتە «» شەكلىدە پۈتۈلگەن[51]. ئۇ خۇددى دۆۋىلەپ قويغان ئوتۇنغا ئوخشايتتى. قەدىمكى چاغلاردا ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت يېقىشتىكى مەقسەت ئاساسەن تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتۇر. ئوتۇن كۆيگەن ۋاقىتتا ئوت ئۇچقۇنلىرى يالىلداپ ئاسمان ئىلاھىنىڭ سىھرىي كۈچى نامايان بولىدۇ. شۇڭا، خەنزۇچە «帝» خېتىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئاسمان ئىلاھى» (天神) بولىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، خەنزۇ تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن «di» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى گومورو ئەپەندى قەدىمكى بابىل يېزىقىدىكى «» خېتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان[52]. بۇنىڭغا بىرىنچى، ئۇلاردا شەكىل جەھەتتىمۇ ئوخشاشلىق بار؛ ئىككىنچى، تەلەپپۇز جەھەتتىمۇ ئوخشاشلىق بار؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھەم ئاسمان ئىلاھى، ھەم كىشىلەر خانى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى دېگەنلەرنى پاكىت قىلىشقا بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ چىغىناق ـ تارغاق (جىياگۇ) يېزىقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىللار ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن. ئەمما، بابىللىقلارنىڭ تەسۋىرى يېزىقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا بارلىققا كەلگەن، خەنزۇچە «رەمنامە» (卜辞)[53] دىكى 12 مۆچەلنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت بايانلار ۋە ئاندىرسون (安得生) نىڭ رەڭلىك ساپاللار توغرىسىدىكى ھۆكمى[54] بويىچە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،



uyghurkitap.com

بابىل بىلەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىنىڭ روشەن ئالاقىسى بولغان.

مەسىلەن، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى « 狄 » (di) سۆزى ئەسلىي ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى بىر سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى يەنىلا «تەڭرى» دېگەنلىك. يەنى بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى « 帝 » سۆزى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان رۇڭدى ( 戎狄 ) لار جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەنىكەن[55].

گومورو ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا خۇاڭدى( 黄帝 ) ئەسلى شىمالدىكى (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالى — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) رۇڭ، دىلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، ئۇ چىلۇڭ ( 蚩尤 )[56]، يەندى ( 炎帝 )[57] لەرنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى (بۇيەردە خەنزۇلار كۆزدە تۇتۇلغان — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) نىڭ بوۋىسى دېگەن ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ قالغان[58].

گۇ جىگاڭنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندىمۇ خۇاڭدى توغرىسىدىكى ئەپسانە ئەڭ بۇرۇن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا مەيدانغا كەلگەن[59].

ليۇ يىجېڭ ( 柳诒徵 ) ئەپەندى چېن خەنجاڭ( 陈汉章 ) نىڭ «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ «ھازىرقى ئومۇمىي قاراش بويىچە جۇڭگودىكى مىللەتلەر سىرىق ئىرق ھېسابلىنىپ، خۇاڭدىنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىلىدۇ. بىراق، خۇاڭدى ئەمەلىيەتتە غەربىي شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن[60] دەيدۇ.

گومورو جۇڭگونىڭ «قەدىمكى جەمئىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە بابىلوننىڭ 12 مۆچىلىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلىگەندە: «ئومۇمەن يىن قوۋملىرىنىڭ ئەجدادى شىنجاڭ ئەتراپىدىن كېلىپ

چىققان، يىن ـ شاڭ (قوۋملىرى) نىڭ ئەجدادى تەدرىجىي شەرققە يۆتكەلگەن. يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىيەت كارىدورى ئەلۋەتتە شەرقتىكى مۇشۇ يەرگىچە كەلگەن (شاڭخەي كىتابخانىسى، «مىنگو مەجمۇئەسى» 1 ـ قىسىم 76 ـ جىلد، 93 ـ بەت) ، دەپ يازغان. كۆپچىلىك كىشىلەر گومورو ئاقساقالنىڭ بۇ كۆز قارىشى ج. گ. ئاندىرسوننىڭ جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى شىنجاڭدىن باشلانغان بولۇپ، تەدرىجىي يۆتكەلگەن دېگەن قارىشىغا ئاساسلانغان، دەپ قارايدۇ.

پىكرىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرساق، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى قۇدرەتلىك قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردىن شاڭ سۇلالىسى( 商朝 ) نىڭ ئەجدادى دىلاردىن ئىدى، دېگەن قاراشمۇ بار. لۇي چۇنپىڭ( 卢春萍 ) ئەپەندى «ۋۇشى( 五石 ) مەدەنىيىتىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسىگە نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەجداد بوۋىسى دى ( 狄 ) دەپ ئاتىلاتتى، دىلار غەربىي يۇرتتىكى كۆچمەن قوۋم، شاڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ قېنىدا دىلارنىڭ قېنى بولۇشى كېرەك، دەيدۇ[61] .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان روڭدىلار مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى خەلق بولۇپ، هازىرقى شىمال، غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەجدادىنىڭ بىر تارمىقى هېسابلىنىدۇ. «جۇڭگونىڭ بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەتلەر» تومىنىڭ «ئۇيغۇرلار» ماددىسىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قەدىمكى دىلار ئىدى[62]» ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يەنى خەنزۇچە هۆججەتلەردە ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دى ( 狄 ) دەپ يازغان. ئۇلار شىمالىي دى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ شاڭ خانلىقى، شيا خانلىقى، هەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇن تارىخ سەهنىسىگە چىقىپ؛ شيا، شاڭ، جۇ قوۋملىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ شانلىق، پارلاق، قەدىمكى مەدەنىيىتىنى يارىتىش ئەمەلىيىتىگە قاتناشقان.

## 2. خاسيەتلىك سان «توققۇز» دا ئىپادىلەنگەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسى

خاسيەتلىك ۋە سىرلىق سان «توققۇز» نىڭ سېھرىي ۋە مۇقەددەس مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىگە ئۇزاق ئەسىرلەر بولغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ يىلتىزىنى چىگىتىشتا بىر خىل خاسيەتلىك ساننىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار يېتەرلىك بولۇپ، بىزنىڭ ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەڭ قەدىمكى ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دى (狄) لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، دىلار «توققۇز دىلار» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىپ[63]، ئۆز نامىنى بۈيۈك ۋە ئومۇمىي مەزمۇنغا ئىگە قىلغان ھەم ئۇيۇشقاقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولى قىلغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان دىلار مەركىزىي جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالى، غەربىي شىمالىدا ياشىغان بىر قوۋم بولۇپ، «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەتلەر» تومىدا مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «دىلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان بىر قوۋم. يەنە بىر نامى 翟 (دى - زەي دەپ ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ - ئا)، بىر خىل قاراش

بويىچە دىلار يىن دەۋرى (يەنى شاڭ سۇلالىسى، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىللىرى ئارىلىقىدىكى دەۋر) دە گۇيفاڭ (鬼方)، جوۋ سۇلالىسى دەۋرى (بۇ يەردە غەربىي جوۋ سۇلالىسىنى كۆزدە تۇتۇۋاتسا كېرەك، بۇ دەۋر تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 771 ـ يىللىرى ئارىلىقى) دا شيەنيۈن (猃狁) دەپ ئاتالاتتى. چۇنچيۇ ـ جەنگو دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 770 — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىللار) دە 翟 (دىلار) ياكى 狄 (دىلار) دەپ ئاتالدى. چىن، خەن سۇلالىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 220 ـ يىللار) دەۋرىدىن كېيىن دىلار ئۈچ چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇلار ئۆزئۆزىن دىلار (长狄)، قىزىل دىلار (赤狄) ۋە ئاق دىلار (白狄) دىن ئىبارەت[64].» يەنە شۇ كىتابنىڭ 179 ـ بېتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەجدادىنى دېڭلىڭلارغىچە (خەن، ۋېي سۇلالىرى دەۋرىدىكى) ياكى دىلارغىچە (چۇنچيۇ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى) ئىزدەشكە بولىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ پاكىتلاردىن بىرى، خاسىيەتلىك سان «توققۇز» نىڭ دىلار چۈشەنچىسىدىمۇ بار ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى، دىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا دىلارنىڭ تارىخى قاچاندىن باشلىنىدۇ، «توققۇز» سانى ئۇلارغا قاچاندىن باشلاپ ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، مۇتەپەككۇر موزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 468 ـ يىلىدىن 367 ـ يىلىغىچە ياشىغان) «موزى» (墨子) ناملىق كىتابىدا ئاقساقال «ياۋ سەككىز دىلارغا نەسىھەت قىلغان» (尧教八狄) دەپ يازغان. بۇ باياناردىن دىلارنىڭ سىياسىي سەھنىگە چىقىش تارىخىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاقساقال ياۋ توغرىسىدا

خەنزۇچە «ئوكيانوس» ( 辞海 ) تا «رىۋايەتلەردىكى ئاتلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ داھىيسى» دېيىلگەن[65]. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ياۋ دىكۇ ( 帝喾 ) نىڭ ئوغلى بولۇپ خۇاڭدىدىن بەش ئەۋلاد كېيىن تۇرىدىكەن[66]. دېمەك، ياۋ رىۋايەتلەر دەۋرى يەنى ئاتلىق قەبىلىچىلىك دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ كونكرېتراق يىلنامىسى «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەتلەر» تومى 593 ـ بەتتە تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللاردىن 2100 ـ يىللار ئارىلىقى، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇلار دىلار تارىخىنىڭ ئاقساقال ياۋ بىلەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمما، موزىنىڭ كىتابىدا «سەككىز دى» دېيىلگەن، بۇ «خاسىيەتلىك توققۇز» سانىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، ياكى، موزى بىر دىنى كەم ئېيتقان ياكى ئاقساقال ياۋ قولىقى يۇمشاق دى قەبىلىسىدىن بىرىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، بويۇنتاۋلىق قىلغان سەككىز دى قەبىلىسىگە نەسىھەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن، نېمىلا بولمىسۇن، بىز ئەسلى ئىسمى دى ( 翟 ) بولغان[67] مۇتەپەككۇر موزىنىڭ كىتابىدىن بىرى، دىلار تارىخىنى، يەنە بىرى، ئۇلاردا قەدىمكى زاماندىلا سان ئۇقۇمىنىڭ قوۋم گەۋدىسىنىڭ ئۇيۇللۇقىنى ئىپادىلەشكە قوللىنىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

«خاسىيەتلىك توققۇز» نىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇشى بىلەن بىرگە، قوللىنىلىش جەريانىدا ئىزچىللىقى بولغان. ئۇ نوقۇل سان ئۇقۇمىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ـ ئېتىكىلىق چۈشەنچە، مەدەنىيەت ـ فولكلورلۇق قىممەت ياراتقان. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەنگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، «توققۇز» تولۇق، مۇكەممەل، پۈتۈن،

ئورتاق، ئۆيۈلتاشتەك مۇستەھكەم، ئىتتىپاق، ئىناق قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ئەجدادلىرى، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، بۇ ئىتتىپاققا قاتناشقان ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ، كېيىنكى زاماندىكى بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە — ھەر خىل نىسبەتتە قاتناشقان قانداش ۋە غەيرىي قانداش قەبىلە ـ قوۋملار ۋە ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بولغان قوۋملار «توققۇز» سانى بىلەن ئېنىقلىنىپ ئاتىلىشنى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئاتاش ئادىتى قىلغان. بۇ خىل نام ئاستىدىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى، بىر پۈتۈن نام ئاستىغا ئۆيۈلتاشتەك ئۇيۇشقانلىقىنى، ئۆزئارا ئىناق بولۇپ، ئورتاق غايە ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىپادە قىلغان. «توققۇز» سانى بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلگەن قەبىلە بىرلەشمىسى ۋە قەبىلەناملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «توققۇز مولار» ( 九貉 ) بۇ يەردىكى « 貉 » (مو) « 貊 » (مو) شەكلىدىمۇ يېزىلغان. جاۋ ( 赵 ) «مېڭزى» ناملىق كىتابىدا ئىزاھلاپ «مولار شىمالدا ياشايدۇ، ئۇ يەر بەك سوغۇق، زىرائەتلەر ئۆسمەيدۇ» دېگەن. جېڭ سىنوڭ ( 郑司农 ) «شىمالدا مو دىلار بار» ( 北方貉狄 ) دەپ يازغان[68]. دېمەك، توققۇز مولار بىلەن دىلار قەدىمكى زاماندا ياكى (توققۇز دىلار) ئىتتىپاقداش قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپقان.

2. «توققۇز گۇيفاڭلار» ( 九姓鬼方 ). شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۇيفاڭلار توققۇز ئۇرۇق (قەبىلە) دىن تەركىب تاپقان ھەم «گۇيفاڭ توققۇز ئۇرۇقلىرى» ( 鬼方九族 ) ، دەپ ئاتالغان[69]. «زو چيۇمىڭ تەپسىرى» دە جاۋگۇڭنىڭ 14 ـ يىلىدا شاڭ سۇلالىسى گۇرچىن ( 鬼亲 ، گۇيفاڭلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ئا) لارغا «تارتۇق ۋە ئىنئام بېرىپ، ئۇلار بىلەن



www.uyghurkitap.com

بىرلەشتى» ، دېيىلگەن. تارىخشۇناس دۇيۇ «چىن ( 亲 ) ، توققۇز ئۇرۇق دېمەكتۇر» دەپ ئىزاھلىغان بولسا، زامانىمىزدىكى تارىخشۇناس دۈەن لىيەنچىن «گۇيچىن دېگەنلەر گۇيفاڭلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى (ئۇرۇقى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» ، دەيدۇ[70] . بۇ يەردە ئەسكەرتىدىغان مۇنداق بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، «گۇيفاڭ» نامىدىكى «گۇي» (Guy) بىلەن «ئۇيغۇر» نامىدىكى «غۇر - گۇر» (Gur—Hgur) نىڭ باغلىنىدىغانلىق مەسىلىسى. تارىخچى ۋېن يىن ئەپەندى «گۇيفاڭ» دىكى «گۇي» ، «ۋۇكۇ» ( 俄渠 ) دەپ ئوقۇلىدىغانلىقى، ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرغاندا «Ogur» بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان[71] . «Ogur» (ئوگۇز - ئوغۇز) «Uyghur» (ئۇيغۇر) غا تەڭ ئىدى[72] .

3. «توققۇز شيەنيۈنلەر» ( 九个猃狁 ) . «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەتلەر» تومى 478 - بېتىدە «شيەنيۈنلەر جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەت . . . چۇنچيۇ دەۋرىدە روڭدى ( 戎狄 ) لار دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ كۆپچىلىك شەنيۈنلەر ھونلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ كەتكەن» ، دېيىلگەن. مانا مۇشۇ شيەنيۈنلەر «توققۇز شيەنيۈن» دەپمۇ ئاتالغان. تارىخچى ياڭ جيەنشىن ( 杨建新 ) ئەپەندىنىڭ مۇنۇ بايانى بۇنىڭغا پاكىت بولىدۇ. «ۋاڭ گوۋېي ( 王国维 ) ، ‹نەزمىنامە› ( 诗经 ) ۋە مېتال پۈتۈك ( 金文 ) لەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز شيەنيۈنلەرنىڭ پائالىيەت رايونى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىدىن باشقىسى جوۋ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا ياشىغان . . . » دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن[73] . ئۇنداق بولسا شيەنيۈنلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىرەر ئالاقىسى بارمۇ؟ يۇقىرىدا ئۇلارنىڭ ھونلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. مىلادىيىدىن

www.uyghurkitap.com

بۇرۇنقى Ⅲ - Ⅱ ئەسىرلەردە كۆچكە تولغان هونلارنىڭ مىلادىيە I ، Ⅱ ئەسىرلەردىن باشلاپ پارچىلىنىپ كەتكەن بىر قىسىم قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارماق ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەنبە بولغان. بۇنى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» (旧唐书. 回纥传) ، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە (新唐书. 回纥传) قاتارلىق تارىخنامىلەردىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى هونلاردۇر» دېگەن پاكىتلىق بايانلار ۋە مىلادىيە Ⅶ - Ⅸ ئەسىرلەردە موڭغۇل دالىسىدا پائالىيەت قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە هونلارغا مەنسۇپ «بايىرقۇ» (拔也稽)، «هون» (浑 ، ياكى قۇن) دېگەن ئىككى قەبىلىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىدەك پاكىت ئارقىلىق چۈشىنىمىز.

4. توققۇز دىلار (九狄). بۇلارنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ بۇلار توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم تولۇقلىما بايان بېرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. «زو چيۇمىڭ تەزكىرىسى» (左传) دە دىلارنىڭ قىزىل دىلار قەبىلىسى ئالتە، ئاق دىلار قەبىلىسى ئۈچ قەبىلىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپقانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ چاغدا ئۇزۇن دىلار باشقا يەردە ياشىغان بولسا كېرەك.

5. «توققۇز تۈرك» (九姓突厥) قەدىمكى تۈركلەر، يەنى كۆكتۈركلەرنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى. «كونا تاڭنامە. جاڭ شياۋجوڭ (张孝忠) تەزكىرىسى» دە «توققۇز تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغان. تۈركلەر مىلادىيە 552 - 744 - يىللىرى خانلىق تىكلەپ ئۆزىنى تۈركلەر دەپ ئاتاپ، كۆچەيگەن بىر مىللەت. 744 - يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇلاردىن هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، يادرو قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، بىر قىسىم قەبىلىلەر جەنۇبقا يۆتكىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغان، يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەر غەربكە

كېتىپ قالغان. ئاساسلىق قەبىلىلىرى ئۇيغۇر نامى ئاستىدا ياشاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئاتاقلىق تارىخشۇناس لىن گەن (林干) ئەپەندىنىڭ قەدىمكى «تۈركلەر بىلەن (قەدىمكى) ئۇيغۇرلار ئوخشاش قوۋم[74]» دېگىنى، پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىنىش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججىتى، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «كۆلچۇر مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار تىل جەھەتتە ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە مەڭگۈ تاشلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق، دەپ تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە تارىخىي ۋە ئىلمىي يوسۇندا جاۋاب بېرىپ[75] ئۆتكەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

«توققۇز تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ يالغۇز خەنزۇچە ھۆججەتلەردىلا تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. باشقا ھۆججەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، پارىژ شەھىرىدىكى فرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر «P. 1283» نومۇرلۇق بىر پارچە تىبەتچە ھۆججەت ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ 1908 ـ يىلى پېللىئوت (P. Pelliot) تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن. شۇ ھۆججەتتە، ئەسلىي «خور (Hor) خانى» دەپ ئاتالغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ شىمالدىكى ئەللەرنى چارلاپ تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن بەش كىشىنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە چارلىغۇچىلارنىڭ خانغا بەرگەن مەلۇماتلىرى خاتىرىلەنگەن. ھۆججەت ئەسلىي مىلادىيە VIII ـ IX ئەسىرلەردە يېزىلغان دەپ قارالغان بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا تىبەتچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ھۆججەت «توققۇز درۇگۇ (Toquz drugu) دەپ ئاتىلىدىغان ۋۇيىكار تۇتۇق (Wuyikar tutuq)» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. ئالىملار بۇ جۈملىدىكى «توققۇز درۇگۇ»نى «توققۇز تۈرك»، «ۋۇيىكار تۇتۇق»نى «ئۇيغۇر تۇتۇق» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ

www.uyghurkitap.com

ھېسابلاشتى[76].

6. «توققۇز تېلى» (九姓铁勒)، «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» تېلىلار ماددىسىدا مىلادىيە 646 ـ يىلىدىكى ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەن چاغدا «توققۇز تېلىلار» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن يەنە «توققۇز قەبىلە» (九姓، ياكى توققۇز ئۇرۇق)، «توققۇز قەبىلىلىك تېلىلار» (九姓铁勒) دېگەن نامىلارمۇ ئىشلىتىلگەن. «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» دا «توققۇز تېلىلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇلىيە دالىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر، بۆگۈ (بارغۇت)، تۇڭرا، ھون (قۇن)، ئىزگىل، بايىرقۇ، چىبنى (چابىش)، ئابۇس، كۆرۈنۈۋگۇس قاتارلىق كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلار تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى بولغاچقا ھەر بىرىنىڭ بىردىن ئىسمى بولغان، شۇڭا توققۇز تېلى دەپ ئاتالغان»، دېيىلگەن[77].

7. «توققۇز ئوغۇزلار» (九姓乌古斯). «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» توققۇز ئوغۇزلارغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن. «توققۇز ئوغۇز غەرب تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىشى، ئۇنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى Toguz Uguz، ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى توققۇز ئۇيغۇر (Togur Ughur) نىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئۆزگىرىش ئىدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىيە 420 ـ 581 ـ يىللار ـ ئا) دىن كېيىنكى مەزگىللەردە، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن توققۇز ئۇيغۇرلار بىرلەشتى، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئۇيغۇر دەپ ئاتالدى. موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا كۆچلەندى، كېيىنچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەر تارىخىدا مۇھىم رول

ئوينىــدى»[78]. بۇ بايانلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى ئىكەنلىكى روشەن بولدى. بەزى ئالىملار «توققۇز ئوغۇز» بىلەن «توققۇز تىلى» بىر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە دەسلەپتە «توققۇز تىلى» دېگەن نام ئۇچرايدۇ، بۇ تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «Toguz Oguz» دېگەن ئىسىــمغا باراۋەر، دەپ قارايدۇ[79]. تۈرك، ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىدا «توققۇز ئوغۇز» نامى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «توققۇز ئوغۇز خەلقى ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ» («تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى»، غەرب تەرەپ 9 ـ قۇر). «توققۇز ئوغۇز بەگلىرى، خەلقلىرى، سىلەر بۇ سۆزلىرىمــنى ياخشى ئىشتىڭــلار»، «كۆلتېــگىن مەڭــگۈ تېشــى»، جەنۇب تەرەپ 2 ـ قۇر). «توققۇز ئوغۇزلار»، «توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى كەلدى.» («بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرقى يۈزى 1 ـ قۇر، 14 ـ قۇر). «توققۇز ئوغۇز خەلقى ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ ...» (بايانچور مەڭگۈ تېشى»).

دېمەك، مەڭگۈ تاشلاردىكــــى «توققۇز ئوغۇز» ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

8. «توققۇز ئۇيغۇر» (九姓回纥). بۇ «تــوققــۇز ئوغۇز» بىلەن بىر ئاتالغۇ. ئالىملار ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ، «Oguz» بىلەن «Uygur» سۆزىنىڭ بىر ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. يەنى بۇلار بىر تىلنىڭ ئوخشىــــمىـــــغان دىئالېكتىدا پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى بىــــلگەن. قەدىمكى تۈركىي تىللاردا «r» تاۋۇشى بىلەن «z» تاۋۇشىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت بولغان.[80] باسكاكاۋنىڭ پىكرىچە، «ئوغۇز» — قەدىمدە «r» دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىدا «ئوغۇر» ياكى «ئۇيغۇر» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولسا، «z» دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىدا «ئوغۇز» ياكى «غۇز» شەكلىنى ئالغان. تۈركشۇناس ۋ. تومسېن (W. TOMSEN)

www.uyghurkitap.com

ئوغۇز — هازىرقى روسىيىنىڭ شەرقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ‹r› تاۋۇشى ‹z› بىلەن ئالمىشىدۇ. مەسىلەن، «ئون ئۇيغۇر — ئون ئوغۇز» دەيدۇ[81]. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسى» (回纥外九部) ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسى» (回纥内九姓) دېگەن ئاتالغۇلار بولۇپ، بۇ ئاتالغۇلار ۋاستە ئارقىلىق خەنزۇچە تارىخنامىلەرنى يازغۇچىلارغا يەتكۈزۈلگەن. «توققۇز ئوغۇز» نامى IX – XII ئەسىرلەرگىچە ئىشلىتىلگەن. ئەرەب، پارس تارىخىي ھۆججەتلىرىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئەمما، ئۇيغۇر ئالىملىرى، مەسىلەن، سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ ۋە مەھمۇد كاشغەرى «توققۇز ئوغۇز» نامىنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» نامىنى ئىشلەتكەن. بۇ ھال بىر تەرەپتىن، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە «توققۇز ئوغۇز» (ياكى توققۇز ئۇيغۇر) نامىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى بىلدۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، توققۇز ئوغۇز – توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەرنىڭ شاللىنىپ ھەم يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈپ «ئۇيغۇر» نامى ئاستىغا ئۇيۇشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋاھالەنكى، مەھمۇد كاشغەرى دىنى ئېتىقاد ۋە خانلىق تەۋەلىكىگە قاراپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى قەبىلىلەرنى ئۇيغۇر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەبىلىلەرنى «تۈرك» دەپ ئايرىپ ئاتىغان. ئەمما، باشقا ماتېرىياللاردا بۇلار بىرلا خەلق دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

9. «توققۇز بايىرقۇ» (九姓拔野固). بۇ قەبىلە كۆپ ھاللاردا بايىرقۇ (Bayirgu) دەپلا ئاتالغان. ئەسلىي ھون قەبىلىسى بولۇپ، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «拔也稽» دەپ يېزىلغان. كېيىنچە تىبلى يەنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى

بولغان. كونا، يېڭى «تاڭنامە» ۋە «تاڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر (唐会要) نىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە «تاشقى توققۇز قەبىلە» ياكى «توققۇز تېلىلار» (توققۇز ئۇيغۇرلار) نىڭ بىرى سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن. ئەمدى «قانۇنلار قامۇسى» 198 ـ جىلد. چېگرا مۇداپىئەسى. تۈركلەر» («通典» 卷一九八・边防・突厥)، «كونا تاڭنامە» 8 ـ جىلد. «شۈەنزوڭ ھەققىدە خاتىرە» 1 ـ قىسىم («旧唐书» 卷八 «玄宗纪» 上) ۋە 194 ـ جىلد، «تۈركلەر تەزكىرىسى»، «كىتابلار جەۋھىرى»، 973 ـ جىلد، «قارام تائىپىلەر. دۆلەتكە ياردەملىشىپ، جازا يۈرۈشى قىلىش» («册府元龟» 卷九七三، «外臣部・助国讨伐») قاتارلىق كىتابلاردا «توققۇز بايىرقۇ» نامى تىلغا ئېلىنغان.

10. «توققۇز ئىزگىل» (九姓思结)، توققۇز تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. ئادەتتە «izgil» (思结,斯结) دەپ ئاتالغان. «كىتابلار جەۋھىرى»، 170 ـ جىلد »خانلىق جەمەتى. يىراقتىن كەلگەنلەر» («册府元龟» 卷一七0 «帝王部・来远») ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» («资治通鉴» 卷二一一) قاتارلىقلاردا «توققۇز ئىزگىل» نامى تىلغا ئېلىنغان.

11. «توققۇز توڭرا» (九姓同罗) تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار «توڭرا» (Tongra) نامى بىلەن دەسلەپتە تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا «توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان. «كىتابلار جەۋھىرى»، 974 ـ، 971 ـ جىلدلەردە، «كونا تاڭنامە» 97 ـ جىلددا «توققۇز توڭرا» نامى تىلغا ئېلىنغان.

12. «توققۇز باسمىل» (九姓拔悉密). تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. دەسلەپتە موڭغۇل دالىسىدىكى خاڭگاي تېغىنىڭ شەرقىدە چارۋىچىلىق قىلغان. كېيىن شەرقى تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان. مىلادىيە 742 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر،

قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسىگە ئايلانغان. باسمىل (Basmil) نامى بىلەن ئاتالغان بۇ قەبىلە «كونا تاڭنامە» 9 ـ جىلد، «ئومۇمىي تاڭ پۈتۈكلىرى» (全唐文) ، 311 ـ جىلدلەردە «توققۇز باسمىل» نامىدا خاتىرىلەنگەن.

13. «توققۇز ئادىز» (九姓阿跌) ، تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. «تارىخىي خاتىرىلەر» (史记) ، «خەننامە» (汉书) لەردە تىلغا ئېلىنغان «ئۇگۇر» (呼揭) لارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراش بار. دەسلەپتە موڭغۇل دالىسىدا چارۋىچىلىق قىلغان. كېيىن تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋە مىلادىيە 795 ـ يىلىدىن باشلاپ 821 ـ يىلىغىچە ياغلاقارلار قەبىلىسىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خان جەمەتى قەبىلىسىگە ئايلانغان. بۇ قەبىلە «Atiz — Adiz» دەپ ئاتالغاندىن باشقا «يۈەنخې يىللىرىدىكى ئىسىم فامىلىلەر توپلىمى» (元和姓纂) ۋە «ئومۇمىي تەزكىرە» (通志) قاتارلىق كىتابلاردا «توققۇز ئادىز» نامىدا تىلغا ئېلىنغان.

14. «توققۇز بوگۇ» (九姓卜古) ياكى «توققۇز بارغۇت». توققۇز تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ قەبىلە «ئومۇمىي تەزكىرە» (通志) نىڭ 29 ـ جىلد «ئۇرۇقداشلىق تەزكىرىسى» (氏族志) دە «توققۇز بوگۇ» نامىدا خاتىرىلەنگەندىن باشقا، ئاساسەن «بوگۇ» نامىدا تىلغا ئېلىندۇ.

15. «توققۇز قىرغىز (خاككاس)» لار (九姓坚昆) . ھازىرقى قىرغىزلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى. ئۇلار «Kirgiz» دەپلا ئاتالغان. ئەمما، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ھەر دەۋردە ھەر خىل خەت بىلەن يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ تارىخنامىلەردىن «تاڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

« تۇقۇز ( 唐要要 ) ، «كىتابلار جەۋھىرى» قاتارلىقلاردا «توققۇز قىرغىز» نامىدا خاتىرىلەنگەن. ئېھتىمال، بۇ چاغدا قىرغىزلار ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغاچقا، توققۇز تېلى يەنى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) لارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆز نامىنىڭ ئالدىغا «توققۇز» سانىنى قوشۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

16. «توققـۇز تاتار». بۇ نام «بىلـگە خاقان مەڭگـۈ تېشـى» ، «بايانچۇر خاقان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلاردا تىلغا ئېلىنغان. تاتارلار ئۆز زامانىسىدا تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بولغاچقا، توققۇز تېلى قەبىلىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر مەزگىل «توققۇز تاتار» نامىدا ئاتالغان بولۇشى كېرەك. كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇلار «تاتار» نامى بىلەنلا ئاتالغان.

17. «توققۇز جاۋۇپ غوزلىرى» ( 昭武九姓胡人 ) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كانگىيە (سەمەرقەنت) دىكى ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ يەردە توققۇز ئايماق بولغانلىقى ئۇچۇن ۋە ياۋچىلار (توخارلار) مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅱ ئەسىردە گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيېدىكى چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى جاۋۋۇ ( 昭武 ) ناھىيىسىدىن كۆچۈپ بارغان ۋە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىلىـــپ، شۇنداق ئاتالغان. ئەمەلىـــيەتتە بۇ يەردە ياشىغۇچىلارنىڭ غوللۇق تەركىبلىرى دېڭىلىڭلارنىڭ ئەۋلادى[82] بولۇپ، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە تېلىلارنىڭ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆكتۈركلەر ۋە غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەنە بىر قاتلام تەسىرىگە ئۇچرىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزىي جۇڭگو رايونى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان توققۇز جاۋۇپ غوزلىرى دائىم ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» ( 回鹘 ) دەپ ئاتىشـىپ سودا قىلىشقان[83]. بۇ ھال قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادلىــرى بولغان توققۇز جاۋۇپلارنىڭ موڭغۇل دالىسىنى مەركىزىي ئۆلكە

قىلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن «ئۇيغۇر» نامىنىڭ شۆھرەت تېپىشى ئارقىسىدا ئۆز نامىنى شۇنىڭ بىلەن بىرلەشتۇرگەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر بار. نىمىلا دېگەن بىلەن، سەمەرقەند ئاھالىسىنىڭ «توققۇز» سانى بىلەن ئاتىلىشى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر نەزەرىدىكى خاسىيەتلىك سان «توققۇز» نىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىدۇ.

18. «توققۇز ياۋچىلار» ياكى ياۋچى توققۇز قەبىلىسى ( 九姓月氏 ). ياۋچىلار توخارلارنىڭ بىر قەبىلىسى[84]. توخارلار ئاق تەنلىك، ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە خەلق بولۇپ، بىر خىل قاراشتىكىلەر ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا بابىلونىنىڭ قوشنا رايونلىرىدىن خېشى، كۇسەن ۋە قارا شەھەر (ئاگنى) رايونلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. كۇسەن، قارا شەھەر، جۈملىدىن تارىم بوستانلىقىدىكى توخارلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت تەركىبىنى تولۇقلاپ[85]، [86]، مىلادىيە VII ـ VIII ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغان. خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ياۋچى ـ يۆشى ( 月氏 ) دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ خەلق، ياۋچى توققۇز قەبىلىسى نامىدىمۇ خاتىرىلەنگەن ئەھۋال بولغان.

19. «توققۇز شىرۋىلار» ( 九部室韦 ). شىرۋىلار مەركىزى جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى بىر قوۋم. مىلادىيە V ـ X ئەسىرلەردە موڭغۇل دالىسى ۋە خلۇڭجياڭ دائىرىسىدە پائالىيەت قىلغان. VII ئەسىرلەردە «تاتار» ( 达怛 ) دەپ ئاتالغان. شىرۋى ـ تاتارلار شەرقىي غۇز ( 东胡 ) لارنىڭ ئەۋلادى، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى. ئىلگىرى ـ كېيىن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى ۋە تۈرك خانلىقى، ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا تەۋەمۇ بولغان. «سۈينامە» ( 隋书 ) دە «توققۇز شىرۋىلار» نامىدا خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن توققۇز گۇيفاڭلار، توققۇز شيەنيۇنلەر، توققۇز دىلار، توققۇز تۇركلەر، توققۇز تېلىلار، توققۇز ئوغۇزلار، توققۇز ئۇيغۇرلار، توققۇز بايىرقۇلار، توققۇز ئىزگىللار، توققۇز توڭرالار، توققۇز باسمىللار، توققۇز ئادىزلار، توققۇز بۆگۈلەر ئۇيغۇرلار بىلەن بەزىلىرى بىۋاسىتە، بەزىلىرى ۋاسىتىلىك مۇناسىۋەتى بار قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن (قوۋمدىن) ئىبارەت. بۇنىڭدىكى «تېلى» ئاتالغۇسىنى «تۇرك»، «تۆلەس»، «تۇرا» دەپ ئايرىم - ئايرىم يېشىم بەرگەنلەر بار. دېمەك، بۇ ھەقتىكى قاراشلاردا پرىنسىپال ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابتا «تېلى» نامى خەنزۇچە تەلەپپۇز بويىچە ئېلىندى. «توققۇز قىرغىز»، «توققۇز تاتار»، «توققۇز شىرۋىلار» ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (744 ـ 840) دە ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى يوق بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۈگۈنكى قىرغىز، تاتار، موڭغۇللار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھېسابلىنىدۇ. توققۇز مولار، دىلار بىلەن بىر مەزگىل ئىتتىپاق تۈزگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋەتى يوق.

«توققۇز» سانى بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلگەن بۇ قەبىلە ـ قوۋملارنىڭ بەزىلىرى چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، مولار، گۇيفاڭلار، شيەنيۇنلەر، دىلار، تۇركلەر، تېلىلار، ئوغۇزلار، ئۇيغۇرلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوۋملارنىڭ بەزىلىرى كۆپ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان؛ گۇيفاڭلارنى ئېلىپ ئېيتساق، يىن (شاڭ) سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى جوۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ 20 خانى (بېگى) بارلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بار[87]. بۇ شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ 20 قەبىلىسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «شىمالىي

سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» («北史 . 高车传») دە تېلى (ئېگىز قاڭقىللار) قەبىلىلىرىنىڭ 21 دىن كۆپرەك قەبىلىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولسا، «سۇينامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە» («隋书 . 铁勒传») دە 43 تېلى قەبىلىسى خاتىرىلەنگەن. راشىددىنىڭ «جەمىئۇل – تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 122 دىن ئارتۇق قەبىلىسىنىڭ بارلىقىنى يازغان بولسا، ئوبۇلغازى باھادىرخانمۇ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق كىتابىنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زىكرى» بابىدا «ئون سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئەردى . . . 120 ئۇرۇق (قەبىلە) ئەل ئىدى» دەپ يازغان. بۇ يەردە دەريا بىلەن ساي ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. «توققۇز» سانى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەر كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەزىدە ئازىيىپمۇ قالغان. بۇ قوۋملار تەركىبىدىكى قەبىلىلەر مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇلار كۆچىيەلەن، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى يۈكسەلگەن دەۋرلەردە «توققۇز» سانى بىلەن ئۆز قوۋمىنىڭ نامىنى بىرلەشتۇرۇپ ئاتىغان. ئەمدى ئۇيغۇر (تېلى) قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يەككە ئەزالىرى بولغان بايىرقۇ، ئىزگىل، توڭرا، باسمىل، ئادىز، بۆگۈ قەبىلىلىرى ئۆزلىرى «توققۇز ئۇيغۇر» تەركىبىدە تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن «توققۇز» سانىنى ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇۋالغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بۇلارمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆچىيىپ، ئىتتىپاقدىن بۆلۈنۈپ، ئايرىم بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىل قىلىش ئىستىكى بولغان. شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىق، غەلىبىنىڭ سىمۋولى بولغان «توققۇز» سانىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىغا قوشۇۋالغان بولۇشى، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ قەبىلىلەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

ھەربىرى توققۇز ياكى شۇ ئەتراپتىكى ئۇرۇقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن.

قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى «توققۇز» سانى بىلەن ئاتاش، خانلىقلارنى «توققۇز» ۋەزىر بىلەن باشقۇرۇش، «توققۇز تۇغلۇق خان» بايرىقىنى تىكلەش، «توققۇزخان» بىرلىك قىلىنغان ئورتاق خانلىق قارىشىنى تۇرغۇزۇش، توققۇز ئەلچى تەيىنلەش قاتارلىق ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرغان.

تۆمۈرلەڭنىڭ تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» دېگەن كىتابىدا «تۈركىي خەلقلەردە ھەرقانداق نەرسىنى توققۇز قىلىش ئادىتى بار، خۇدايىتائالا ئۇندىن ئارتۇق ياراتمىغان» دېگەن. «فرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىر پارچە تۇبۇتچە ھۆججەت» (نومۇرى: P.1283) تە ئۇيغۇرلار «دەرۋازىسىغا توققۇز بايراق قادايدۇ» دېگەن جۈملىلەر بار. مەھمۇد كاشغەرى «تۇغ» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ، ئۇنى «تۇغ، بايراق، توققۇز تۇغلۇق خان ياكى خاقان» دەپ تەبىر بەرگەن[88]، قەدىمكى چاغدا خوتەننىڭ «توققۇز خاقان» دېگەن نامىمۇ بولغان[89]. بۇلارنىڭ توققۇز قەبىلە چۈشەنچىسىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

«توققۇز قەبىلە» چۈشەنچىسى خانلىقلارنى توققۇز ۋەزىر ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە توققۇز ئەلچى تەيىنلەش ئەنئەنىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدە ئىچكى ۋەزىر ئۈچ نەپەر، تاشقى ۋەزىر ئالتە نەپەر بولغان. («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «新唐书 . 回鹘传» يەنە «تېرىخىن مەڭگۈ تېشى» دا «توققۇز بۇيرۇق» دېگەن نام خاتىرىلەنگەن.) بۇ خىل ئەنئەنە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى[90]، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى، قارا خانىيلار سۇلالىسى دەۋرى[91]گىچە داۋاملاشقان. مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن

تەزكىرىسى» ( 宋史 . 龟兹传 ) دە كۇسەنلىكلەرنىڭ «خانى ئارىسلانخان دەپ ئاتىلىدۇ، توققۇز ۋەزىر ئارقىلىق خانلىقنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. كۇسەن ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، بەزى يىللىرى ئايرىم هاكىمىيەت سورىغان. كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئوخشاش بولۇپ، كۇسەن خانلىقىدا توققۇز ۋەزىر بولغانلىقى قوچو ئۇيغۇرلىرىدا بولغان بىلەن ئوخشاش، دەپ چۈشىنىلسە بولىدۇ. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. 490 جىلد. چەت ئەللەر تەزكىرىسى» ( «宋史» 卷490 «外国传» ) دە داشى ( 大石 ) يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئەلىيان ( 阿里烟 ) (بۇ ئەلدە) «توققۇز ۋەزىر خانلىقنى باشقۇرىدۇ» دېگەن بايانى خاتىرىلەنگەن. بۇ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ توققۇز تۇغلۇق خان ۋە خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر توققۇز بولىدۇ[92] ، دېگەن بايانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەستىقلايدۇ. «مايىترى سىمىت» تىكى «ئون ئۇيغۇر ئېلى، ئوتتۇز شاهزادە ئوغلانلىرى، توققۇز ئەلچى ئەقىلدارى[93]» دېگەن جۈملىدىن، ئەينى زاماندا توققۇز ئەلچى بولىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

دېمەك، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، هەر قايسى قوۋملار مۇقىم ۋە كۆللەنگەن بىر دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ مۇستەهكەملەش مەقسىتىدە توققۇزنى بىرلىك قىلغان مىللىي گەۋدىنى قۇرغان. كېيىنكى خانلىقلار توققۇز ۋەزىر ۋە ئەلچى ئارقىلىق خانلىقنى ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ[94] ، دەپ قارىغان.

ئىككىنچى، «توققۇز» ئالىي، يۇقىرى، ئۇلۇغ، بۈيۈك دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنغان. ئوبۇلغازى باهادىر خان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا «هېچ نەرسىنىڭ مەرتىۋىسى

توققۇزدىن يۇقىرى بولماس، چېكى توققۇزدۇر» دەپ يازغان. ئۇلۇغ شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ 13291 مىسرالىق كاتتا ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە توققۇز نەپەر پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقان. چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بۇخېڭ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (‹清› 傅恒: «西域图志» 卷 39) دە ئۇيغۇرلار «ساناقتا توققۇزنى بىرلىك قىلاتتى، بىر توققۇز، ئىككى توققۇز ۋە ئۈچ توققۇز دەپ ساناش قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئىدى» دېگەن. قەدىمكى خانلار تەختكە چىقىدىغان چاغدا توققۇزنىڭ سېھرىي كۈچى تېخىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، كۆكتۈرك خاقانى تەختكە چىققاندا بەلگىلەنگەن مۇراسىم مەيدانىنى توققۇز قېتىم ئايلاندۇرغاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان. («جوۋنامە» — «周书» گە قاراڭ). ئۇيغۇر خانلىقىدا قاتۇنلار (خانىشلار) خانلارنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان ھۆكۈمران بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئادەتتىكى ئاياللىق ياكى توقاللىقتىن قاتۇن (خانىش) لۇققا كۆتۈرۈلىدىغان چاغدا قاغانلارنىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمىغا ئوخشاش مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ۋەزىرى قاتۇننى تەختراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ «كۈننىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئوردا (ھويلىسى) نى توققۇز نۆۋەت ئايلاندۇرغان» دىن كېيىن قاتۇنلۇق ئۇتۇغاتى كۈچكە ئىگە بولغان. («كونا تاڭنامە» 195 جىلد. «旧唐书» 卷 195) قىستۇرۇپ ئۆتىدىغان نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر خانلىقىدا خانلارنىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمى تۈرك خانلىقىغا ئوخشاش شەكىلدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تارىخىي كىتابلاردا بىر نەرسە دېيىلمىگەن[95]. ئەمما، قاتۇنلارغا ئۇتۇغات بېرىش مۇراسىمى تۈرك خانلىرىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ئوخشاش بولغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرخانلىرىنىڭمۇ شۇ خىل ئادىتى بويىچە خاقانلىققا كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

موڭغۇللاردىمۇ خانلار سەلتەنەت تەختىگە چىققاندا توققۇزنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلانغان. «دوسان موڭغۇل تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخان توققۇز دانە ئاق قوتازنىڭ قۇيرۇقىنى توغ قىلىپ تىكلەپ، ياۋلى ( 姚里 ) قەبىلىسىگە خېشىدىن ئەسىرگە ئالغان توققۇز ئەسىرنى تارتۇق قىلىپ، توققۇز ئات، توققۇز دانە كۈمۈچ نوكچا، ئاقچا، قورالدىن توققۇزنى تەييارلىغان، موڭغۇللار يېڭى خان تەختكە چىققاندا ئۇنىڭغا توققۇز قېتىم تەزىم قىلغان[96]. ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىمۇ چىڭگىزخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىدىكى ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلغان. تارىخ ھىجرى 598 ـ يىلى (مىلادىيە 1201 ـ 1202 ـ يىلى) موغۇللار ئىتتىپاقلىشىپ، توققۇز پايەلىك (قەۋەت ـ ت) تەخت تەييارلاپ، تىمۇچىننى پادشاھ قىلىپ ئۈستىگە چىقىرىپ، ‹چىڭگىزخاقان›، دەپ لەقەب قويدى، بۇ موغۇلچە ‹خانلارنىڭ خانى›، دېيىلىدۇ ياكى ‹شاھىنشاھ› دېگەن بولىدۇ»[97].

مانا بۇ خاتىرىلەردىن بىلىنىدۇكى، «توققۇز» خانلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە سەلتەنىتىنى نامايان قىلىشتا چوڭ رول ئوينىغان.

ئۈچىنچى، «توققۇز» كۆپ، كەڭ، نۇرغۇن، تولۇق، چوڭ دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنغان. مەھمۇد كاشغەرى «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەر قانچە كۆپىيىپ كەتسىمۇ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ» دېگەن. بىرەر ئەل، ئۇلۇس ياكى خانلىقنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەشتە «توققۇز» غا تايىنىش يىراق قەدىمكى چاغلاردىلا باشلانغان. «گور ـ gor» ( 鬼 ) بىلەن «توققۇز» نىڭ مۇقەددەم زامانلاردا بىرلىكتە قوللىنىلغانلىقى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن بەگلىكى تەزكىرىسى» ( 史记 · 殷本记 ) دە: شىچاڭدا بەگ،

توققۇز بەگ، ئېبەگ ( 鄂侯 ) بولۇپ ئۈچ بەگ بار، دېگەن خاتىرە بار؛ «تارىخىي خاتىرىلەر. لۇجوڭلىيەن زوياڭ ( 鲁仲连邹阳 ) تەزكىرىسى» دىمۇ «توققۇز بەگ» ( 九侯 ) تىلغا ئېلىنغان بولسا، «ئەدەپنامە. مىڭتاڭۋى» ( 礼记 · 明堂位 ) ۋە «جەنگو تەدبىرلىرى. جاۋ بەگلىكى تەدبىرلىرىدىن ئۈچ» ( 战国策 · 赵策三 ) قاتارلىقلاردا «گور بەگ» ( 鬼侯 ) دېگەن ناملار خاتىرىلەنگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن بەگلىكى تەزكىرىسى» نى ئىزاھلىغۇچى چۇگۇاڭ ( 徐广 ) «‹گوربەگ› دېگەن گەپ بار، يېشەن( 邺县 ) ناھىيىسىدە ‹توققۇز بەگ› شەھىرى بار» دەيدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى لى تەي يازغان «ئىقلىمنامە» ( 李泰 : « 括地志 » ) دە شەرھلىنىپ «شاڭجۇ ئايمىقىنىڭ فۇ( 滏 ) شەن(خېبېي ئۆلكىسى تەۋەسىدە) ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 50 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە توققۇز بەگ شەھىرى( 九侯城 ) بار بولۇپ، گوربەگ شەھىرى( 鬼侯城 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ يىن بەگلىكى دەۋرىدىكى توققۇز بەگ شەھىرىدۇر» دېيىلگەن.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «گور» لار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «گۇيفاڭلار» دۇر. ئۇلار ئۆزى پائالىيەت قىلىدىغان جايلار (ياكى شەھەرلەر) نى كەڭ، كۆپ مەنىدە «توققۇز شەھەر» دەپ ئاتىغان. بۇ ئادەت دىلارنىڭ ئاق دى ( 白狄 ) قەبىلىسى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭشەن ناھىيىسى تەۋەسىدە جوڭشەن بەگلىكى ( 中山国 ) نى قۇرغان چاغ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 507 — 406 ۋە 381 — 296 ـ يىللار) دا پائالىيەت قىلىدىغان دائىرىسى قەدىمكى «توققۇز لى» ( 九黎 ) (قەدىمكى قوۋم نامى) دائىرىسىدە بولغانلىق ئەھۋالىدىمۇ[98] ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تارىخشۇناس ئابدۇللا ئەھمىدى ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە قۇمۇلدىكى قەدىمكى لاپچۇق شەھىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا توققۇز دەرۋازىسى بولغان،

هازىرغىچە لاپچۇق خەلقى توققۇز دەرۋازىنىڭ ئورنىنى «توققۇز قوۋۇق» دەپ ئاتايدىكەن[99]. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەش چوڭ شەھەرنىڭ مۇجەسسەمى سۈپىتىدە بىر شەھەر قۇرۇپ، ئۇنى «بەشبالىق» (بەش شەھەر) دەپ ئاتىغانلىقى بىلەن مەزمۇنداش ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەجدادلار شىنجاڭدىكى ۋە ئۆزى ياشىغان تېررىتورىيىدىكى بىر مۇنچە يەر - ئورۇنناملىرىنى توققۇز سانى بىلەن قوشۇپ ئاتىغان. مەسىلەن، توققۇز ئەرسەن — يەر ئىسمى («كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا).

توققۇزاق — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەركىزى. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا هازىرچە ئۈچ خىل پەشمە بار. توققۇز ئوق (توققۇز قەبىلە)[100]، توققۇز ساق (توققۇز ساك)[101] ۋە توققۇز ئاق (توققۇز بوزلۇق) دېگەنلەردىن ئىبارەت.

توققۇز ساراي —مارالبېشى ناھىيىسىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى.

توققۇز ھۇجرا (ئۈچ بۇرھان) — قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى چاقماق دەرياسى بويىدىكى بۇددا مىڭئۆي خارابىسى؛ بەشكىرەم لەنگەرنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئۆڭكۈرلىرى «توققۇز ھۇجرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۈچ ئىشكىلىك ئىككىدىن ئالتە ئۆي (ھۇجرا) بولسىمۇ، لېكىن، كىشىلەر توققۇز ھۇجرا دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغان.

توققۇز قازناق — قەشقەر ئوپال ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ شىمالىدىكى ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى مىڭئۆي ئىزنى يەرلىك كىشىلەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتايدۇ.

توققۇز بۇزرۇكۋارلىرىم — خوتەندىكى ئىمام جەپپىرى سادىق مازىرىدىن 70 كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى بىر مازار. ئۇ يەنە «توققۇز قىزلىرىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

توققۇزخان شەھىرى — خوتەندىكى مەلىكە ئاۋات شەھىرىنى

كىشىلەر مۇشۇ نام بىلەنمۇ ئاتىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن[102].

ئىلى توققۇز شەھىرى — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىدىكى ھەر قايسى جياڭجۇنلەرنى باشقۇرىدىغان ئورۇن[103].

توققۇز بۇلاق — ئاقسۇ ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىدىكى كۆپ بۇلاقلار توپىنىڭ ئورتاق نامى.

توقسۇن — تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ناھىيە ئىسمى. بۇ توققۇز سۇ دېگەندىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشمۇ بار. شۇنداق بولغاندا ئۇلار: ئايغىربۇلاق، قوشتېرەك، كۆكئىنەك، زۇمۇتا، ئۇستۇنغول، ئالغۇي (ئاراغول)، ئېۋىرغول (ئۇيغۇرغول)، ياغاچ بېشى، بايتوقايلاردىن ئىبارەت توققۇز ئېقىننىڭ سۈيىدە كۆكىرىدىكەن[104].

توققۇزتارا — ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە ئىسمى. توققۇز ئېقىن (سۇ) مەنىسىدە.

بۇ خىل ئورۇن - جايلار نامىنىڭ قوللىنىلىشى مەسىلىسىگە كەلسەك يەرلىك خەلقلەر ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئاشۇ رايوننىڭ كەڭ، سۇلۇق يەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن توققۇز سانىنى قوللانغان دېيىشكە بولىدۇ.

«توققۇز بۇزرۇكۋارلىرىم» بولسا كۆپ قىزلارنىڭ سەرخىللىرىنىڭ ئورتاق نامى، «توققۇز بۇلاق» جىق بۇلاق مەنىسىدە، «توققۇز قازناق» نۇرغۇن ھۇجرا (مىڭئۆي) مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار مۇسىقا (مۇزىكا) ۋە ئويۇن (تىياتىر) لارنىمۇ توققۇز سانى بىلەن ئېنىقلىتىپ ئاتىغان. مەسىلەن، ئە. ئالىپتېكىننىڭ «ئۇيغۇر تۈركلىرى» (1978 - يىلى، ئىستانبول تۈركچە نەشرى، 114 - بەت) ناملىق كىتابىدا توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە توققۇز مۇزىكىسى بولغان[105] دەپ يېزىلغان بولسا،

سىڭقۇ سىلىنىڭ تەرجىمە ئەسىرى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «توققۇز باغ ئويۇن ئەتمىزدۇردى» (توققۇز قىسىم مۇسىقا ـ مۇزىكا چالدۇردى) دېيىلگەن؛ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «توققۇز باغ ئويۇن» (توققۇز قىسىملىق مۇزىكا) دېگەن ئاتالغۇ بولغان[106].

تارىخىي يازما ھۆججەتلەر ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا رېئال مەسىلىلەر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر يولى بىلەن ئېيتىلغان جۈملىلەردە توققۇزنىڭ كۆپلۈك ئۇقۇمىدا ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلار ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تىپىك دەپ سانالغىنى مۇنداق.

«ئوغۇزنامە» دە:

«ئوغۇزخاننىڭ ئېتى مۇزتاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ئۇزۇنغىچە ئازاب چەكتى، توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرىنى ھازىر قىلدى»[107].

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا:

كۆلتېگىن «توققۇز ئەرنى ئەگىپ يۇرۇپ چېپىپ تاشلىدى»، «كۆلتېگىن ئۆگسىز (دېگەن) ئاق ئېتىنى مىنىپ توققۇز ئەرگە نەيزە سانچىدى»، «9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتىدۇق».

«مايىتىرى سىمىت» دا:

«توققۇز ئەلچى ئەقىلدارى».

«قۇتادغۇبىلىك» دا:

«ياشىق ئۆرلەدى يەردە قوپتى تۇغى،
ياقا كەلدى ئاشنۇ توقۇز ئال تۇغى» (4893 ـ بېيىت)
(قۇياش ئۆرلىدى، قوپتى يەردىن توزان،
توققۇز رەڭدا ھال تۇغ يېقىنلاپ ھامان)[108].

«سەددى ئىسكەندەر» دە:

«يەنە كەشمىرنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىدىن ئۈچ توققۇز

كىشىگە ساۋۇتلارنى تەقدىم قىلدى. . . » (142 ـ بەت).
«ئىسكەندەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەددى ـ ھېسابسىز پىشكەشكەرنى تەييارلىدى. ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن ئېسىل ماتالاردىن توققۇز توققۇزنى تەييارلىدى. ھەرخىل ئېسىل ۋە ھەيۋەتلىك پىللاردىنمۇ توققۇزنى، يەنە بىر رىۋايەتتە ئوتتۇز توققۇزنى تەييارلىدى» (199 ـ بەت). «ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە توققۇزدىن ھىندى غولاملىرىنى جايلاشتۇرغانىدى. يەنە ھەر خىل ئېسىل ئاتلاردىن يەتتە توققۇزنى تەييارلىدى. بۇ ئاتلارنىڭ ھەر بىرى پىلدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر توققۇزى بىر خىل رەڭدە بولۇپ، ئاتلارنىڭ ھەر بىر توققۇزىغا بىر خىل رەڭدە قىممەتلىك ئۆزگىچە يوپۇقلارنى ياپتى. . . يەنە توققۇز توققۇز ئۇلاغدا نەپىس رەختلەرنى تەييارلىدى. . . يەنە قوياشتەك شولا چېچىپ تۇرىدىغان ئالتۇن ئىدىش ۋە جاملاردىن توققۇز توققۇزنى تەييارلىدى . . . يەنە شېكەر تىللىق، شېرىن سۆزلۈك تۇتىلاردىن توققۇز توققۇزنى تەييارلىدى. . . يەنە چىرايلىق توزلاردىن توققۇز توققۇزنى تەييارلىدى(150 ـ 151 ـ بەتلەر)؛ «توققۇزمىڭ ئات ئۈچىسى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ ئېلىپ چىقىلدى»، «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆھپىلەر توققۇز توققۇزدىن ئېلىپ كىرىلدى» (208 ـ 209 ـ بەتلەر)؛ «توققۇزقات ئاسمانىنمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزۈشنى تەمە قىلاتتى . . . » (4 ـ بەت)؛ «توققۇز پەلەكنىڭ ھەقىقەتلىرى ئاشكارا بولدى» (219 ـ بەت)؛ « . . . ئۇ ئاھ ئۇتلىرى بىلەن جاھاننى ياق، بەلكى توققۇز قات ئاسماننى كۆيدۈرمەكچى بولاتتى» (300 ـ بەت)[109].

«مەھدۇم ئەزەم» (مۇھەممەد ئېۋەر قاراقاشى ئەسىرى، ھىجرىيە 1241 ـ، مىلادىيە 1819 ـ، 1820 ـ يىللىرى كۆچۈرۈلگەن) دە بۇ كىتاب: « . . . توققۇز ئەخلاق. . . » تىن جەمئىي قىلىندى[110].

www.uyghurkitap.com

«تارىخى ئەمىنىيە» دە:

«. . . بىر توققۇز خىتاي زەمبىرىكى، بىر توققۇز نارىنىن باكىرە قىز[111] ، بىر توققۇز بەرنا ئوغۇل . . . توققۇز ـ توققۇز بىيىجىلىك يامبۇسى، توققۇز توققۇز قالماق ئىتى» قاتارلىقلارنى سوۋغات قىلدى. «. . . توققۇز ئىسىل ئارغىماق ئات . . . توققۇز بوقچا. . .توققۇز مىلتىق . . .» قاتارلىق سوۋغاتلار تاپشۇرۇۋېلىندى[112] .

«تارىخى ھەمىدىي» دە:

«. . . پادىشاھلار، ئۇلۇغ شەۋكەت ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋە ئىگىلىرى ئۆزئارا توققۇز توققۇزدىن سوۋغا ـ سالام قىلىشىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇلار بىر سەككىزنى ‹بىر توققۇز› دەپ ئاتايتتى. خان ۋە پادىشاھلار ھەتتا پۇقرالار ئاممىسى ياكى خوتۇنلار ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىشلەرنى قىلىدىغان بولسا پەقەت سەككىز نانىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇ توققۇز دەپ ھېسابلايتتى. بۇنداق ئادەت موغۇلستان (شىنجاڭ) يۇرتىدا تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە»[113] .

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەردە:

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە:

«ئۆلگىن تەگرى ئەپسانىسى» دا

«. . . ئۆلگىن تەگرىنىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار. . . »[114] .

«توققۇز ئەجدىھا دەرىخى» (شۇ ناملىق رىۋايەتتە)

«ئافرات خاقان ۋە توققۇز قىز» ئەپسانىسىدا:

«ئافرات خاقاننىڭ توققۇز قىزى ۋە توققۇز ئوغلى بار ئىكەن»[115] .

داستانلاردا:

«گور ئوغلى» داستانىدا:

«شەرتىمنى ئادا قىلمىسا، تۇلپار ئېتىمنى توققۇز يەردىن

ئىمىل تارتىپ توقۇپ بەرسە، دېدى» ؛ «گور ئوغلى پەرىزات ۋە ئادەمزاتتىن بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن توققۇز خوتۇن ئالدى» ؛ «توققۇز قات شاھ كىيىمى كىيدى» ؛ «توققۇز خىل تاماق تەييارلاپ ، ئالدىغا قويدى» ؛ «شۇڭقارىغا توققۇز ئۆردەك ئالدۇرۇپ ئەكېلىپ بەردى» ، «مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ» ، «ئوڭ يېنىدا توققۇز تۇمارى بار»[116].

«خەلق ماقال ـ تەمسىل» لىرىدە:

«توققۇزى تەل بولماق».

«مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز».

«ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ».

«ئادەمدە سۆلەت ئون، بۇنىڭ توققۇزى تون».

«كېسەلنىڭ توققۇزى گالدىن، بىرى يەلدىن».

«كېسەلنىڭ توققۇزى ژىندىن، بىرى جىندىن».

«تۆت تەڭگىگە قىممەت، توققۇز تەڭگىگە ئەرزان».

«بېرىشى توققۇز، ئېلىشى ئوتتۇز».

«تويغان يەرگە توققۇز قېتىم تەزىم قىلماق».

«توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتماق».

«شۇ كۆڭۈللەر خۇشلىقىدىن،
كۆك ئويۇننى باشلىدۇق.
غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز،
ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق»[117].

«خەلق تېپىشماقلىرى» دا:

«پاكار ـ پاكار بويى بار،
توققۇز قەۋەت تونى بار» (پىياز)

«خەلق قوشاقلىرى» دا:

«ئەتىگەن قوپار بولغاي،

تۈننۈك ئاچار بولغاي.
توققۇز ئوغۇللۇق،
بىر قىزلىق بولغاي».

«تېرىسى ئوتتۇز گەردىشكە داپ بولدى،
مۆڭگۈزى توققۇز كەتمەنگە ساپ بولدى».

«خەلق چۆچەكلىرى» دە:
«ئوردىغا توققۇز دەرۋازىدىن كىرمەك».
«توققۇز خەزىنە؛ توققۇز ساراي، توققۇز ۋەزىر».
«... 90 ياشلىق كارۋانچى بوۋاي توققۇز قىچىر يۈك ئارتىپ، توققۇز ياشلىق نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، توققۇز كېچە ــ كۈندۈز يول يۈرۈپ، توققۇز سارايغا چۈشۈپتۇ، توققۇز قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، توققۇز تۈرلۈك غىزا بىلەن غىزالىنىپتۇ...».
«هۆر ــ پەرىلەر توققۇز قەۋەت ئاسماندا، توققۇز سارايدا، توققۇز ئىشىكلىك قاتمۇقات خانىلاردا، توققۇز كېچە ــ كۈندۈز ئۇخلارمىش، ئۇلار شۇنداق ئۇخلاپ ئويغۇنىپ قانغاندىن كېيىن توققۇز كېچە ــ كۈندۈز ئۇخلىماسمىش، يۈزلىرىگە تارتقان چۈمپەردىلىرىمۇ توققۇز قەۋەت بولارمىش»[118].

«خەلق ئۆرپ ــ ئادەتلىرى» دە:
«يىگىت تەرەپتىن قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن توققۇز قېتىم تەزىمگە بارىدۇ... قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر قولايلىق جايدا ئارغامچا بىلەن گۈلخان يېقىپ، يولنى توسۇپ، قىزنىڭ كۆركىنى قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ توققۇز غىرىچلىق قوي بەرگەندىلا ئاندى يول ئېچىلىدۇ... قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يىگىتلەر قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆچ يەرگە يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىدۇ...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىسى
www.uyghurkitap.com

توينىڭ توققۇزىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ...»[119]. (قۇمۇل «يۈز ئاچقۇ بىيىتلىرى» نىڭ بايانىدا)

تۆتىنچى، «توققۇز» ئۆلچەم، مىزان، بەلگىلىمە، قائىدە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. يەنى، خانلار، پۇقرالارنىڭ سوۋغات ئۆلچىمى، ئىنئام، مۇكاپات مىزانى، جازا بەلگىلىمىسى، ئىش - ھەرىكەت قائىدىسى قىلىنغان. دىنىي پائالىيەت قائىدىسىنىڭ ئادىتى - ئۆلچىمى بولغان. بۇ توغرۇلۇق ھەر خىل ماتېرىياللار بار. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا كەلگەن (1414 - يىلى سەپەرگە چىققان) چېن چىڭ (陈诚)، «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» (西域番国志) ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «غەربىي يۇرتتا ئىنئام بېرىلگەندە مال - دۇنيا تارتۇق قىلىنىدىكەن، ئاقچا، مەرۋايىت - قاشتېشى ۋە باشقا ئىلتىپاتلار چەكلەنمەيدىكەن، ئەمما توققۇز ئۆلچەم قىلىنىدىكەن، بىر توققۇزدىن تارتىپ، توققۇز توققۇزغىچە بولىدىكەن، بۇ بىر ئەدەپ - قائىدە ھېسابلانغان»[120]. مىرزا ھەيدەرنىڭ بايان قىلىنىشىچە، چىڭگىزخان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايدات (1356 - ؟) نىڭ بوۋىلىرىدىن ئورتۇبكە يەتتە خىل مەنسەپ بەرگەن. موغۇلىستان خانى تۇغلۇق تۆمۈر (1330 - 1363) نى قىپچاق دالىسىدىن تېپىپ كېلىپ خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزغان ئەمىر بۇلاجىغا ئىلتىپات كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ (ئۇ خۇدايداتنىڭ ئەۋلادى) يەتتە خىل ئىمتىيازىغا يەنە ئىككى خىل مەنسەپ قوشۇلۇپ، جەمئىي توققۇز خىل مەنسەپ بەرگەن. بۇ مەنسەپلەر ئىچىدە گۇناھكار ئاق توسۇن ئاتقا مىنگۈزۈلۈپ، ئاتنىڭ ئاستىغا توققۇز قەۋەت ئاق كىگىز سېلىنىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈش؛ مۇبادا ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ سادىر قىلسا توققۇز گۇناھى تەكشۈرۈپ چىقىلىدۇ،

ئىككى ئەمىر يانداپ كۆزىتىپ تۇرسا، باشقىلار ئۇنىڭ قان تومۇرىنى كېسىش، پۈتۈن بەدىنىدىكى قېنىنى چىقىرىپ ئۆلتۈرۈش[121] ، موللا موسا سايرامى بولسا موغۇلىستان خانلىرىدىن خىزىر خوجا (؟ ـ 1399 ـ يىلى) ئۆزىنى ئاسراپ، خانلىق تەختكە چىقارغان ئەمىر خۇدايداتقا مۇنداق ئىمتىياز بەرگەنلىكى توغرۇلۇق توختالغان:

«خىزىر خوجاخان . . . (ئەمىر خۇدايداتنىڭ) خىزمىتى ئۈچۈن . . . جەمئىي توققۇز مەنسەپ» بەردى. «. . . توققۇز گۇناھ سادىر قىلمىغىچە گۇناھقا لايىق قىلماسلىق؛ توققۇز گۇناھ سادىر بولسا ۋە ئۇنى ئۆزى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردە ئەمىر خۇدايداتنى قىزىل كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، سورىقىنى قىلىش . . . توققۇز گۇناھ سادىر بولمىغىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەسلىك[122] .

دېمەك، «توققۇز» مىزان قىلىنغان چاغدا ئۇ ھەم ئىنئام ھەم جازا ئۆلچىمى ياكى چېكى قىلىنغان.

خەلق ئارىسىدىكى ئادەتلەردىمۇ ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىنكاسىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، ئەمەت جېلىل ئەپەندى بايان قىلغان ئەمەلىي تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن ئا. ت. ئۆتكۈر ئەپەندى تەسۋىرلىگەن بەدىئىي ئەسەردىكى ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرگەندە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق ئادەتلەر ساقلانغان . توي ئادەتلىرىدە:

توققۇز قېتىم تەزمىگە بارىدۇ، توققۇز غېرىچلىق قوي بەرگەندىلا يول ئېچىلىدۇ؛ قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىدۇ؛ توققۇز خىل مېۋە تەييارلىنىدۇ، قىز تەرەپكە توققۇز پارچە رەخت سېلىنىدۇ؛ توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۈرە بۇغداي، توققۇز شىلىڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى قىز تەرەپكە

بېرىدۇ؛ تويى بولغان قىزغا قوينىڭ توققۇز تونلۇقى پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. تويدا چوڭلار قىزغا دۇئا قىلغاندا، توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغاي دەپ دۇئا قىلىنىدۇ.

توي مۇراسىمىدىن كېيىنكى دۇئادىكى بۇ خىل ئادەتلەرنى چەت ئەل ئالىملىرىمۇ بايان قىلغان. مەسىلەن، قازاقىستانلىق د. ئا. ئىسىيېف «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ئالما ـ ئاتا، 1983 ـ يىلى نەشرى، 44 ـ بەتتىكى مەلۇماتنى نەقىل ئېلىپ:

«توي مۇراسىمىدىن كېيىن قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىدۇ، بۇ چاغدا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۈيئوغلىغا بەخت تىلەيدۇ ۋە مۇبارەكلەيدۇ:

‹ئىنشائاللا (خۇدا بۇيرۇسا) توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغايسىز› دەپ يازسا، س. مالوفنىڭ موسكۋا ـ لېنىنگراد، «ئۇيغۇرچە» ، 1954 ـ يىلى نەشرى، 33 ـ بەتتىن سۆز ئېلىپ: «مورىنى (تۇرخۇننى) ئۆز ۋاقتىدا ئاچقايسىز، كۈندىن بۇرۇن تۇرغايسىز، توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغايسىز، كىشىلەر كۆزىدىن سەۋنچ تاپقايسىز! مال ـ چارۋاڭلار يىلسىرى ئاۋۇغاي!» دېگەن ياخشى تىلەكنى تىلەيدۇ[123]. توينىڭ 9 ـ كۈنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ. قىزنى كۆچۈرگەن چاغدا ئاسمانغا توققۇز پاي ئوق ئېتىلىدۇ (تاغ رايونلىرىدا) يەنە شۇ 9 ـ كۈنى قۇدىلار بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ، تونۇشۇش ئۈچۈن توققۇز داش قازان ئېسىپ، توققۇز باش ئەركەك قوي سويۇپ چاي بېرىشىدۇ.

ھېيت ـ ئايەملەردە:

قىزىتىلغان ياغقا توققۇز ياكى يەتتە چىتقا قىلىپ چاچراتقۇ سېلىپ ئېتىلدۇرۇلىدۇ. توققۇز چەلپەك سېلىنىپ، توققۇز نان تىزىلىدۇ، توققۇز قۇر ساڭزا تەييارلىنىپ، توققۇز باش ئەركەك قوي قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

ئۆلۈم مەرىكىسىدە:

ئۆلۈم ئۇزاتقان ئۆيگە توققۇز نان بىلەن بىر چىنە شەربەت ئېلىپ كىرىلىدۇ.

ئۆشرە ـ زاكات بەرگەندە:

توققۇز كۈرە ئاشلىق ئۆشرە ـ زاكات بېرىش.

سەپەر ئېيى كىرىشى بىلەن مەھەللىدىكىلەردە توققۇز ئورۇنغا ئوت يېقىپ، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئوتنى ئاتلايدۇ. پېرىخون دۇرۇت ئوقۇغاندا توققۇز ئورۇنغا شام يېقىلىدۇ، توققۇز پىلىكلىك توققۇز قارا چىراغ يېقىلىدۇ[124]، [125]. (بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن توققۇز ئەۋلىيانىڭ روھىغا دۇئا قىلىنىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.)

ئۆمۈر مەرىكىلىرىدە:

بوۋاقلارنىڭ بۆشۈك تويى مۇراسىمىدا، بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەپ، ئۈستىنى ئەديال بىلەپ يېپىپ، ئالما قېقى قاتارلىقلار بىلەن ئىسرىق سېلىپ، دۇرۇت ئوقۇغاندا بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ھامىلىدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللار ئادىتىدە:

خەلق ئارىسىدا ئاياللار توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە (مىنۇت) قورساق كۆتۈرۈپ تۇغىدۇ، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ چېچىنى توققۇز تال ئۆرۈيدۇ، دەيدىغان ئادەت بار[126].

بەزى جايلاردا مەشرەپ، باغ سەيلىسى ۋە مەرىكە پائالىيەتلىرىدە «توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىز ھازىر بولدى» دەپ جاكارلاش ئارقىلىق سورۇنغا كۆپ ئادەم كەلگەنلىكىنى، سورۇندىكى پائالىيەتنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ[127].

ئادەم تېنىدە:

ئادەم بەدىنىدە «توققۇزكۆز» دېگەن بىر جاي بار. يەنە ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە توققۇز دانە تۆشۈك بار بولۇپ، بۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

يەتتىسى باش قىسمىدا، قالغان ئىككىسى تۆۋەن بەدەندە.

قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلاردا:

بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ توققۇز تاللىق (توققۇزتونلۇق) دېگەن ئەزاسى بار.

ئارخېئولوگىيىلىك ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردا:

1979 ـ يىلى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قازغاندا، بەزى قەبرىلەردىن تېپىلغان كىگىز قالپاقلارغا . . . 9 تالغىچە ھەر خىل رەڭدىكى قۇش پېيى قىستۇرۇلغان. بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بىرىنچى قېتىم 117±6412 يىل، ئىككىنچى قېتىم 3900 يىل بۇرۇنقى چاغقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاپ بېكىتىلگەن[128].

سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ چېن ياڭ «نەغمىنامە» (宋陈旸《乐书》) نىڭ 137 ـ جىلدىدا مۇنداق يازغان: قەدىمكى زاماندا غەرب تەرەپتە ياشايدىغان قوۋملار كومزەك چېلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى. . . يېقىندىن بېرى خەلق ئارىسىدا توققۇز دانە تاۋاقتا (كومزەككە) سۇ قاچىلاپ چوكا بىلەن ئۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ بولۇپ، ئۇ ‹ساپال چورا› دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنى خىلمۇخىل ئاھاڭلارغا چالغىلى بولىدىكەن»[129].

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «توققۇز» نىڭ توققۇز خىل ئالاھىدىلىكىدىن باشقا يەنە بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەنە سۆزلەپ ئولتۇرمىدۇق. بۇلار خاس ئالاھىدىلىكلەر بولغاندىن باشقا ئۆزئارا كىرىشىپمۇ كېتىدۇ، ئۇلارنى ئىنچىكە پەرقلەندۈرمەك تەس. بۇ يەردە تۈپ خۇسۇسىيىتىنى يېتەكچى قىلىپ ئولتۇرۇپ پىكىر بايان قىلىندى. بۇلار «توققۇز» نىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا يېتەرلىك ماتېرىيال بولىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا «توققۇز» سانى نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

دەرىجىدە سىرلىقلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بۇ توغرۇلۇق قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

1) توققۇز ئېقىن نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەردىكى قاراش بولۇپ، ئۇزۇن يىل ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان. XIII ئەسىرگە كەلگەندە راشىددىنىڭ «جەمىئۇل ـ تەۋارىخ» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتىكى بايان بويىچە: «... ئۇيغۇرلار ۋىلايىتىدە ھەيۋەتلىك ئىككى چوڭ تاغ بار ئىكەن. ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇتتاغ دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن، بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جايىدىن ئون ئېقىن، يەنە بىر جايىدىن توققۇز دەريا ئېقىنى ئاقىدىكەن. ئون دەرياسى بويلاپ ئولتۇرغانلار توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىكەن»[130].

2) ساي نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش:

بۇ ئوبۇلغازىنىڭ بايانىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ خاتىرىلىگىنى بويىچە: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلى شۇشۇلار ئارىسىغا جايلاشقان. ئون سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلارنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئەردى»[131]. بۇ راشىددىنىڭ كىتابىدىكى بايانلار بىلەن مەنداش بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قارىشى. دەريالار سايدا يېيىلىپ ئاقىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە (دەريا) بىلەن ساي ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

3) قەدىمكى تۇركلەر (كۆكتۈركلەر) نىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدىن كەلگەن دېگەن قاراش.

تارىخشۇناس سېن جوڭمىيەن (岑仲勉) موڭغۇللار ئارىسىدىكى «توققۇز» غا ئائىت تارىخىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ كېلىپ، شەرقىي شىمالدىكى مىللەتلەر تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇشۇنداق ئوخشاش ئادەتنى

شەكىللەندۈرگەن، دېگەن[132] . بۇنىڭدىن تۈركلەردە مۇشۇنداق قاراش بار ئىدى، دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

4) موڭغۇللاردىن كەلگەن دېگەن قاراش.

شەرەفىدىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» دە ھەرقانداق نەرسىنى توققۇز قىلىش ئادىتى «موغۇلنىڭ توققۇزخانىدىن ئېلىنغان» دەپ يازغان. بۇ قاراش بويىچە موغۇللاردىن كەلگەن دېگەن قاراش كېلىپ چىقىدۇ. موللا مۇسا سايرامىمۇ مۇشۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەپ:

«بىر توققۇز — قەدىمدە موغۇلخانىنىڭ ئەۋلادىدىن سەككىزخان ناھايىتى زور پادشاھ بولۇپ جاھاندىن ئۆتۈپ، توققۇزىنچىسىغا كەلگەندە مەغلۇپ بولغان. شۇ چاغدا خانلارنى خاتىرلەپ ھەر سەككىز سوۋغا - سالامنى بىر توققۇز دەپ ھېسابلىشاتتى»[133] دەپ يازغان.

5) ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدىن كەلگەن دېگەن قاراش.

«قۇرئان» نىڭ نەمىل سۈرىسىنىڭ 12 - ئايىتىدە بۇ «مېنىڭ پىرئون ۋە ئۇنىڭ قوۋمىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر» دېگەن[134] جۈملىدە ئاللانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى «توققۇز مۆجىزە» دەپ ئاتالغان. ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» تە بۇنىڭغا ئاھاڭداش قىلىپ، «خۇدايتائاللا ھەممە نەرسىنى مەرتىۋىسى بىلەن ياراتقان، ھېچ نەرسىنىڭ مەرتىۋىسىنى توققۇزدىن يۇقىرى ياراتقان ئەمەس»[135] دەيدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللانىڭ توقسان توققۇز يەنى بىرى كەم يۈز ئىسمى بار، ئۇلارنى يادا قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرمەي قالمايدۇ؛ ئاللا رەھىمدىللىكنى يۈز ھەسسە قىلىپ توقسان توققۇزىنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، بىرىنى زېمىنگە چۈشۈرگەن.

دېمەك، بۇ يەردە 99 نىڭ تەركىبىدە ئىككى دانە توققۇز

رەقىمى بار.

6) توققۇز ئوغۇز نامىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش.

بەزىلەر توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور رول ئويناپ، يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان «توققۇز ئوغۇزلار» نى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن «توققۇز» دېگەن سانىنى مۇقەددەس بىلىپ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە سىڭدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن [136]، [137] دەيدۇ.

7) ھامىلىنىڭ توققۇز ئايدا تۇغۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراش.

بەزىلەر: قەدىمدىن تارتىپ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر توققۇزلۇق ساناق تەرتىپىنى مۇستەھكەملىگەن بولسا كېرەك. ھامىلىنىڭ ئانا قورسىقىدا توققۇز ئايدا ۋايىغا يېتىشى ئاناتومىيە ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئەھۋاللارنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيدىغان ئىپتىدائىي ئادەم ئۈچۈن مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس[138].

8) بابىل ئاسترونومىيىسىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراش.

بەزىلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇن VI ئەسىرگە مەنسۇپ بابىل ئاسترونومىيە ھۆججەتلىرىدە «ئاي تەڭرىسى ‹سىن› نىڭ قايتىش مۇددىتى 27 كۈن، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت ھېسابى ئۆلچىنىلدى» دېيىلگەن. مۇشۇ قائىدە بويىچە، كېچىنى يورۇتقۇچى (ئاي تەڭرىسىنىڭ - ئا) 27 كۈنلۈك قىسمىغا ئاجرىلىشىنى ئاڭلىغان قەدىمكى رىملىقلار، گېرمان ۋە كېلىت (Kelit) قەبىلىلىرى توققۇز كۈنلۈك ھەپتە ھېسابىنى ئىشلەتكەن. . . كېچىنى يورۇتقۇچى تەڭرىنىڭ ئۈچ توققۇزدىن ئىبارەت قۇدرىتى توققۇز كۈنلۈك ھەپتە ۋە توققۇزلۇق ساناق سىستېمىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ رەقەمگە ئېتىقاد قىلىشىغا

سەۋەب بولغان بولسا كېرەك[139].

9) خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن كەلگەن دېگەن قاراش.

لى شۇخۇي (李树辉) ئەپەندى «توققۇز» نىڭ تىل مەدەنىيىتىدە قوللىنىلىش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا خەنزۇ تىلىدىكى تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ھەر خىل مەدەنىيەتكە دائىر قوشۇمچە مەنە ئامىللىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشاشلىقىغا قارىغاندا، ئۇ خەنزۇ تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن... بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئۇزۇن[140] دېگەن.

10) ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە خەن - زاڭ تىللىرى سىستېمىسى تېخى بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغان، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن دېگەن قاراش.

لى يوڭ (李雍) ئەپەندى ئۆز قارىشىنى مۇنداق يەكۈنلەيدۇ: «توققۇز» رەقىمى مۇقەددەسلىككە ۋە بەختكە سىمۋول قىلىنغان بولغاچقا، بۇ ئىككى خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد سىمانتىكا ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك ماتىۋلىرى ھېسابلانغان. قەدىمكى دەۋرلەردە خەن - زاڭ تىللىرى بىلەن ئالتاي تىللىرى تېخى ئېنىق ئايرىلمىغان (ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ)، ئايرىلغاندىن كېيىن بولسا ئوخشىمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەردە «توققۇز» ئېتىقادچىلىقى بىردەك مىللىي ئەنئەنىۋى سىمانتىكا ۋە مۇتىفلارنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ قالغان. «توققۇز» قاتارلىق رەقەملەر خەن - زاڭ تىللىرى ۋە ئالتاي تىللىرىغا تەۋە ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە ئورتاق ئەكس ئەتكەن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ۋە شۇ تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سىمانتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە رەقەملەر بولۇپ، بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكى تەبىئىيدۇر[141].

11) توققۇزخان چۆشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراش.

بۇنى ئەمەت جېلىل ئەپەندى «توققۇز پىلىكلىك قارا چىراغ ئۇسۇلى» نىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلغاندا قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىكى 78 ياشلىق دېھقان ئىسھاق بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتتە: بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توققۇز خانلىق ئۆتتۈپتىكەن. بۇ خانلار ناھايىتى كۈچلۈك ئابرۇيغا ئىگە بولغانىكەن. ئۇيغۇر خەلقى بۇ خانلىقنى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن توققۇز پىلىك ياقىدىكەن، بىر دانە پىلىك بىر خاقانىنىڭ روھىغا ئاتاپ يېقىلغان بولۇپ، توققۇز خاقانىنىڭ روھىغا ئاتاپ كۆيدۈرۈپ قارا چىراغ ئۇسۇلىنى ئوينايدىكەن، دەپ بايان قىلىنغان [142]. (بۇ توققۇز ئوغۇز خانلىقىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ـ ئا).

12) شامان دىنىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش.

بەزىلەر «خاسىيەتلىك ‹توققۇز› سانى چۈشەنچىسى تۈركىي خەلقلەرگىلا خاس بىر خىل مىللىي ئەنئەنە قارىشى»[143] بولۇپ، «‹توققۇز› نىڭ مۇقەددەس سان سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىشى قەدىمكى ئالتاي قوۋملىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنى — شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» بىزگە مەلۇمكى شامان ئېتىقادىدا كائىنات ئۈچكە (كۆك، پانىي ئالەم، باقىي ئالەم) بۆلۈنگەن. كۆك — ئىلاھلار ۋە پەرىشتىلەر ماكانى، پانىي ئالەم — بەندىلەر ماكانى، باقىي ئالەم (جەھەننەم) ـ يامان روھلار (جىن ـ شەيتانلار) ماكانى دەپ قارالغان. «ئىلاھلار ماكانى» دەپ تەۋسىيە قىلىنغان كۆك ئاسمان يەنە يەتتە سەييارە — يەتتە پەلەك ئېتىقادىغا كېڭىيىپ، كۆكنىڭ مەنىسى يەتتە ئىلاھ (يەتتە سەييارە ـ يەتتە پەلەك) نىڭ سۈپىتىگە ئالماشقان ياكى تەكشۈرۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن شامانىزم ئېتىقادىدىكى پانىي ئالەم، باقىي ئالەم ۋە كۆكنىڭ كونكرېت سۈپىتى بولغان يەتتە پەلەك

(يەتتە قات ئاسمان) قوشۇلۇپ، ئالەم ئەنە شۇ توققۇز هاياتلىق مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان، دېگەن ئىپتىدائىي قاراش بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ ئالەم قارىشى «توققۇز» غا مۇجەسسەملەشكەن. نەتىجىدە «توققۇز» نى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادى كېلىپ چىققان[144].

13) توققۇز باشلىق ئەجدىهاغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي تۇتېم ئېتىقادىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش.

بۇ قاراشنى تۇيۇەنچى بىلەن تۇشى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇلارنىڭ بايانىچە، مەركىزىي جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدە ئەجدىها «توققۇز باشلىق ئەجدىها» نامىدىمۇ ئاتالغان. بۇنداق ئەجدىهاغا هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان قەدىمكى لوياڭ (落阳) ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «توققۇز شەھىرى» يەنى «توققۇز گور شەھىرى» دە ئىلگىرى ـ كېيىن ياشىغان گور (鬼方) لار ۋە شيا قوۋمى (夏族) ئېتىقاد قىلغان. گورلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان هونلارنىڭ ئەجدىهاغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى هەممە كىشى بىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئەجدىها «توققۇز باش» ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلىنغان. بۇنىڭدا يەنىلا «توققۇز» نىڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەس ۋە كۆپ، نۇرغۇن مەنىلىرىنىڭ بولغانلىقى سەۋەب بولغان. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇتېم ئىلاھ هەم سىرلىق، شۇڭا تۇتېم قىلغان نەرسىنى توققۇز باشلىق ئەجدىها دەپ هېسابلىغان، تەبىئىيكى بۇ سىرلىق، مۇقەددەس نەرسە بولغاچقا، «توققۇز» دىن ئىبارەت سىرلىق سانىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى بولۇپ قالغان[145].

14) دىچياڭلار (氐羌) دىن كەلگەن دېگەن قاراش.

يى شۇشيەن، تيەن داشيەنلەر ئوتتۇرا جۇڭگو خەنزۇ مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىدىكى «مۇقەددەس سان توققۇز» مەركىزىي جۇڭگو رايونىنىڭ غەربىدىكى دىچياڭلاردىن،

دىچياڭلارغا بولسا تېخىمۇ غەربتىن كەلگەن دەپ ھېسابلىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سىرلىق «توققۇز» سانى چۈشەنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق گەنسۇ ـ چىڭخەي ئېگىزلىكىدە ياشىغان دىچياڭلارغا، ئاندىن مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا تەسىر قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن مېتال تاۋلاش تېخنىسكىنىڭ شەرققە يېتىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن[146].

15) ئۇلۇغ ۋە كۆپ سان چۈشەنچىسىدىن كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇنى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. قەدىمدە «توققۇز» دىن ئۇلۇغ ۋە كۆپ سان يوق ئىدى. دەرۋەقە، ساناق ئىلمىدە «ئون» دىن كېيىنكى سانمۇ يەنىلا شۇ توققۇز سان ئىچىدىكى سانلارنىڭ قايتىلىنىشى، دەپ ھېسابلايدۇ[147].

16) ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئاسترونومىيىلىك بىلىملەردىن ياكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادتىن كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇنى مەن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. ئەمما، خاس «توققۇز» نىڭ كېلىشىدىكى كونكرېت قاراشنى دېمىگەن[148].

17) تۇغلا دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇنى ياڭ شىڭمىن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ توققۇز ئوغۇز نامىنى چۈشەندۈرگىنىدە، توققۇزنى «تۇغلا» دەرياسىنىڭ نامىغا باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇغلا دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى «دۇلا» ياكى «توخۇلا» بولۇپ، بۇ تۈركىي تىلدىكى «توققۇز» نىڭ ئاھاڭ (تەلەپپۇزى ئىدى ـ ئا). يەنى، تۇغلا دەرياسى دېگەن سۆز دەل «توققۇز دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تىللار ئىچىدە توققۇزغا چوقۇنىدىغان ئادەت بار ئىدى[149]، دەپ ھېسابلىغان.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە ئادەم بەدىنى توققۇز ئۇگىدىن تەركىب تاپقان دېگەندەك ۋە باشقا قاراشلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسلىرى ۋە سەۋەبلىرى بار. شۇڭا، ئۇلارنى يۇقىرىقىدەك بىر - بىرلەپ كۆرۈپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەس.

بۇ قاراشلارنى ئايرىم - ئايرىم مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە لازىم بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار توغرۇلۇق قىسقىچە تەقرىز ئېلىپ بېرىشتا مۇنداق بىر قانچە پىكىرنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم، ئەلۋەتتە.

خەنزۇلاردىن كەلگەن، تۈركلەردىن كەلگەن، موڭغۇللاردىن كەلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇزخانىدىن كەلگەن، بابىللىقلاردىن كەلگەن، ئىسلام دىنىدىن كەلگەن، توققۇز ئوغۇزلاردىن كەلگەن، توغلا — توققۇز دەريا نامىدىن كەلگەن، شامان دىنىدىن كەلگەن دېگەن قاراشلار بولۇپ، بۇلار ماھىيەتلىك پىكىر ئەمەس. توققۇز سان چۈشەنچىسى ھەر قايسى خەلقلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، بىر - بىرىگە تەسىر قىلغان. مۇشۇنداق ھەر خىل قاراشلارنىڭ بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

9 - خىل قاراشتىكى لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇقلاپ، لى يوڭ ئەپەندى 10 - خىل قاراشتا «توققۇز» نىڭ مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە سۈرۈپ، ئۇنى خەن - زاڭ تىللىرى ۋە ئالتاي تىللىرىغا تەۋە ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە ئورتاق ئەكس ئەتكەن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈكى ۋە شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان سىمانتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە رەقەملەر، دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، يى شۇشەنلەر غەربتىن كەلگەن، دەيدۇ. «تۇغلا» نىڭ توققۇز دەپ ئاتىلىشىغا ئاللىبۇرۇن كىشىلەر قوشۇلماسلىق پىكرىنى بەرگەن[150]. توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) بولسا مىلادىيىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

چىققان بولۇپ، بۇ نام تارىخىي ھۆججەتلەردە كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن، «توققۇز» نامىغا قوشۇلغان قوۋملار بولغان. تۈركلەردىن موڭغۇللارغا، موڭغۇللاردىن تۈركلەرگە ئۆتكەن دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇ بىر زىددىيەتلىك قاراش. بابىلىلىقلاردىن كەلگەن دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بابىلىلىقلاردا بۇ خىل قاراش بار چاغدا شەرق خەلقلىرىدىمۇ بار ئىدى. شامان دىنىدىن كېلىپ چىققان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، شامان دىنى ئومۇمىي تۈس ئېلىنىشتىن ئىلگىرىلا توققۇزنىڭ سىرلىقلىقى نامايان بولۇپ قالغان؛ يەنە بىرى خەنزۇلار ۋە بابىلىلىقلار ھەم غەرب مىللەتلىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئايرىم قاراشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەزىلىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. يەنى بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىزدەنگەنلىرى بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

مەلۇمكى، ئىپتىدائىي خەلقلەردە مۇرەككەپ سانلار ئوقۇمى بولمىغان. دۇنيادىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىدا ئون ئىچىدىكى سان ئاساس قىلىنغان. يەنى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەڭ دەسلەپتە بارمىقى بىلەن ساناق سانايتتى[151]. يەنى ئىنسانلار ئىككى قولىنى بىرلەشتۈرسە ئون (10) بولىدىغانلىقىنى، ئوندىن تۆۋەن سانلارنىڭ ھەممىسى ئوندىن كېيىن كەلگەندە تەكرارلىنىدىغانلىقىنى، ئوندىن تۆۋەن سانلارنىڭ ئىچىدە توققۇز سانى ئەڭ چوڭ سان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ خىل بايقاش جەريانىدا يەنە ھەر قايسى خەلقلەردە 1، 3، 5، 7، 9 دىن ئىبارەت تاق سانلارنى سىرلىق سان دەپ قارايدىغان قاراشلارمۇ شەكىللىنىپ بولغان. بۇ خىل تاق سانلارنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلۇشىدا بۆلۈنمەس سان ئىكەنلىكى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان. يەنى بۇ سانلار تەڭ نىسبەتتە پۈتۈن

بۆلۈنمەيدۇ. دېمەك، «توققۇز» تەكرارلانماس سانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقى، يەنە بىرى تەڭ نىسبەتتە بۆلۈنمەس سانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە خاسىيەتلىك ساندىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئامىلىغا ئىگە بولغان. بۇ خىل مەدەنىيەت ئامىلىغا چوڭ، ئۇلۇغ، كەڭ، مۇكەممەل، پۈتۈن، مۇقەددەس، ئۈتۈق، دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار، كېيىنچە، شانۇشەۋكەت، ئىنئام، ئۆلچەم ۋە مىزان دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارمۇ مۇجەسسەم قىلىنغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بارلىققا كەلگەن «خاسىيەتلىك سان توققۇز» دىكى چوڭ ۋە پۈتۈن ئۇقۇمى ھەر قايسى دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ بارغانسېرى مەزمۇن جەھەتتىن تاكامۇللاشقان. كىشىلەرنىڭ ئۇن بارمىقىدا ساناش ئەقەللىي ساۋات، ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە قەدىمكى زاماندا مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئون سانى ئىچىدىكى ئىپتىدائىي ماتىماتىكىلىق چۈشەنچىگە ئېرىشكەن ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى سانلارنىڭ ئەمەلىي رولى ۋە قوشۇمچە سىمانتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە رەقەملەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىستېتىك چۈشەنچىلىرىنى مەركەزلىك ۋە گەۋدىلىك يۇسۇندا ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. مەدەنىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، ھەر قايسى خەلقلەردە ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خاسىيەتلىك سانلاردىكى ئىلغار تەركىبلەر ئۆزئارا ئۆتۈشمە بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلاپ، سىستېمىلاشقان ھەم رايون خاراكتېرىگە ۋە مىللىي خاراكتېرگە ئىگە خاسىيەتلىك سان چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردىكى «خاسىيەتلىك سان توققۇز» ئۇزاق تارىخىي مەنبەئە، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساس ۋە قويۇق مەدەنىيەت ئامىلىغا ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 3. «ئوغوزنامە» دىكى مەزمۇنلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ شىمال ۋە غەربكە يۆتكىلىشىگە نەزەر

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئەمگەكنىڭ ئۆزى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تېخىمۇ خىلمۇخىل، تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ ھەر تەرەپلىمە بولۇپ كەلدى. ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىقتىن كېيىن يىپ ئىگىرىش، رەخت توقۇش، مەدەن ئېرىتىش، ساپال قاچا ياساش ۋە دېڭىز قاتنىشى كېلىپ چىقتى، سودا ۋە قول سانائەت بىلەن بىللە، ئاخىرىدا ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن مەيدانغا كەلدى؛ قەبىلىلەر تەرەققىي قىلىپ مىللەت ۋە دۆلەتكە ئايلاندى. قانۇن ۋە سىياسىي تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئادەملەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى — دىنمۇ تەرەققىي قىلدى[152].» ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق ئەينىكى ھېسابلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭمۇ شۇ تەرەققىيات جەريانىنى بىلىشىمىزدە مۇئەييەن رولىنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلىتىدۇ[153]. بولۇپمۇ ئىپتىدائىي ئەدەبىيات كۈچلۈك دەۋرچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. ھومېرنىڭ «ئىلئادا» ۋە «ئودىسئا» ئېپوسلىرى قەدىمكى گرېك جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇلاردىن مورگان ۋە ئېنگېلسلار قەدىمكى

جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتا كەڭ پايدىلانغانىدى.

«ئوغۇزنامە» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى ئىزدەشتە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلىمىز.

ئېنگېلس «قورال بولسا ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيىتىدىن، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەكس تەسىرىدىن، ئىشلەپچىقىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ[154]» ، دەپ كۆرسەتكەن. ماركسمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «يوق بولۇپ كەتكەن هايۋان تۇرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ هايۋانلار گەۋدىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ يوق بولۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي فورماتسىيىلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىكتۇر. ئىقتىسادىي دەۋرلەر بىر – بىرىدىن نېمىلەر ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانداق ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن، قانداق ئەمگەك ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن پەرق قىلىدۇ.»[155]، «ئوغۇزنامە» دە ئوقيا، نەيزە، قىلىچ قاتارلىق قوراللار تەسۋىرلەنگەن. ئوت ئالغۇچ قوراللار ھەققىدە گەپ يوق. ئېنگېلس ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھەققىدە توختالغان چاغدا، جاھالەت دەۋرىگە ئوقيانى، ياۋايىلىق دەۋرىگە قىلىچنى، مەدەنىيلىك دەۋرىگە ئوت ئالغۇچ قوراللارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتكەنىدى[156].

ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلىشىدىكى مىزانى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

دەۋرلەرنى ئايرىشنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئوغۇزنامە» نىڭ بېشىدا ئوغۇزنىڭ خام گۆش سورىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار يىراق جاھالەت دەۋرىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا، يەنى ئېنگېلسنىڭ ئېيتىشىچە جاھالەت دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئوت ئىختىرا قىلىنغان[157] . ئىنسانلار ئوتنى ئىختىرا قىلىشتىن بۇرۇن، گۆشنى خام يەيتتى. بۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ بىخلىنىش دەۋرىنىڭ بۇرۇن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز يىلقىلارغا قارايدۇ، ئات مىنىدۇ، ئوۋ ئوۋلايدۇ. شۇنداقلا چوڭ ئورمانلىقتىكى ئېقىنلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ يۈرۈشى تەسۋىرلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار يىغىش ـ توپلاش مەشغۇلاتىدىن كېيىن ئوۋچىلىق ئەمگىكىنى باشلىغان ھەم ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقى تەسۋىرلەر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ چارۋىچىلىق پائالىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى كارتىنىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن، بۇ ئوۋ ئاساس ئىگىلىكتىن چارۋىچىلىق ئاساس ئىگىلىككە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى يۈكسىلىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلىنىشىچە، قىئات دېگەن بىر ۋەھشىي ھايۋان خەلققە ئۇزۇن مۇددەت زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دەسلەپتە ئۇنى ھېچكىم بويسۇندۇرالمايدۇ. مەلۇم مەزگىللەردىن كېيىن باتۇر ئوغۇز نەيزە بىلەن قىئاتنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ، قىلىچ بىلەن بېشىنى كېسىدۇ. بۇ قىئاتنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يەۋاتقان شۇڭقارنى ئوغۇز ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىدۇ، ئوغۇز: «قاراڭ . . . قىئات بۇغا يېدى، ئېيىق يېدى، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ، نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى، شۇڭقار قىئاتنى يېدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز

ئۇچىسمۇ ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى.» دەپ تەنتەنە قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئۇزاقتىچە ئىنسانلارنى سارامىگە سالغان ۋەھشىي ھايۋانلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ خىل غەلىبىدىن پەخىرلىنىش ئىستىكىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوغۇزخان مال ـ دۇنياسىنى توشۇش ئۈچۈن قانغا، يەنى ھارۋا ئىخترا قىلغان كىشىگە قانغالۇق دەپ ئات قويىدۇ. ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى ئىساك ئاسموپ مۇنۇلارنى يازغان: «ئات ـ ئۇلاقتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىيىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ كەلگەن» [158]. ئوتتۇرا ئاسىيادا ھارۋىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ناھايىتى بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. ئالتۇنتاغدىكى 6000 ـ 8000 يىللار بۇرۇنقى قىياتاش سۈرەتلىرى ئىچىدە ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ سۈرىتى بولغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا[159]. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسىملىرى يىراق ئۆتمۈشتىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان مۇھىم رايونلىرى بولۇپ، بۇ جايلارغا ئويۇلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئۇلار ئىشلەتكەن ھارۋىلارنىڭ ئىزلىرى قالدۇرۇپ كېتىلگەن[160]. بايقال كۆلىدىن تارتىپ ئالتاي ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپلىرى مىلادىيىدىن ناھايىتى بۇرۇنلا دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيەت رايونى بولۇپ، يېنسەي دەرياسى ۋە ئالتاي ئەتراپلىرىنى مەركەز قىلغان بۈيۈك قارا سۆك مەدەنىيىتى (Карасука я Культура) يارىتىلغان، مۇشۇ چاغلاردا دىڭلىڭلار ھارۋا ئىجاد قىلغان[161].

دىڭلىڭلار ھارۋا ئىجاد قىلىشتا باشلامچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىشلەتكەن ھەم

www.uyghurkitap.com

تېخنىكىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولغان.

تارىخچى سۇ بىيخەي مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئەزەلدىن ئالتاي، يېنسەي دەريا ساھىللىرىدىكى قاراسۇك دەۋرىدە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى دىڭلىڭلار چارۋىچىلىق قىلغان، شۇ چاغلاردىكى دىڭلىڭلار ھارۋا ئىشلەتكەن، كېيىنچە، ساكلار ئالتايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دىڭلىڭلارنىڭ ھارۋا ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغان ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن . . . شۇنىڭ بىلەن بىرگە تارىخىي خاتىرىلەر كىشىلەرگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، دىڭلىڭ ( 丁零 ) تېلى ( 铁勒 ) دېگەن نامنىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى بولۇپ، تېلى يەنە ئېگىز ھارۋىلىق ( 高车 ) لار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ‹ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى ناھايىتى ئېگىز، توشۇلىدىغان ماللىرى كۆپ› ئىدى. چارۋىچىلىق قىلغان چاغلاردا ‹ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار بىلەن ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ يۈرەتتى› ( ‹ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە› گە قارالسۇن ) ، بۇلار دىڭلىڭلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى ئالاھىدە يوغان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ ھەممىسى تېلى قوۋملىرىنىڭ پائالىيەت رايونلىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا دىڭلىڭلار ئۇسلۇبىدىكى ھارۋىلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ تېپىلىشى مۇقەررەر. چاغانتوقاي ناھىيىسى بارداقۇل رايونىدىكى ھارۋا شەكلى ئويۇلغان قىياتاش سىزمىلىرى ئىچىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىسى ئون ئىككى، ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىغا يېقىن يەردىكى قىياتاش سۈرەتلىرىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىسىمۇ ئون ئىككى، ئىچكى موڭغۇل يىڭشەن (چوغاي) تاغلىرىدىن تېپىلغان دىڭلىڭلار ئۇسلۇبىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىلىرى ئون بەشتىن كۆپرەك

ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە توغرىلىقى ئىسپاتلانغاندى»[162]. ئامېرىكىلىق ئالىم مېيكگوۋېننىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ھونلاردا ھارۋا ئىشلىتىش ناھايىتى ئومۇملاشقان، دائىم چوڭ ھارۋىلار بىلەن قاتناپ يۇرگەن، بۇنداق ھارۋىلار ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ قالغان[163].

«ئوغۇزنامە» دە ھارۋىغا قانداق ھايۋان قوشۇلغانلىقى ئېيتىلمىغان. دۇنيادىكى ھەر قايسى خەلقلەر قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆز ئالدىغا ھارۋا ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قايسى ھايۋاننى قوشقانلىقىدا ئوخشىماسلىقلار بار. مېيكگوۋېن مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى دەۋرلەردە مېسسوپوتامىيىلىكلەر چاقنى ئىجاد قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ھارۋىنىمۇ ئىجاد قىلغان، ئەينى چاغدا ئۇلار ئاتنى ناھايىتى ئاز بىلەتتى، كالا ۋە ئېشەكلەر بىلەن ھارۋىلارنى تارتقۇزاتتى. كالا ھارۋا تارتىشقا باب بولۇپ، مىنىشكە مۇۋاپىق كەلمەيتتى، ئېھتىمال، بۇ ھەر قايسى جايلاردا ھارۋا تارتىشنىڭ ھايۋانلارغا مىنىپ پايدىلىنىشتىن بۇرۇن بولغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن[164]. ئات — ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياۋايى ئاتتىن ئەڭ بۇرۇن كۆندۇرگەن ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. «بايقال تاغلىرىدىكى بىر سىنتاشقا سىزىلغان رەسىمدە بىرقانچە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇغ قادالغان بىر ياۋىداق ئاتنىڭ سەپ ئالدىدا ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن (بۇنىڭدىن 6000 يىل ئاۋۋالقى رەسىم)[165].

ياپونىيىلىك چيەن داۋشىنشى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 10000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ[166].

ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ھەر خىل يوللار بىلەن سەنئەتتە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، ئەجدادلار ئۆزلىرى كۆندۇرگەن

ئاتلارنىڭ سۈرەتلىرىنى قىيا تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرۇپ قويغان. چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى ئىچىدىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدا قىياتاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈمدىكى سۈرەتلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ، بۇنىڭدا ئاتنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار. «ئالتۇنتاغدىكى قەدىمكى قىياتاش سۈرەتلىرىنى ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن 6000 ـ 8000 يىللار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن دېيىش مۇمكىن[167]» . مېيىكگۈيىن ساكلارنىڭ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن. ئاتلىق ئوقيا ئېتىش ساكلارنىڭ چوڭ بىر كەشپىياتى ئىدى. ھونلارمۇ ئاتلىق ئوقيا ئېتىش، ئاتلىق جەڭ قىلىش ماھىرلىقىغا تايىنىپ موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا دەۋر سۈرگەن. موڭغۇل، سىبىر يايلاقلىرى دۇنيادىكى چوڭ يايلاقلار بولۇپ، بۇ يەردە مۇساپە ئۇزۇن، توشۇلىدىغان مال ـ يۈك كۆپ، ھارۋىلارغا ئاتتىن باشقا ھايۋانلارنى قوشسا ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقى مۇمكىن. ئوغۇزنىڭ دائىم بىر چېپار ئايغىرغا مىنىپ يۈرىدىغانلىقىغا قارىغاندا ۋە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىساك ئاسىموۋىنىڭ ئات ـ ئۇلاقتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىيىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن دېگەن قارىشى بويىچە بولغاندا، «ئوغۇزنامە» دىكى ھارۋىغا ئات قوشۇلغان دېيىشكە بولىدۇ.

بىز ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىدىن، «ئوغۇزنامە»نىڭ مىلادىيىدىن ناھايىتى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالايمىز.

«ئوغۇزنامە»نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىزدىگەن چېغىمىزدا، ئىككىنچى باسقۇچتا ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە تەرەققىياتى تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىمىز. ئېنگېلس

مۇنداق دەيدۇ: «. . . ھەربىر دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى رېئال ئاساسنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھەربىر تارىخىي دەۋردە قانۇن مۇئەسسەسلىرى ۋە سىياسىي مۇئەسسەسلەردىن ھەمدە دىنىي، پەلسەپىۋى ھەم باشقا ئۇقتىئىينەزەرلەردىن تۈزۈلگەن پۈتۈن ئۇستقۇرۇلمىنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ ئاساس بىلەن چۈشەندۈرۈشى لازىم»[168].

ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ تەتقىقاتى بىزگە مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى (ياكى ئىدىيىسى) دىن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، شۇڭا ئېپوستىكى ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىنى ئالدى بىلەن دىنىي ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك دەۋرچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە پەرقلىق بولغان دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە تۇتېمغا، قەبىلىچىلىك دەۋرىدە بوۋىلارغا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنغان، بۇلار بىر خۇدالىق دىنغا ئۆتۈشنىڭ ھارپىسى بولغانىدى.

«ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېمغا، بوۋىلارغا، كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسى ۋە شامان دىنى ئەقىدىسى خىلىلا كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئېپوستا ئۇيغۇرلار ئىشەنگەن بۇددا، مانى، زورو ئاستىر، نىستورىئان ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت ھېچقانداق تەسىر يوق. شىنجاڭغا بۇددىزم كىرگىنىگە 2000 يىلغا يېقىن بولدى. مانى دىنى مىلادىيە 763 ـ يىلىدىن باشلاپ موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار

ئارىسىغا تارقالغان. باشقا دىنلار ئومۇمەن مىلادىيىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تەسىر قىلغان. «ئوغۇزنامە» XIII ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يۇقىرىقى سۇننىي دىنىنىڭ تەسىرى سىڭمىگەن. «ھەرقانداق مىللەت ... ياكى ئازدۇر - كۆپتۇر سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتنىڭ ۋە باشقا مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ». دېمەك، «ئوغۇزنامە»گە بۇ دىنلارنىڭ تەسىرى بولماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھال قانداقتۇر ئۇنىڭ يىراق ئۆتمۈش نۇسخىلىرىمۇ بار ئىكەنلىكىدىن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ نۇسخا ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس، مانا بۇلار ئېپوسنىڭ ھەقىقەتەن يىراق دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى ھامان ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە بولغان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى، كۆپ ھاللاردا دىنىي چۈشەنچىلەر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئەدەبىيات ئۇنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل بولۇپ قالغان.

«ئوغۇزنامە»نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۈرۈشتە قىلغان چېغىمىزدا، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئالاھىدە سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئېپوستا ئوغۇزخاننىڭ ئوڭ (شەرقى) تەرىپىدە ئالتۇن خانلىق، سول (غەرب) تەرىپىدە ئۇرۇم خانلىقى جايلاشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئالتۇن سېرىق بولۇپ، ئۇنى قىزغۇچ ياكى قىزىلغا مايىل دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، قەدىمكى ئىنسانلار ئالتۇننى قىزىل رەڭ كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ قارىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۈرۈڭ سۆزى ئۈرۈڭى، ئۇلۇغ ئۈرۈڭى دېگەندەك ئادەم ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىش بىلەن بىللە «قارا بۇدۇن» (قارا خەلق) سۆزىنىڭ قارشىسى سۈپىتىدە «ئۈرۈڭ بەگ» (ئاق بەگ) سۆزى

ئىشلىتىلگەن. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «ئۈرۈڭ» دېگەن سۆزنى ئاق دەپ ئىزاھلىغان[169]. بۇ، «ئۈرۈڭ » دېگەن سۆز «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۈرۈم» دېگەن سۆز بىلەن بىر دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ئادەت بار. ئائىلىدە بىراۋ (ئاساسەن ئۇششاق بالىلار) ئاغرىپ قالسا، ئانىسى كىچىك بالىلارنى يەتتە ئۆيلۈك قوشنىسىدىن يۈرۈڭ (جانلىق تىلدا ژۈرۈڭ) تىلەپ كىرىشكە بۇيرۇيدۇ، بالىلار قول ـ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قوشنىلار بەرگەن يۈرۈڭ (ئاساسەن پاختا، ئاق رەخت پارچىلىرى) نى قىستۇرۇپ ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنى ئانا قولىغا ئېلىپ، كېسەلنىڭ باش تەرىپىدىن ئەپسۇن ئوقۇغاچ ئايلاندۇرۇپ، ئۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بۇنى، ئۇيغۇرلار «ژۈرۈڭ تىلەش» دەپ ئاتايدۇ. «ۋېينامە» («魏书»)، «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» («北史») دېگەن كىتابلاردا، ئۇيغۇرلار قەدىمكى قىزىل دى (赤狄) لارنىڭ نەسلىدىن ئىدى، دەپ بىردەك قەيت قىلىنغان. قىزىل دىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا «ئوكيانۇس» («辞海»، ‹كىچىكلىتىلگەن نۇسخا›)، 1951 ـ بەتتىن مۇنۇلارنى ئۇچرىتىمىز: «قىزىل دى قەدىمكى قوۋم نامى، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى دى (狄) لارنىڭ بىر قىسمى. . . ئېيتىشلارغا قارىغاندا قىزىل چاپان كىيىدىغان بولغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغانىكەن.» دى (狄) لار ھەققىدە يەنە شۇ كىتابنىڭ 819 ـ بېتىدە مۇنداق يېزىلغان. «دى، قەدىمكى قوۋم نامى . . . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅶ ئەسىرلەردە قىزىل دى(赤狄)، ئاق دى(白狄)، ئېگىز دى (长狄) دېگەن قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن.» 1759 ـ بەتتە بولسا «ئاق دى» لارنى چۈشەندۈرۈپ، ئاق چاپان كىيىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان، دېيىلگەن. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۈزۈن دىلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ئانچە كۆپ

www.uyghurkitap.com

خاتىرىلەنمىگەن، ئەمما قىزىل دى ۋە ئاق دىلارغا ئائىت مەزمۇنلار خېلى كۆپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات ساقلانغان. بىز «ئوغۇزنامە» دىكى ئۇرۇم خانلىقىنى «ئاق دى» لار، ئالتۇن خانلىقىنى «قىزىل دى» لار دەپ پەرەز قىلىمىز. كۆك تۈركلەر دەۋرى (552 ـ 744) دە «ئاق تۈرك» دېگەن قوۋمنىڭ بولغانلىقى بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەشكە خېلىلا زور يادرىمى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى نېمە ئۈچۈن قەدىمكى دەۋردە ئاق ۋە قىزىل رەختتىن پەرقلەندۈرۈپ چاپان كىيىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار كۆككە چوقۇنغاندا ئۇنىڭدا ھامان بىر كونكرېت نەرسە مەۋجۇت دەپ قارىغان، بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان كۈن ۋە ئاي ئىدى. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىم تەسىر قىلىپ تۇراتتى. كۈن يېڭى چىققاندا قىزغۇچ ياكى قىزىل كۆرۈنگەچكە، كۈنگە چوقۇنىدىغان قەبىلىلەر قىزىل چاپان كىيىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ئاي يېڭى كۆرۈنگەندە ئاقۇش ياكى ئاقتا مايىل بولۇپ، ئايغا چوقۇنىدىغان قەبىلىلەر ئاق چاپان كىيىپ ئايغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى تۇرمۇشىدىمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئەرلەر قىپقىزىل چاپان ياكى تون كىيىشەتتى، ئاياللار، ئەرلەر ئاپئاق پەرەنجە، پەشمەتلەرنى كىيىۋالاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئارتىسلار سەھنىگە چىققاندا بەزىدە يەنىلا قىزىل تون، ئاق يەكتەك كىيىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كۈن، ئايغا چوقۇنىدىغانلىقى ھەققىدە ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە باشقا چەت ئەل مەنبەلىرىدىن مەلۇماتلار تېپىشقا بولىدۇ.

بولۇپمۇ «ئوغۇزنامە» دىن بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز. «ئوغۇزنامە» نىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخان تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە 40 غۇلاچلىق ئىككى خادا بېكىتىپ، ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكىسىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. مانا بۇ كۈن ۋە ئايغا قىلىنغان ھۆرمەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشى. ئالتۇن توخۇنى كۈننىڭ، كۈمۈش توخۇنى ئاينىڭ سىمۋولى دېيىش مۇمكىن. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دىكى «ئالدىمدا كۈنچىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر ماڭا ‹ئۆزلىرىنىڭ›، كۈچلىرىنى بېرۇر» دېگەن جۈملىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن ۋە ئاينىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىدۇ دەپ قاراش چۈشەنچىسىنى ۋە «ئوغۇزنامە» دىكى ئۇرۇم خانلىقىنىڭ غەربكە، ئالتۇن خانلىقىنىڭ شەرققە جايلىشىش ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بىز بىر قاتار تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق دى، قىزىل دى دەپ بۆلۈنۈشى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII – VIII ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايمىز.

«ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزنىڭ ھەربىي يۈرۈش مەسىلىسى ئۈزۈندىن بۇيان «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتىدا ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى. ئوغۇزنىڭ ئاساسىي يۈرۈشى (خۇاڭخې دەرياسى) نىڭ شىمالىدىكى قوۋمىلارنىڭ يېنىسەي دەرياسى، ئېتىل دەرياسى ساھىلىگە يۆتكىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

XX ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن شۇنى ئىسپاتلاپ چىققانكى، قەدىمكى

www.uyghurkitap.com

دەۋرلەردە ئەنقارە دەرياسى ساھىلىدىن تارتىپ يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دىڭلىڭلارنىڭ قەبىلىلىرى تارقىلىپ ياشىغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ يىن شاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىغىچە) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدىن كېڭىيىپ جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ مىس قوراللار دەۋرىدىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان «قاراسۇك» تىپىدىكى مەدەنىيەت شەكىللەنگەن، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن، بۇلار جۇڭگونىڭ يىلنامىلىرىدە «دىڭلىڭ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، جەنۇبىي سىبىرىيە مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىيات ئاساسىغا ئىگە قىلغان[170]. سوۋېت ئالىملىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدىن، جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تارماق دىڭلىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قەدىمكى دىڭلىڭلار ئەسلىدە ئورال ـ ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدىكى كەڭ رايونلاردا تارقىلىپ ياشىغان دېگەننى ئىسپاتلاپ چىقتى[171]. بۇ قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغا تارقىلىپ ياشىغان، ئالتاي ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشىمىغان دېگەن مۇجمەل قاراشنى ئۇيغا سېلىپ قويىدى.

دىڭلىڭلار نېمە ئۈچۈن خۋاڭخې دەرياسى ساھىلىدىن يېنسەي، ئورال ئەتراپلىرىغا كۆچكەن، بۇنىڭ «ئوغۇزنامە» دە ئىپادىسى كۆرۈلگەنمۇ؟

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دىڭلىڭلار جۇڭگونىڭ شاڭ، جوۋ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەرگە گۈيفاڭ ( 鬼方 ) دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرىلەنگەن[172]. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا خېلىلا كۈچلۈك

ھېسابلانغان. شاڭ، جوۋ خانلىقلىرى گويفاڭلار بىلەن كۆپ چاغلاردا قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولغان، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار، ياۋايىلار، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىجادىي ئەمگەككە قارىغاندا ئوڭاي ۋە شەرەپلىك ئىش. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەردىن ئۆچ ئېلىش ياكى ئۆزىگە يېتىشمەيۋاتقان زېمىننى كېڭەيتىش ئۈچۈنلا بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى پەقەت بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇرۇش ئۇلارنىڭ دائىملىق كەسىپىگە ئايلىنىپ قالغان»[173]. ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرى بىزگە قەدىمكى خەلقلەر ئارىسىدا دوستلۇقنىڭ بولۇشى بىلەن بىللە، ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شاڭ، جوۋ قۇلدارلىق ئىمپېرىيىسى گويفاڭلارنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشلىرىنى ئېلىپ بارغان، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى چوڭراق بولغىنى ئۈچ قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[174]. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى» دە «ۋۇدىڭ (شاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى) غەربىي چياڭ گويفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۈچ يىلدا ئاران مەغلۇپ قىلغان» دېيىلگەن. شاڭ، جوۋ دەۋرلىرىدە گويفاڭلارنىڭ بىر قىسمى ھەر خىل سەۋەبلەر، ئاساسەن باشقىلار بىلەن چىقىشالماسلىقلار تۈپەيلىدىن شىمالغا ۋە يېنىسەي ـ ئورال تەرەپلەرگە سۈرۈلگەن[175]. ئەمما، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي ساھىللىرىدە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆچى يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن. بۇلارنى بىز جوۋ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يازما ھۆججەتلەردىن دەلىللەيمىز. جوۋ سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە

گۆيفاڭلارنى «دى» ( 狄 ) دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرلىگەن. «بەگلىكلەر تەزكىرىسى — جېڭ بەگلىكى تارىخى» ( 国语 · 郑语 ) دا جوۋ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىدىن، 771 ـ يىلىغىچە) گە قوشنا بەگلىكلەر سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «دى» ( 狄 ) قوۋمىنىڭ سەككىز تائىپى قۇرغان سەككىز بەگلىكنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان، بۇ بەگلىكلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت. «جەنۇب تەرىپىگە جىڭ، مەن، جىن، لۇ، يىڭ، دىڭ، جېن، سەي، تاڭ قاتارلىق بەگلىكلەر؛ شىمالى تەرىپىگە ۋېي، يەن، دى، شەنيۇ، لۇ، چۇەن، تۇ، پۇ قاتارلىق بەگلىكلەر؛ غەرب تەرىپىگە يۇ، گو، چىن، گۇي، خۇ، ياڭ، ۋېي، رۇي قاتارلىق بەگلىكلەر؛ شەرق تەرىپىگە چى، لۇ، ساۋ، سوڭ، تېڭ، شۇ، زۇ، جوۋ قاتارلىق بەگلىكلەر جايلاشقان.» ، «بۇلارنىڭ ئىچىدە دى قوۋملىرى قۇرغان بەگلىكلەردىن دى، شەنيۇ، لۇ، چۇەن، تۇ، پۇ، گۇي قاتارلىقلار ۋە باشقا دىلار بار»[176] . دىلار خۇاشيا قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن «شىمالىي دى» ( 北狄 ) دەپمۇ ئاتالغان. «سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىن قارىغاندا، چۇنچيۇ ـ جەنگو دەۋرلىرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 722 ـ 221 ـ يىللار) ‹شىمالىي دى› لار ئاللىبۇرۇن سىنىپسىز جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى ئورۇنلاپ بولغان» (لى سوڭ، ياڭيوڭ سۆزى) جەنگو دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 ـ 221) دە جۇڭشەن بەگلىكىنى قۇرغان بولۇپ ، بۇ دىلار تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭشەن بەگلىكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323 ـ يىللىرى بىر قىسىم بەگلىكلەر بىلەن خانلىق دەپ تەن ئېلىنىپ 30 يىل مەۋجۇت بولغان. بۇ خانلىقنىڭ ئورنى بۈگۈنكى خېبېي تەۋەسىدە بولۇپ، جىڭدىڭنى مەركەز قىلغان، چېگراسى شەرقتە خېڭشۇيغىچە، جەنۇبتا بۈگۈنكى يۇڭپىڭغىچە، غەربتە بۈگۈنكى جىڭشىڭغىچە،



www.uyghurkitap.com

شىمالدا بۇگۇنكى باۋدىڭغىچە بارغان[177]. دېمەك، ئالتۇن خانلىق بىلەن ئۇرۇم خانلىقىنىڭ خانلىق سۇپىتىدە «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلىنىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك رېئال ئاساسى بار.

ئوغۇزخان شەرقتىكى ئالتۇن خاقانلىقىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىنى ئۆتۈنۈشى بىلەن، ئالتۇن خاقانلىق بويسۇنىدۇ. سول تەرەپتە ئۇرۇم خانلىق بولۇپ، ئۇ ئوغۇزنىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخاقانىنىڭ غەزىپى كېلىپ، دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئوغۇز قوۋملىرىنىڭ رەسمىي ھەربىي يۈرۈشى باشلىنىدۇ. ئوغۇز ئۇرۇم خاقانلىق بىلەن ئېتىل دەرياسى قىرغىقىدىكى قاراتاغ باغرىدا تۇنجى قېتىم قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. مانا مۇشۇ يەردىكى «ئېتىل دەرياسى» يېنسەي ئورال تەرەپلىرىدىكى ئېتىل دەرياسىنى ئىختىيارسىز ئەسلىتىدۇ. دېمەك، بىز شۇلارنى پەرەز قىلىمىزكى، شاڭ، جوۋ دەۋرىدە شىمال، يېنسەي ـ ئورال تەرەپلىرىگە يۆتكەلگەن دىڭلىڭلارنىڭ باشلامچىلىرى ئۇرۇڭ (ئاق دى ياكى گۇيفاڭ — دىڭلىڭ) لار بولۇپ، ئوغۇز مانا مۇشۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور قوشۇن چىقىرىپ شەرقتىن شۇلار ياشاپ تۇرغان ئېتىل بويلىرىغا يۈرۈش قىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇن ھەر خىل نامدا ئاتالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. دى، دىڭلىڭ، گۇيفاڭ، تېلى، ئېگىز ھارۋىلىقلار دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ناملىرى ئىدى. مەشھۇر ئالىم ۋاڭ گوۋېي ( 王国维 ) بۇ ئەھۋاللارغا ئىزاھات بېرىپ، ئۇلار «دەۋرگە ئەگىشىپ پەرقلىق ئاتالغان» دەيدۇ (ۋاڭ گوۋېي: «گۇيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈنلەر ھەققىدە تەتقىقات»قا قاراڭ).

«ئوغۇزنامە» دە دىۋە، پەرى، ھۆر ـ غىلمان، قۇيۇن،

جىن ـ ئالۋاستى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئوبرازى كۆرۈلمەيدۇ. بۇلار ئاساسەن ئىران، ئەرەب ۋە شۇ ئەتراپتىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كېيىنكى دەۋرلەردە بىرقەدەر تەسىر كۆرسەتكەن، بۇلارمۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ ھەقىقەتەن يىراق ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

«خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەينى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن، ئۇ خەلقلەر تارىخىنى پوئېتىك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەبىر ـ جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەرنى (ئەلۋەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك»[178]. شۇڭا، م. گوركىي «فولكلور ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، تارىختىن بۇيان ھېچ ئارقىدا قالماي، ئەگىشىپ كەلمەكتە»[179]، دېسە، رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنسكىي «گرېكلارنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپرەكى سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن، ئۇلارنىڭ مىللىي تارىخى ئاساسەن سەنئەت تەرەققىياتىدۇر»، ئۇ يەنە سۆزىنى تولۇقلاپ — «بىز ئۈچۈن گرېك سەنئىتى ئۆرنەك، فورما ۋە يۇقىرى ئابرۇيى بولۇشى كېرەك، چۈنكى جاھاندا ھېچبىر خەلقنىڭ سەنئىتى گرېك سەنئىتىگە ئوخشاش ئۆزگىچە خاس ۋە نورمال رەۋىشتە ئۆسكەن ئەمەس. قەدىمكى گرېكلارنىڭ ئەلتۆكۈسلۈكى كۆپرەك سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن گرېك سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ھۆجەيرىلىرى بىز ئۈچۈن لايىق (ياكى مۇناسىپ — نەقىلچىدىن) ئابرۇيى كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»[180].

## بىرىنچى بۆلۈمدىكى ماقالىلەرنىڭ ئىزاھاتى ۋە مەنبە كۆرسەتكۈچى:

[1] ،[3] ئېنگېلس «تۇرانلار» نى ئىنسان تۈركۈمى سۈپىتىدە تىلغا ئالغاندا مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى قىلغان. «ئەڭ ئالغا كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئارى ـ (Ariyis) ـ ئارىيانلار، سېمىت (سام) لار ۋە ئېھتىمال تۇران (Turan) لاردىمۇ دەسلەپتە ئاساسلىق ئەمگەك — ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشتىن ئىبارەت بولغان»؛ ئۇ جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە مۇنداق بايان قىلغان. «تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ ھاۋا شارائىتىدا، ئۇزاق ۋە قاتتىق سوغۇق بولىدىغان قىش پەسلىدە لازىم بولىدىغان يەم ـ خەشەك زاپىسىنى تەييارلىماي تۇرۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس» . «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1952 ـ يىلى نەشرى، 274 ـ، 276 ـ بەتلەر.

[2] ل. ھ. مورگان «تۇران» ئاتالغۇسىنى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالغان. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنى تۈرلەرگە بۆلۈش، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش، ئىلمىي دەلىللەش ئىكەنلىكى بولۇپمۇ، قەدىمكى جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تارىخىنى ئۆگىنىشتە مالايانچە تۇغقانچىلىق تۈزۈمى، تۇرانچە تۇغقانچىلىق تۈزۈمى ۋە ئارىيانچە تۇغقانچىلىق تۈزۈمى دېگەن ئۈچ خىل تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانى غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. مورگان تۇرانچە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى «تۇران» دەپ ئاتالغان دائىرە بىلەن چەكلەپ قويماستىن، بەلكى ئۇنى «ئاسىيادا تۇرانىيانچە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى» (شۇ كىتاب، 2 ـ قىسىم ئۇيغۇرچە نەشرى، 657 ـ بەت) ، دەپ ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى، يەنى ئاسىيا دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى شىمالىي ـ جەنۇبىي ئامېرىكا، ئافرىقىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا بارلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ھال («قەدىمكى جەمئىيەت» ، 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى، 756 ـ، 757 ـ، 758 ـ بەتلەر) ، ئامېرىكىدىكى ھىندىئانلار، ئاۋىستىرالىيىلىكلەر، جۇڭگولۇقلار، ھىندىستاندىكى تامىللار، دارۋىد، گاۋرا تىلى ھىندىلىرى شۇنداقلا بىر قىسىم ئارىيان ئىرقلىرىنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇزۇن داۋاملاشقان، «بىرىنچى خىلى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن كېيىن بارلىققا كېلىپ، يەر شارىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغىچە تارقالغان» ، «ئاسىيادا ھازىرغىچە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان» ، «بۈيۈك تۇرانچە تۇغقانچىلىق تۈزۈمى» (شۇ كىتاب 2 ـ قىسىم، 757 ـ، 758 ـ، 579 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەتلەر) سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن تۇران تېررىتورىيىسىدىكى قەدىمكى تۇرانلارنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈشنىڭ لازىملىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

[4] «بۈيۈك لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيە». تۈركچە نەشرى XII توم، 37 ـ بەت.

[5] «قۇتادغۇبىلىك» ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5 ـ، 13 ـ بەتلەر.

[6] يۇقىرىقى كىتاب، 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ بەت ئىزاھات.

[7] لى يوڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» «ئۈرۈمچى كەسپى ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ( 乌鲁木齐职业大学学报 ) ، خەنزۇچە نەشرى، 1994 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ سان.

[8] لى يوڭ «ئۇيغۇر ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەلىك كېلىپ چىقىشى» ، «مىراس» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى، 4 ـ سان، 54 ـ بەت.

[9] چيەن داۋشىنشى (ياپونىيە) «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 283 ـ، 284 ـ بەتلەر.

[10] «ئەمىر تېمۇر ئۆگۈتلىرى» (ب. ئەھمىدوف نەشرگە تەييارلىغان) «نەۋرۇز» نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، ئۆزبېكچە، 9 ـ بەت.

[11]،[12] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، 42 ـ بەت.

[13] ئەسەت سۇلايمان «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، 174 ـ بەت.

[14] نەۋائىي «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» — نەۋائىي ئەسەرلىرى، 14 ـ توم، 191 ـ، 195 ـ بەت.

[15] سېن جوڭمىيەن «تۈرك تارىخى توپلىمى» ( 突厥集史 ) ، 2 ـ قىسىم، جوڭخۇا نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 663 ـ بەت.

[16] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I ـ توم، 101 — 455 ـ بەتلەر.

[17] ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، 29 ـ بەت.

[18] «تارىخى ھەمىدىي» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 56 ـ، 720 ـ بەت.

[19]،[20] مۇزاييۋ «ئوتتۇرا ئاسىيا» ، موسكۋا ـ رۇسچە نەشرى، 1957 ـ يىلى [«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى ‹ I ›» . «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ، ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە سانى، خەنزۇچە، 1985 ـ يىلى، 78 ـ، 228 ـ، بەتلەر، (تۇران) ئاتالغۇسىغا ئىزاھ] .

[21] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1997 ـ يىل نەشرى.

[22] «چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات مەجمۇئەسى» (外国文学研究集刊)، 11 ـ توپلام، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 353 ـ بەت.

[23] ش. ئە. يەزدى «ئەمىر تۆمۈر كوراكان ھەققىدە قىسسە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 4 ـ بەت.

[24] فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا) «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 241 ـ بەت.

[25] ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ «قەدىمكى شەرق تارىخى»، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 620 — 621 ـ بەتلەر.

[26] ئە. سۇلايمان «تەكلىماكاندا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، 177 ـ بەت.

[27] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «چىن ۋە ماچىن ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»، 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سانى.

[28] ئا. ستەين «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى»، شاڭخەي، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 53 ـ بەت.

[29] «شاھنامە» خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1991 ـ يىلى، 126 ـ بەت.

[30] يۇ تيەنخىڭ (خانىدا تورۇ) «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ بەت.

[31] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 49 — 50 ـ بەتلەر.

[32]، [33] دۇەن ليەنچىن «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى»، خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ، 7 ـ بەتلەر.

[34] غ. ئوسمان «ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىلى، 4 ـ سان.

[35] ئەنۋەر بايتورنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» غا يازغان 18 ـ ئىزاھات سۆزى، موللا ئىسمەتۇللا «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، 77 ـ بەتلەر.

[36] ماچاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە ھونلار» (北狄与匈奴) ناملىق كىتابىدا «دى» سۆزى «تۈرك» سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، دېگەنىدى. شۇ كىتاب، 1 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

[37] غ. ئوسمان «تۇران ئاتالغۇسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[38] لى جىڭ «ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە سىرتقى ئەللەر مەدەنىيىتى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 47 ـ بەت.

[39] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 532 ـ بەت.

[40]، [41]، [42] «دۇنيا ئەپسانىلىرى قامۇسى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1988 ـ يىلى، 81 ـ، 121 ـ، 494 ـ بەتلەر.

[43] جاڭ ليەن «ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىلى، خەنزۇچە، 3 ـ سان، 40 ـ بەت.

[44] خۇدابەردى سىلىم «توخارلار، ياۋچىلار ۋە كۇسەن ئىمپېرىيىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1986 ـ يىلى، قوشۇمچە 5 ـ سان، 2 ـ بەت.

[45] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 455 ـ بەت.

[46]، [49] «تارىخى ھەمىدىي»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 56 ـ بەت.

[47] «جەمئۇل ـ تەۋارىخ»، شاڭۇۋ نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 125 ـ بەت.

[48] «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ـ ئوغۇزنامە» گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان. بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى.

[50] مۇشۇ سانالغان خەلقلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخى بايان قىلىنغان تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق، مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشۈنۈۋالالايمىز. مەسىلەن، داۋۇت، سۇلايمان، مۇسالار يەھۇدىلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى شەخسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەسەرلىرىدىكى ئورنى بەكمۇ سىرلىق، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يەھۇدىلار تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. . . ۋەھاكازالار. مەملىكىتىمىزدە بولسا خەنزۇلار تارىخىدا خۇاڭدى، يەندى، ياۋ، شۈن، يۈ قاتارلىقلار رىۋايەتلەردىكى ئەپسانىۋى شەخسلەر بولۇپ، ئالدى 8000 يىل ئىلگىرى ياشىغانلىقى، رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو تارىخىدىكى نۇرغۇن ھادىسىلەر ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن مۇستەسنا بولغان ھالدا تەكشۈرۈلمىگى بەك مۇشكۈل.

ھازىرقى زامان دۇنيا ئىجتىمائىي پېنى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئەپسانە ـ دىنىي كىتابلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي قىممىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرمەكتە. مەسىلەن، سۇمېر ـ بابىلون ئەدەبىياتىدا سۆزلىنىدىغان «دۇنياۋى توپان بالاسى» ھەققىدىكى ئەپسانە، يەنى ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن نۇھ ئەپسانىسى «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «قۇرئان» قاتارلىق كىتابلاردا قەيت قىلىنىشى، ئۇنىڭ

ئىزنالىرىنىڭ ئىرانلىقلار، تۇرانلىقلار ئارىسىدا ساقلىنىشى؛ قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ «ئاۋېستا» ناملىق كىتابىدىكى كۆپلىگەن ئاتالغۇلارنىڭ قەدىمكى ھىندىلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىخلىنىشقا باشلاپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان «رىگۋېدا» ئېپوسىدىكى ئاتالغۇلار بىلەن ئوخشاش بولۇشى (مەسىلەن، ھىندىلار ئۆسۈملۈك ئەۋلىياسىنى «Soma» دېسە، ئىرانلىقلار «Haoma» دەپ ئاتىغان. «رىگۋېدا» دا سوماغا دائىر مەدھىيە قوشىقىدا تىلغا ئېلىنغان «Yama» سوما ھارىقىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىجادچىسى دەپ قارالسا، ئەمدى «ئاۋېستا» دا بۇ ئادەم «Yima» دېيىلگەن. سانسكرىت تىلىدا قۇياش ئىلاھى «Mithra» دېيىلگەن، ۋەھاكازالار...») ھەققىدە قىممەتلىك مۇنازىرىلەر داۋام قىلماقتا.

[51] جۇڭ شۈيۈەن، شۇ ۋېيجيەن «ئەڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى» (上古汉语词典) خەينەن نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، «چىغىناق ـ تارغاق پۇتۇك، مېتال پۇتۇك شەكلى جەدۋىلى» 26 ـ بەت.

[52] «گومورو ئەسەرلىرى، تارىخ قىسمى، I» خەنزۇچە نەشرى.

[53] رەمنامە چىغىناق ـ تارغاق پۇتۇك دەپ ئاتىلىدۇ. 1899 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى شياۋتۈن كەنتىدىكى يىن خارابىسىدىن تېپىلغانىدى. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىپ چىقىشىچە، بۇ پۇتۇك شۇ چاغلاردا رەمباللار تۈرلۈك ئىشلار ئۈستىدە رەم باققاندا قالدۇرغان خاتىرىلەر ئىكەن. شۇڭا، چىغىناق ـ تارغاق پۇتۇكى رەمنامە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[54] مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا شۋېتسىيىلىك گېئولوگ ئاندىرسون جۇڭگونىڭ رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتى غەربتىن كەلگەن دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، بەزى جۇڭگو ئالىملىرى بۇنى رەت قىلىدۇ.

[55] تاڭ شەنچۈن، لىيۇجىڭخۇا «‹خۇاڭدى ـ 黄帝› نىڭ يەشمىسى»، بېيجىڭ، «ئەدەبىيات ـ تارىخ بىلىملىرى (文史) ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 9 ـ سان، 106 ـ بەت.

[56] چىلوڭ ـ 蚩龙 ـ قەدىمكى يى (夷) قوۋمىنىڭ ئاقساقىلى.

[57] يەندى ـ 炎帝 ـ قەدىمكى چياڭلار (羌) نىڭ ئاقساقىلى.

[58] گومورو «جۇڭگو تارىخ تىزىسلىرى»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1976 ـ يىلى، 1 ـ قىسىم، 120 ـ بەت.

[59] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى، 2 ـ سان، 34 ـ بەت.

[60] لىيۇ يىجىڭ: «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى»، 1 ـ قىسىم، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1988 ـ يىلى، 5 ـ بەت.

[61] «شىنجاڭ سەنئىتى»، خەنزۇچە، 1992 ـ يىلى، 3 ـ سان، 21 ـ

www.uyghurkitap.com

بەت.
[62] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەتلەر» تومى، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ ـ شاڭخەي. خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىل، 179 ـ بەت.
[63] ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى دويۇ ( 杜佑 ، 735 — 818 ـ يىللىرى ياشىغان) نىڭ بايانىدىن نەقىل ئېلىپ دىلارنى «توققۇز دىلار» دەپمۇ ئاتايدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، دويۇ ( 杜佑 ) نىڭ پىكرىچە، بۇلار توققۇز دىلار بولۇپ لوخۇندا ياشايتتى، بۇ يەر چىن بىلەن جىنىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى . . . ‹چوڭ ۋەقەلەر خىرونىكاسى›، دا ئېيتىلىشىچە، چۆەنروڭلار بىلەن شەنروڭلار ۋە لوخۇنلار ئۆز ئالدىغا بىردىن قەبىلە ئىدى، باشقا ـ باشقا جايلاردا ياشايتتى. مۇئەررىخ جانابلىرى (سىماچيەن) ھەممە روڭلارنى بىر قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ — سەۋەنلىكتۇر» . «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 524 ـ، 553 ـ بەتلەر.)
[64] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەتلەر»تومى( « 中国大百科全书. 民族卷 » )، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ ـ شاڭخەي، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى، 92 ـ بەت.
[65] «ئوكيانوس» ، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، خەنزۇچە يىغىنچاقلانغان نۇسخا، 1983 ـ يىلى نەشرى، بىر توملۇق، 655 ـ بەت.
[66] فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 25 ـ بەت.
[67] «ئوكيانوس» خەنزۇچە نەشرى، بىر توملۇق، 2069 ـ بەتتە، موزىنىڭ ئەسلىي ئىسمى دى دېيىلگەن.
[68] لۈ سىمىيەن «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى» ( 吕思勉 « 中国民族史 » ) جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1987 ـ يىلى، 115 ـ بەت.
[69]،[70] دۇەن ليەنچىن «دىڭلىڭلار، تېلىلار ۋە ئۇيغۇر ھارۋىلىقلار» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 59 ـ بەت.
[71] ۋېي يىن «قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى» ، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 1 ـ سان، 180 ـ، 181 ـ بەتلەر.
[72] ئى. مۇتئى «ئىبراھىم مۇتئى ئىلمىي ماقالىلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 381 ـ بەت.
[73] ياڭ جيەنشىن «روڭلار ھەققىدە» ، «غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى» ( 西北史地 ) ، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، 1 ـ سان،

25 ـ بەت.

[74] لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماقالىلەر تاللانمىلىرى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى ( 中华书局 )، 1987 ـ يىلى، 1 ـ بەت، لىن گەن «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، 180 ـ بەت.

[75] گېڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، 5 ـ بەت.

[76] ق. ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 188 — 195 ـ بەتلەر.

[77] ش ئۇ ئا ر مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 132 ـ بەت.

[78] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، 131 ـ بەت.

[79] پىيەنشەن جاڭشيۇڭ ( 片山章雄 ) نىڭ «Toguz Oguz بىلەن ‹توققۇز قەبىلە› ( 九姓 ) گە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر» ناملىق ماقالىسىدىكى ئالاقىدار بايانلارغا قاراڭ. بۇ ماقالە «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىمىلەر» ( 民族译丛 ) ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق خەنزۇچە نەشرى، 5 ـ سانىدا بېسىلغان.

[80] ن. ئا. باسكاكوپ (روسىيە) «‹ئوغۇز› ۋە ‹ئوغۇزخان› نىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، «مىللەتلەرگە ئائىت تەرجىمىلەر»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، 3 ـ سان، 74 ـ بەت ۋە «تۈركىي تىللار» 56 ـ بەت.

[81] ليۇيىتاڭنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابى، تەيۋەن، 1975 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 23 ـ بېتىدىكى ۋ. تومسوننىڭ ماقالىسىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

[82] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، 58 ـ بەت.

[83] بۇ توغرۇلۇق شياڭدا ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، سەنلييەن ( 三联 ) نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ، 23 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[84] لىن مېيسۈن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ( « 西域文明 » 林梅村 )، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ، 135 ـ بەتلەر.

[85] لى يوڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئاساسى»، «مىراس» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1994 ـ يىلى، 3 ـ سان.

[86] خې شىڭلياڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ( 民族研究 ) ژۇرنىلى، بېيجىڭ، 1995 ـ يىلى، 6 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

[87] فەن يى، سىما بياۋ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چىياڭلار تەزكىرىسى» گە «قومۇش كىتاب يىلنامىسى» ( 竹书纪年 ) دىن ئېلىنغان نەقىل (دۈەن لىيەنچىن «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» ، 2 ـ، 17 ـ بەتلەر، خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى).

[88] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك)، Ⅲ توم، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ، 1984 ـ يىلى، 175 ـ، 176 ـ بەتلەر.

[89] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى» ، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىلى، 1 ـ سان، 145 ـ بەت.

[94]، [90] چيەن بوچۈەننىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[91] تارىخشۇناس چيەن بوچۈەن ( 钱伯泉 ) «سۇڭنامە» دىكى «داشى ئېلى» ( 大石国 ) قاراخانىيلار سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «سوڭ دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى داشى ئېلى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مىللەت ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە، 1997 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[92]م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك) Ⅱ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 175 ـ، 176 ـ بەتلەر.

[93] ئى. يۈسۈپ، ئا. خوجا، د. قەمبىرى تەييارلىغان«ماترى ـ سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 19 ـ بەت.

[95] قازاقىستانلىق ئۇيغۇرشۇناس د. ئا. ئىسىيېۋ (D. A. Isiyev) «قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي كۈچلەر» ناملىق ماقالىسىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ سانغۇن، بۇيرۇق ـ تۇتۇقلىرىدىن توققۇز كىشى يېڭى خاقاننى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، سارايىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىپ ئاندىن تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ» دەپ يازغان(بۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىنكى ئىشلار بولسا كېرەك). ئىسىيېۋنىڭ بۇ ماقالىسى رۇسچە نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «مىراس» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1995 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

[96] دوسان «موڭغۇل تارىخى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، فېڭ چېڭجۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 1962 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، I قىسىم، 152 ـ، 192 ـ بەتلەر.

[97] موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىي» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىلى، 68 ـ بەت.

[98] تۆيۆەنچى، تۇشى «ئەپسانىلاردىكى توققۇزنىڭ ئېپتىدائىي مەنىسىگە نەزەر» ، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى» ژۇرنىلى ( 民间文学论坛 ) ، بېيجىڭ، 1983 ـ يىلى، 3 ـ سان.

[99] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1985 ـ

يىلى، 1 ـ سان، 2 ـ بەت.

[100] ئا. تۇردىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىلى، 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[101] ئا. خوجىنىڭ يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ 1987 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ.

[102] ئا، ناسىرى «ئۇيغۇرلار ۋە خاسىيەتلىك سان توققۇز»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1987 ـ يىلى، 11 ـ سان، 48 ـ بەت.

[103] «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 1985 ـ يىلى، 2 ـ سان، 82 ـ بەت.

[104] ن. كېرەم «تۇرپاندىكى بەزى يەر ناملىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 ـ يىلى، 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى.

[105]، [106] ھ. كېرەمنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ 1998 ـ يىللىق توپلام سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىگە قاراڭ.

[107] «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، (گېڭ شىمىن، ت. ئايۇپ تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، 54 ـ بەت.

[108] يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، 1008 ـ، 1009 ـ بەتلەر.

[109] موللا سىدىق يەركەندى «سەددى ئىسكەندەرىي» ( بۇ ئەسلىي نەۋائىينىڭ داستانى بولۇپ، XVIII — XIX ئەسىرلەردە ياشىغان موللا سىدىق نەسرى شەكلىگە كەلتۈرگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

[110] غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، 1996 ـ يىلى، II قىسىم، 514 ـ بەت.

[111] باكىرە قىز — ياش قىز بالا، تۇرمۇشقا چىقمىغان قىز.

[112] موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، 180 ـ 181 ـ بەتلەر.

[113] موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىي»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى.

[114] ئا. ئىنان (تۈركىيە) «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، ئىستانبول، 1976 ـ يىلى، 20 ـ، 22 ـ بەتلەر.

[115] «ئافرات خاقان ۋە توققۇز قىز»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (« 民间文学 »)، بېيجىڭ، 1985 ـ يىلى، 9 ـ سان.

[116] «ئەمىر گور ئوغلى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1986 ـ يىلى.

[117] «قۇمۇل نەزمىلىرى» (ئى. ئىسمائىل تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1991 ـ يىلى.
[118]،[119] «شىنجاڭ ياشلىرى»، 1995 ـ يىلى، 4 ـ سان.
[120] ياڭ جيەنشىن تۈزگەن: «‹قەدىمدە غەربكە سەپەر خاتىرىسى› (古西行记) نىڭ تاللانمىلىرىغا ئىزاھ»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، يىنچۈەن، 1987 ـ يىلى، 288 ـ بەت.
[121] مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1885 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 228 ـ، 229 ـ بەتلەر.
[122] «تارىخى ھەمىدي»، 102 ـ، 103 ـ بەتلەر.
[123] د. ئا. ئىسىپۇ «قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھىرىي كۈچلەر»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى، 1 ـ سان، 69 ـ بەت.
[124] ئەمەت جېلىل «‹توققۇز› نىڭ سىرى ۋە قارا چىراغ ئۇسۇلى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى، 4 ـ سان، 97 ـ، 98 ـ بەتلەر.
[125] ئا. ت. ئۆتكۈر «ئىز» (رومان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 312 ـ، 313 ـ بەتلەر.
[126] م. زەيدى «سىرلىق سان توققۇز توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1885 ـ يىلى، 4 ـ سان، 53 ـ بەت.
[127] ئە. تۇرسۇن «خاسىيەتلىك سان توققۇز»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1998 ـ يىلى، 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانى.
[128] ئا. خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، 47 ـ، 48 ـ بەتلەر.
[129] جۇۋ چىڭباۋ «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، 430 ـ بەت.
[130] «جەمىئۇل ـ تەۋارىخ» (Jamiultawarih)، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، كۆكخوت، 1883 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 2 ـ كىتاب.
[131] «مىراس» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1999 ـ يىلى، 1 ـ سان، 43 ـ بەت.
[132] سېن جوڭمىيەن «سۈي، تاڭ سۇلالىسى تارىخى» (隋唐史)، جۇڭخۇا نەشرىياتى (中华书局)، بېيجىڭ، 1982 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 23 ـ بەت.
[133] «تارىخى ھەمىدي»، 180 ـ بەت.
[134] «قۇرئان كەرىم»، (م. سالىھ تەرجىمە قىلغان) مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 ـ يىلى.
[135] «مىراس» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1999 ـ يىلى، 1 ـ سان، 131 ـ بەت.

[136] ھاۋاخان خوجىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» ، 1986 ـ يىلى، 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[137] ئا. ناسىرنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى، 11 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[138]، [139] م. زەيدىنىنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى، 4 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[140] لى شۇخۇي «تۈركىي تىلدىكى toguz سانىنىڭ مەدەنىيەتكە خاس مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» «تىل ۋە تەرجىمە» ( 语言与翻译 ) ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 ـ يىلى، 4 ـ سان.

[141] لى يوڭ «ئۇيغۇر مىللىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەلىك كېلىپ چىقىشى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە، 1989 ـ يىلى، 4 ـ سان، 64 ـ بەت ۋە «مىراس» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى، 4 ـ سان، 63 ـ بەت.

[142] ئە. جېلىلنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى، 4 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[143] ئا. راخمان «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، 559 ـ بەت.

[144] ئا. راخمان «تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1997 ـ يىلى، 2 ـ سان، 41 ـ بەت.

[145] تۇ يۈەنچى، تۇشىلارنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى» ( 民间文学论坛 ) ژۇرنىلى، بېيجىڭ، 1983 ـ يىلى، 3 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[146] يې شۇشيەن، تيەن داشيەن «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى سىرلىق سانلار» ( 叶舒宪，田大宪 《中国古代神秘数字》 ) ئىجتىمائىي پەن، ھۆججەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 223 ـ، 224 ـ بەتلەر.

[147] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 ـ يىلى، كىرىش سۆز، 3 ـ بەت.

[148] غ. ئوسمان «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىدىكى . . . بىر قىسىم ئۆلچەملىك سانلار توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1986 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[149] ياڭ شىڭمىن «ئۇيغۇر تارىخى» ( 回纥史 ) ، جىلىن مائارىپ نەشرىياتى، چاڭچۈن، 1991 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 32 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق

www.uyghurkitap.com


نەشرىياتى «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» نامىدا 1998 ـ يىلى نۇسخىسى، 48 ـ بەت.

[150] ق. نىياز « ‹توققۇز ئوغۇز› ۋە ‹ئون ئۇيغۇر› ھەققىدە مۇھاكىمە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى، 1 ـ سان، 103 ـ بەتتىكى پاركېرنىڭ بايانىغا قاراڭ. E . Parker «تاتارلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابىدا باشقىچە پىكىرنى دېگەن.

[151] لېۋى. برىيۇل (леви-брюль) «ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر» شاڭۋۇ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1955 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 198 ـ بەت.

[152]، [153]، [154] «ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 301 ـ، 302 ـ بەت.

[155] ماركس «كاپىتال»، ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 1 ـ كىتاب، 291 ـ بەت.

[156]، [157] «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 32 ـ، 34 ـ بەت.

[158] ئىساك ئاسىموپ «قاتناش ئىنقىلابى»، «بىلىم ـ كۈچ» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1983 ـ يىلى، 5 ـ سان.

[159] ئابدۇقېيۇم خوجا «ئالتۇنتاغدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 ـ يىلى، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

[160]، [161]، [162] سۇ بېيخەي: «شىنجاڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يايلاق رايونلىرىغا ئويۇلغان قىياتاش رەسىملىرىدىكى ھارۋىلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى»، خەنزۇچە نەشرى، 1985 ـ يىلى، 6 ـ سان.

[163]، [164]مى گوۋېن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1958 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[165] ئى. مۇتئى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەر توغرىسىدا»، «مىراس»، 1985 ـ يىلى، 3 ـ سان، 14 ـ بەت.

[166] چېيەن داۋشىنشى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1986 ـ يىلى، 26 ـ بەت.

[167] ئا. خوجا «ئالتۇنتاغدىكى قىياتاش سۈرەتلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 ـ يىلى، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانى.

[168] ف. ئېنگېلس «دىيورىڭغا قارشى» 44 ـ، 45 ـ بەتلەر.

[169] «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 181 ـ بەت.

[170]س. كىسلىۋ «سوۋېت تارىخىي ئىلمى ۋە تارىخ ئوقۇتۇشى»، بېيجىڭ دەۋر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1953 ـ يىلى، 80 ـ، 81 ـ بەتلەر. چېڭ سۇلۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات»، «غەربىي رايون تارىخ مەجمۇئەسى»، 1 ـ قىسىم، 5 ـ بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

[171] چېڭ سۇلۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات»، «غەربىي رايون تارىخ مەجمۇئەسى»، بىرىنچى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1985 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[172] دۇەن لىيەنچىن «خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن شاڭ، جۇ دەۋرىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 ـ يىلى، 3 ـ سان.

[173] «ئائىلە خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 283 ـ بەت.

[174] دۇەن لىيەنچىن «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى»، خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، 6 ـ بەت.

[175] دۇەن لىيەنچىن «ھەملىكەتىمىزدىكى دىڭلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشى»، «غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1979 ـ يىلى، 4 ـ سان، 84 ـ بەت.

[176] لى سۇڭ، ياڭ ياڭ «ھونلارنىڭ كېلىپ چىقىش جايى ئوردوس يايلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «ئىچكى موڭغۇل پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1984 ـ يىلى، 3 ـ سانىغا قاراڭ.

[177] «ئوكيانوس»، ( 辞海 ) «مىللەتلەر قىسمى»، خەنزۇچە نەشرى، 1978 ـ يىلى، 86 ـ بەت.

[178] ماركس «‹سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى› گە رەددىيە».

[179] م. گوركىي «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرى، I توم، 456 ـ، 457 ـ بەتلەر.

[180] «بىلىنىسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 183 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقى ھەققىدە

سەددىچىن سېپىلى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سىمۋولى. ئۇ ئىنتايىن چوڭ، ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەم ياسالغان.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىشى جەنگو دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 — 221 ـ يىللار) دە باشلانغان. شۇ چاغلاردا جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا جىددىي ۋە ئېچىنىشلىق مىللىي جەڭگى ـ جېدەللەر توختىماستىن داۋام قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر بىر ـ بىرىگە زومىگەرلىك قىلىپ، لەشكەر توپلاپ، قالايمىقان يېغىلىق قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى بەگلىكلەر سىرتقا قارىتا كۈچلۈك دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش، ئىچكى جەھەتتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەدەپ سېپىل سوقۇشقا باشلىغان. يەن، جاۋ، چى بەگلىكلىرى ياسىغان سېپىللارنىڭ خارابىلىرى تاكى ھازىرغا قەدەر ساقلانغان.

دېمەك، سەددىچىن سېپىلى مۇشۇ بەگلىكلەر سوققان سېپىللار ئاساسىدا ھەر قايسى سۇلالىلەر تەرىپىدىن تەدرىجىي بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ،

جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن. ئۇنداقتا بىز تارىخىي ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىپ باقايلى.

1986 - يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەتلەر» تومىنىڭ 179 - بېتىدە «ئۇيغۇر جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتنىڭ نامى»، «ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى دىڭلىڭلار (خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدە) ياكى دىلار (چۇنچيۇ دەۋرىدىن ئىلگىرى) دىن سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان دىلار جۇڭگودىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ شىمالىدا ياشىغان. يۇقىرىقى كىتابنىڭ 92 - بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «دىلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى قوۋم... ئۇلار چۇنچيۇ دەۋرىدە ئېگىز - ئۇزۇن دى، قىزىل دى ۋە ئاق دى دېگەن ئۈچ تائىپقا بۆلۈنگەن.

ئاق دىلار چۇنچيۇ دەۋرىدىن ئىلگىرى ئاساسەن گويۈك ئوبلاستى (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالى تەرەپلىرى) نىڭ شىمالىي تەرىپىگە تارقالغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا... شەرققە يۆتكىلىپ، هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شىجياجۇاڭ ئەتراپلىرىغا كەلگەن. شەرققە يۆتكەلگەندىن كېيىنكى ئاق دىلا شيەنيۇ ئۇرۇقى، فېي ئۇرۇقى، گۇ ئۇرۇقى، چوۋيۇ ئۇرۇقى دېگەن تۆت ئۇرۇقداشتىن تەشكىل تاپقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 507 - يىلى شيەنيۇ ئۇرۇقى جۇڭشەن بەگلىكىنى قۇرغان. بۇ ئالدىنقى مەزگىللىك جۇڭشەن بەگلىكى بولۇپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 406 - يىلى ۋېي بەگلىكىنىڭ بېگى ۋېنخوۋ تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 381 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ‹جۇڭشەن بەگلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.› بۇ كېيىنكى جۇڭشەن بەگلىكى بولۇپ ... مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 296 - يىلى... مۇنقەرز بولغان.»

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. جاۋ بەگلىكى تەزكىرىسى» دە جاۋ بەگلىكىنىڭ چىڭخۇ 6 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 369 ـ يىلى) «جۇڭشەن بەگلىكى سەددىچىن سېپىلىنى ياسىغان» دېيىلگەن. ئىلمىي خادىملار كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق جۇڭشەن بەگلىكى قايتا روناق تاپقان يىللاردا ھەقىقەتەن ئۆز دائىرىسىدە سەددىچىن سېپىلىنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى[1]. بۇ قۇرۇلۇش سۆزسىزكى، كېيىنكى چاغلاردا مۇكەممەللەشكەن ئۇلۇغ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياساش ئەمگىكىگە كۆچ چىقارغانلىقى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ياراتقانلىقىدەك تارىخىي پاكىتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەيدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بۇ شانلىق تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىپ ئالاھىدە ئەسلەش رېئال تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

# 2 . جۇڭشەن بەگلىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردە گۇيفاڭ چۇنچيۇ ۋە جەنگو دەۋرلىرىدە «دى» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شيەنيۇ قەبىلىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 507 ـ يىلى جۇڭشەن ( 中山国 ) بەگلىكىنى قۇرغان.

جۇڭشەن بەگلىكى جۇڭگو تارىخىدا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. جاۋ بەگلىكى تەزكىرىسى» دە جۇڭشەن بەگلىكىنى دىلارنىڭ ئاق دى قەبىلىسىدىكى شيەنيۇ ئۇرۇقىنىڭ باشلامچى بولۇپ قۇرغانلىقى ئېيتىلغان. شۇڭا، «نەسەبنامە» ( « 世本 » ) دېگەن كىتابتا «جۇڭشەن دىلارنىڭ بەگلىكىدۇر» دېيىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. جاۋ بەگلىكى تەزكىرىسى» دە «جۇڭشەن بەگلىكىنى تۇنجى قېتىم ۋۇگۇڭ قۇرغان» دېيىلگەن، ئەمما جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ بەگلەر قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان «چاسا چۆگۈندىكى ئويما خەت» تىكى بەگلەرنىڭ شەجەرىسىگە ئاساسلانغاندا، ۋۇگۇڭدىن بۇرۇن ۋېن گوڭ دېگەن كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 406 ـ يىلى ۋېي بېگى ۋېن خاۋ تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 381 ـ يىلى ئەتراپىدا «جۇڭشەن بەگلىكى قايتىدىن قەد كۆتۈرگەن» بولۇپ، بۇ كېيىنكى شيەنيۇ جۇڭشەن بەگلىكى دېيىلگەن ۋە باشقا بەگلىكلەر بىلەن بىللە خانلىق دەپ ئاتالغان، پايتەختى لىڭشوۋ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) بولغان.

جۇڭشەن بەگلىكى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى تەۋەسىدە

بولۇپ، چېگراسى شەرقتە خېڭشۈي دەرياسىغىچە، جەنۇبى بۈگۈنكى يۈڭپىڭغىچە، شىمالى بۈگۈنكى باۋدىڭغىچە دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[2].

1974 - يىلى 11 - ئايدىن 1978 - يىلى 6 - ئايغىچە خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ سەنجى گۇڭشېسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە جۇڭچيۇ، جەنگو دەۋرىگە ئائىت چوڭ - كىچىك 30 قەبرە قېزىلدى. قەبرىستانلىق ئىككى ئورۇندا بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە جۇڭشەن بەگلىكى پايتەختىنىڭ ئورنى ۋە شەھەر ئىچىدىكى خارابە ئىزلىرى تەكشۈرۈلدى[3]. تەكشۈرۈش داۋامىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىنغان[4]. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ دانە مىس جابدۇقتا ئويۇلغان خەتلەر جۇڭشەن بەگلىكىگە ئائىت يازما خاتىرىلەرنى تولۇقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغۇسى.

جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دىلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ بەگلىكنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەن.

ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تېپىلغان مىس ئەسۋابلاردىن قارىغاندا جۇڭشەن بەگلىكىدە «بەگلىك گىربى» بولغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. جاۋ بەگلىكى تەزكىرىسى» دە، جاۋ بەگلىكىنىڭ جىڭفۇ 6 - يىلى «جۇڭشەن بەگلىكى سەددىچىن سېپىلىنى ياساشقا قاتناشقان» دېيىلگەن. بۇ بەگلىكلەر خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان.

جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ قەبرىستانلىقىنى قېزىش جەريانىدا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، يەنىلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قويمىغان. مەسىلەن،

قەبرىلەردىن تاغ ( 山 ) خېتى شەكلىدە ياسالغان مىس ئەسۋابلار تېپىلغان. قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆگزىسىنىڭ چوققىسىدا تاغ شەكلىدىكى ئۇمۇرتقا كاھىشى بار. ئىككى چوڭ قەبرىدىن چېدىر جازىسى ۋە چېدىر ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان لاۋازىمەتلىك بۇيۇملار چىققان. ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپلىك بۇ لاۋازىمەتلىكلەر جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدۇ. بۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوسى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 3. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى

## 1) قىسقىچە چۈشەنچە

موڭغۇل قەبىلىلىرى ئەسلىي چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى.

مىلادىيە XII ئەسىرلەردە سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، شەرقىي تەرەپتە چوڭ ھىنگان (شىڭئەنلىڭ)، غەرب تەرەپتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ كەتكەن يەرلەرگە نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرى جايلاشقان. XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا بىرلىككە كېلىش موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغان.

بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرۇشتا چىڭگىزخان (1162 — 1227) مۇھىم رول ئوينىغان. 1206 - يىلى موڭغۇللار چىڭگىزخان تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرغان ۋە چىڭگىزخان بۇ دۆلەتكە ئۇلۇغ خاقان بولغان. چىڭگىزخان موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى كېيىنچە ئاسىيادىكى كۆپلىگەن رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ رايونلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن.

چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئوغلى تولۇي (؟ — 1233) گە ئەسلىدىكى موڭغۇل زېمىنلىرى سويۇرغال قىلىنغان، ئۇنىڭ

ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، تولۇينىڭ ئوغلى قۇبلاي (1260 — 1294) خانلىق تەختكە چىقىپ، 1271 ـ يىلى دۆلەت نامىنى «يۈەن» (元) گە ئۆزگەرتىپ، پايتەختنى خان بالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ) قا كۆچۈرۈپ كەلگەن. 1279 ـ يىلى موڭغۇللار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1127 — 1279) نى يوقاتقان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى يەنە چاۋشيەن، ياپونىيىگە يۈرۈش قىلىپ، جەنۇبتا بىرما، ھىندونېزىيە، گاۋاي قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن[5]، [6]، [7].

## 2) ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇرلار موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇلۇغ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان خەلقلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان.

موڭغۇللار توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما مەلۇمات «تاڭنامە» (« 唐书 ») دە يېزىلغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار «موغول شىرۋى» (蒙兀室韦) دەپ ئاتالغان. ئۇلار شىرۋى قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىي رايونىدىكى ئېرگۇنا دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيە 647 ـ يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى تۈمەت شىمالدىكى كۆچمەن قەبىلىلەر رايونىدا تۇتۇق ـ ئايماق قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلغاندا، شىرۋىي قەبىلىسىدە راۋلى تۇتۇق مەھكىمىسى (饶乐都督府) تەسىس قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا خانلىق قۇرغاندا شىرۋىلار ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىنغان[8]. مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار خىلمۇخىل ئالاقىدە بولغان. «ئىككى مىللەت خەلقى دائىم سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇرغان، موڭغۇللار ناھايىتى بۇرۇنلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا قىزىققان»[9].

شىنجاڭ رايونى موڭغۇل ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈشتىن (1209 ـ يىلىدىن) بۇرۇنلا غەربىي لياۋ (قىتانلار) ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (1211 — 1225) دا ئىدى. ئۇيغۇرلار رايونى غەربىي لياۋ دۆلىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان[10]، ئەمما ئۇلار باج ـ سېلىق ئېلىش بىلەنلا قانائەتلىنەتتى. نايمان قەبىلىسىمۇ غەربىي لياۋغا قارام ئىدى. مەيلى غەربىي لياۋ (قىتان) لار بولسۇن، مەيلى نايمانلار بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتەتتى. ئۇيغۇر زىيالىسى «قارا يىغاچ بۇيرۇق» غەربىي قىتان خاقانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن، يەنە شاھزادىلەرگە ئۇستاز بولغان، ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلىگەن»[11].

«نايمان قەبىلىسى ئالتاي تاغ تىزمىلىرى بىلەن خانگاي تېغى ئوتتۇرىسىدا ياشايتتى. ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ، بولۇپمۇ شۇ ۋاقىتتا مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، موڭغۇل يايلىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن يېزىق ئىشلەتكەنىدى. ئۇلار ئىشلەتكەن يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى[12]، نايمان خانى بارگاھىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خىزمەت قىلاتتى. مەسىلەن، تايان خان (كۈنخان) ئۇيغۇر دانىشمىنى تاتاتۇڭانى دۆلەت ئۇستازى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوردىنىڭ چوڭ تامغىسىنى تۇتقۇزۇپ، ئەلنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە تەيىنلىگەن.

تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغىمۇ تەكلىپ قىلىنىپ، شاھزادە - بەگزادىلەرنى ئوقۇتقان. ئەينى چاغدا، تاتاتۇڭا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى جۈملىدىن شاھزادە، بەگزادىلەردىن قارا يىغاچ بۇيرۇق ( 哈剌亦哈赤北鲁 )، يۇرۇڭ تۆمۈر ( 岳磷帖穆尔 ) سەككىز ( 撒吉思 )، سىبان ( 昔班 )، مىڭسەرس ( 孟速思 ) قاتارلىقلارمۇ بەگ - تۆرىلەرنى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان[13].

چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن يېزىق جەھەتتىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، قانۇن - قائىدە (ياساق) لىرىدىنمۇ پايدىلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىن قارا يىغاچ بۇيرۇق دارۇغاچىلىققا ( 断事官 )[14] بەلگىلەنگەن. موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر ھەربىي ئالىمى يۇرۇڭ تۆمۈر[15]، سىياسىئونى بۇرۇل قايا[16]لار مۇھىم رول ئوينىغان. «يۇرۇڭ تۆمۈر، سىبان، مىڭسەرس ۋە بۇرۇل قايالار تېمۇگې - ئوتچىگىن (1168 — 1246)، ئۆگداي (1186 — 1241)، تولۇي (؟ — 1233) لەرگە بۆلۈنۈپ خىزمەت قىلغان، ئۇلار بەزىدە بەگزادىلەرنى تەربىيىلىگەن، بەزىدە شەھەرلەرنىڭ باج ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار خاقان ۋە شاھزادىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ قالغان. ھەربىي، سىياسىي، مالىيە، ئەدلىيە قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ يېزىق - كاتىبات خىزمەتلىرىنى دائىم ئۇلار ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلغان، بەزى ئۇيغۇرلار موڭغۇل، خەنزۇ، تىبەت، سانسكرىت تىلىنى پىششىق بىلىدىغان تەرجىمانلاردىن ئىدى. ‹ بارلىق كىتاب - ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ، بېسىپ چىقىرىدىغان› موڭغۇللارنىڭ دارىلئۇلۇم ( 汉林院 ) نى باشقۇراتتى،

ئۇلار ئاساسلىقى دارىلئۇلۇمنىڭ ئاكادېمىك ـ ئەللامەلىك قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ‹جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر› ( 贞观政要 ) ، ‹ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر› ( 资治通鉴 ) قاتارلىق خەنزۇچە كىتابلارنى موڭغۇلچىگە تەرجىمە قىلغان، بەزى موڭغۇلچە ‹ياساق› (قانۇن) لارنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر راھىبلىرى سانسكرىت، تۇبۇت، خەنزۇ تىللىرىدىكى نوم ـ سۇترالارنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. ‹لياۋ تارىخى› ( ‹ 辽史 › ) ، ‹جىن دۆلىتى تارىخى› ( ‹ 金史 › ) ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخى قاتارلىقلارنى تۈزۈش، تەھرىرلىك قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇرلار قاتناشقان»[17] .

موڭغۇل شاھزادە ـ بەگزادىلىرىنى ئوقۇتقان مۇئەللىملەر، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش، خەلقنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەملەشكەن ئەمەلدارلار كېيىنچە يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدىن سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەلىرىدە نام چىقارغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلاردىن «مۆتىۋەرلەر ۋە بىلىملىكلەر بەك كۆپ ئىدى»[18] دېمەك، ئەينى چاغدىكى كىتابلارغا پۈتۈلگىنىدەك: «ئۇلار (يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) يۈيۈنۈپ، پاكىز بولۇپ ھۇزۇرلىنىشاتتى، مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇشاتتى، دۆلەت ئىچىدە ئەمەلدار بولمىغانلىرى يوق ئىدى» دېگەن ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارغىمۇ ئەتبىقلاشقا بولىدۇ.

موڭغۇللارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار، ئۆلىما ـ زىيالىلارلا ئۇ يەرلەرگە بېرىپ،

ئەمەل تۇتۇپ، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلاردىن «ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن زور بىر تۇركۇم كىشىلەر گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق يەرلەرگە كۆچۈپ بارغان. نەنياڭ، شياڭگاڭ، ۋۇمىڭ قاتارلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ۋە دېھقانلار تۇرغان ياكى ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇيغۇرلارنىڭ كېۋەز، تاۋۇز، بېدە تېرىش، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە هاراق ئېچىتىش تەجرىبىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ھەم بۇ دەۋردە بىرقەدەر ئومۇملاشقان.

### 3) سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا مەدەنىيەت ـ يېزىق جەھەتتىمۇ ياردىمى ئاز بولمىغان. بۇ جەھەتتە سۆز بولغاندا ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، پېداگوك ۋە يېزىقشۇناس تاتاتۇڭانى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تاتاتۇڭا 塔塔统啊 قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ[19]، دادىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئەجدادى تۇڭا ئالپ ئەرنىڭ نامىنى يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن بالىسىغا قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم» دېگەن «تۇڭا» دېگەن ئىسمىنى قويغان[20]. ئۇ يۈكسەك قابىلىيەتلىك بولۇپ، چىڭگىزخان شەرقنى ئىستېلا قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىۋاتقان ۋە موڭغۇللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈۋاتقان دەۋردە ياشىغان. شۇ چاغدا ئەمدىلا باش كۆتۈرۈۋاتقان موڭغۇللارنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى يوق ئىدى. بەزى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى تەكلىپ قىلىپ قەلەم خىزمىتىگە قويغان[21]. تاتاتۇڭا ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان «ئەقىللىق، سۆزمەن»[22] كىشى

ئىدى، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلگەندىن تاشقىرى موڭغۇل تىلىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا، نايمان قەبىلىسى ئۇنى مۇھىم خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان. چىڭگىزخان ئەسكەر تارتىپ نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندا، تاتاتۇڭا چىڭگىزخانغا تەۋە بولغان.

چىڭگىزخان دەسلەپتە، تاتاتۇڭا باشقۇرۇۋاتقان خەزىنە تامغىسىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەندە، تاتاتۇڭا بۇنى ئىزاھلاپ «پۇل سەرپ قىلىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئىقتىساسلىق كىشىلەرنى ئىشقا قويۇش يولىنى تۇتقاندا، ھەممە ئىشنى ئاقتۇرغىلى بولىدۇ، (بۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ) باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگىمۇ ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگەن[23]. چىڭگىزخان بۇ ئىشنى ئورۇنلۇق دەپ بىلگەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يارلىق چىقىرىشتا تامغا ئىشلىتىدىغان بولغان، تاتاتۇڭانى يەنىلا تامغا تۇتقۇچى ئەمەلدارى قىلىپ بەلگىلىگەن[24].

بىر كۈنى چىڭگىزخان تاتاتۇڭادىن، ئۇيغۇر يېزىقىنى پىششىق بىلەمسىز، دەپ سورىغاندا، تاتاتۇڭا كەمتەرلىك قىلىپ تۇرمايلا، ئەينەن جاۋاب بەرگەن. چىڭگىزخان ئۇنى موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىشقا بۇيرۇغان. بۇ سۆز، ئېيتماققا ئاسان بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، تاتاتۇڭادىن موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىق ئىدى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن، تاتاتۇڭا بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدىكى چوڭقۇر مەلۇماتى بىلەن موڭغۇل تىلى ھەققىدىكى مول بىلىمىگە، ئەقىل ـ پاراستى ۋە بېرىلىپ ئۆگىنىش روھىغا تايىنىپ، ئاخىر ئۇيغۇرچە ھەرپ ئاساسىدىكى موڭغۇل ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىجاد قىلغان. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قوشۇپ يېزىلىدىغان، قۇرلىرى سولدىن ئوڭغا قاراپ باشلىنىدىغان بۇ يېزىق موڭغۇل مىللىتى ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشقان.

«شۇنىڭدىن باشلاپ موڭغۇللار. . . يېزىق قوللىنىپ، ‹يېزىق يوق› دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىغان»[25].

موڭغۇللارنىڭ ئۆز مىللىي يېزىقى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان تاتاتۇڭاغا تېخىمۇ ئىشەنگەن ھەم ئاقسۆڭەكلەر پەرزەنتلىرىگە، جۈملىدىن ئۆز ئوغلىغا تاتاتۇڭادىن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇلار «ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆگىنىۋالغان»[26]. شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، تاتاتۇڭا موڭغۇل مىللىتى ئۈچۈن تۇنجى تۈركۈمدىكى زىيالىلارنى يېتىشتۈرگەن[27].

تاتاتۇڭا ئىجاد قىلغان موڭغۇل يېزىقى موڭغۇللارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى. چىڭگىزخان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يارلىقلارنى يازما شەكىلدە چىقىرىدىغان بولدى. «يارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە تاتاتۇڭا تامغىسىنى باساتتى»[28]، موڭغۇل ئەمەلدارلىرى نوپۇس تىزىملاش، ئەنزىلەرنى خاتىرىلەش، پەرمانلارنى يېزىش ئىشلىرىدا يېزىق قوللىنىدىغان بولدى؛ موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىچىدە «پۈتۈكچى» يەنى كاتىپ قويۇلدى. موڭغۇللار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن بىراقلا مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. موڭغۇل مىللىتىنىڭ تارىخى، ئەدەبىي جەھەتتىكى بۈيۈك ئۆلمەس ئەسىرى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» تاتاتۇڭا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ 30 يىلدىن كېيىن، يازما شەكىلدە مەيدانغا كەلدى.

كېيىن، «خان ئۇستازى» باسبا يۈەن سۇلالىسىنىڭ خاقانى قۇبلاينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، موڭغۇل يېڭى يېزىقىنى (كېيىنكىلەر «باسبا يېزىقى» دەپ ئاتىغان) ئىجاد قىلدى، ئەمما بۇ «باسبا يېزىقى» يۈەن سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا بىر مەزگىل ئىشلىتىلىپلا، ئۈن - تىنسىز يوقالدى، ۋاھالەنكى، تاتاتۇڭا ئىجاد قىلغان موڭغۇل يېزىقى

كېيىنكىلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. شۇڭا، ئۇ موڭغۇللار تەرىپىدىن تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە.

دېمەك، تاتاتۇڭا موڭغۇللار ئۈچۈن ئەبەدىي ئۆچمەس، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. چىڭگىزخان موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە قانداق ئۇلۇغ ئادەم بولسا، تاتاتۇڭامۇ ئۇلار ئۈچۈن يېزىق يارىتىپ، بىر مىللەتنى مەدەنىيەتلىك — يېزىققا ئىگە مىللەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى تۆھپىسى بىلەن خۇددى شۇنداق ئۇلۇغ ئەربابتۇر[29].

ليەن شىشيەن (廉希宪) نىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇلقايا (بولادقايا - دەپ ترانسكرىپسىيە بەرگەن ماتېرىياللارمۇ بار) بارچۇق ئارتتېكىنگە ئەگىشىپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان ھەم چىڭگىزخاننىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان. يۈەن تەيزۇڭ (Okudei) دەۋرىدە يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) جىيەندىڭدا ئەمەلدار بولغان. ليەن شىشيەن تۇغۇلغان چاغدا دادىسى «لىيەن» (廉) يەنى پاك، دىيانەتلىك دېگەن ئۇنۋانى بار باشلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىغا ئۆز ئەمەل نامى «لىيەن» نى فامىلە قىلىپ قويغان.

ليەن شىشيەن 19 يېشىدىن باشلاپلا سىياسىي سەھنىگە چىققان. ئۇ قۇبلاي بىلەن بىرگە ئىشلىگەن. 1259 - يىلى موڭكى خان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا قازا تاپقان. بىرگە خىزمەت قىلىپ يۈرگەن قۇبلاينىڭ تالانتلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ليەن شىشيەن دەرھال ئۇنى خاقانلىق تەختىگە چىقىشقا دالالەت قىلغان. ليەن شىشيەن قاتارلىقلارنىڭ مەسلىھەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى

ئارقىسىدا قۇبلاي خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. بۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي لىيەن شىشيەن ليۇتەيپىڭ، قۇرۇلقاي، قۇندۇقاي، ئاراندار قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، قۇبلاينىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ياردەملەشكەن. بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن دىۋان ئۇلۇغ قول ۋەزىرى، قوشۇمچە مەمۇرىي ئىشلار ۋازىرى بولغان. 1262 - يىلى ئوردا مىرزا دىۋان مۇئەككىلى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. 1271 - يىلى قۇبلاي خان بىلەن پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن خىزمىتىدىن ئايرىلغان. 1274 - يىلى قۇبلاي خان قايتا لىيەن شىشيەننى بېيجىڭ مەمۇرىي مىرزادىۋان مۇئەككىلى قىلىپ تەيىنلىگەن. 1275 - يىلى قۇبلاي قوشۇنلىرى جياڭنەننى ئىگىلىگەن چاغدا يېڭى رايوننى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن قۇبلاي يەنە لىيەن شىشيەننى جياڭنەن مەمۇرىي مىرزادىۋان مۇئەككىللىكىگە بەلگىلىگەن. 1277 - يىلى كېسەل بولۇپ قېلىپ پايتەختكە قايتقان، 1279 - يىلى يازدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن. بىراق، كېسەللىك سەۋەبىدىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالماي 1280 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

لىيەن شىشيەننىڭ تارىخىي تۆھپىسى ئالدى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانلىق ئورنىنى كىمگە ئىگىلىتىش مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. موڭكې خان (1209 - 1259) ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى — ئارىغ بۆكە (؟ - 1266) بىلەن قۇبلاي ئارىسىدا خاقانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە جىددىي تالاش - تارتىش يۈز بەرگەن. بۇ ئورۇنغا كىم ۋارىسلىق قىلىش، بۇ ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە، شۇنداقلا تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان زور ھالقىلىق

www.uyghurkitap.com

مەسىلە ئىدى. سەۋەب، ئارىخ بۆكە چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، يايلاق ئىقتىسادىنى ئاساس قىلغان ئىمپېراتورلۇقنى قۇرغانىدى. قۇبلاي بولسا ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا خىزمەت قىلغاچقا، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيىتىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان. ئارىخ بۆكە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلسا، قۇبلاي ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئالدىن سېزىپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى كۆزەتكەن ئۇيغۇر سىياسىئونى لیەن شىشیەن باشتىلا ناھايىتى ئېنىق ھالدا قۇبلاينىڭ ۋارىسلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە قەتئىي ھالدا ئۇ تەرەپتە[30] تۇرۇپ ھەم تەختكە ئولتۇرۇشىنىڭ بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىپ، ئەقىل ئۆگەتكەنىدى. دېمەك، قۇبلاي باش بولۇپ قۇرغان يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368) نىڭ جۇڭگودىكى بىر ئورتودوكسال — (正统) يەنى ۋارىسلىق ئىمپېرىيە دەپ ھەقىقىي يوسۇندا ئېتىراپ قىلىنىشىدا، لیەن شىشیەننىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

لیەن شىشیەن ھەقىقەت ئالدىدا خاقانلار ۋە پۇقرالارغا ئوخشاش مۇئامىلىلىك ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ خاتالىقىنىمۇ دادىل تەنقىد قىلاتتى. ھەتتا قۇبلاي خان بىلەنمۇ بىرقانچە قېتىم پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىكمۇ قورقۇپ قالمىغان. كېيىنكى كۈنلەردە لیەن شىشیەننىڭ بىرقاتار ئورۇنلۇق پىكىرلىرى يۈەن ئوردىسىدا تەكشۈرۈش تۈزۈمى بولۇپ قالغان. ئۇ كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، بۇلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى تۈزۈشتىكى مۇھىم تۆھپىسى بولۇپ قالغان[31]،[32].

ئېلقايا ( 阿里海呀 ) يۈەن سۇلالىسى ئۇچۇن ئىجوۋدىن تارتىپ خەينەنداۋغىچە تەر تۆككەن، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشتا تۆھپە قوشقانلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[33].

ئارغۇن سالى (1307 ـ 1244، 阿鲁浑萨里 ) نىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى يۈەن دەۋرىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنى قايىل قىلغانىدى.

ئارغۇن سالىنىڭ بوۋىسى ئاتا سالى شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە سەيلە ـ ساياھەتكە بېرىپ تۇرۇپ قالغان. ئۇ بۇددىزمغا ئائىت بىلىملەر بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئارغۇن سالىنىڭ دادىسى قۇت سالى ( 乞台萨里 ) دادىسىنىڭ ئوقۇش مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. قۇت سالى جىزيۈەننىڭ 12 ـ يىلى (1275) يۈەن سۇلالىسىنىڭ «بۇددا دىنى ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باش كاھىنى» ( 释教都总统 ) خىزمىتىگە تەيىنلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇددا دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرغان[34]. ئارغۇن سالى مانا مۇشۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ (1244 ـ يىلى) چوڭ بولغاچقا، كىچىكىدىن باشلاپ ھەر خىل بىلىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان. ئۇ ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، تۈبۈت تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن[35]. ئۇ «نوم ـ دەستۇرلار (بۇددىزم)، تارىخشۇناسلىق، ھۆنكىر ـ مۇنكىر (ئەركەك ـ چىشىلىق) ئىلمى[36]، مۇنەججىملىك، سېھىرگەرلىك[37] ۋە يەتتەنامە[38] (شۇناسلىق)، دورىگەرلىك ۋە كۈتۈنۈش ئىلمى قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلىگەن»[39].

قۇبلاي دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى. دانىشمەنلەر يۇرتى قۇرۇلدى، خانلىق مەدرىسى ( 国子学 ) تەسىس قىلىندى. مانا بۇلار ئاشۇ تەدبىرلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇلارنىڭ تەشەببۇسچىسى دەل ئارغۇن سالى ئىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدىكى، ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ئەتىۋارلىنىپ، ئەمەلگە قويۇلۇپ، ئۆلىما - زىيالىيلارنىڭ ئورنى ئانچە يۇقىرى بولمىغان، جەنۇبىي سۇڭ يوقىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەدرىجىي قانۇنىي تۈزۈمنى ئاساس قىلغان باسقۇچقا كىردى. دۆلەت خىلمۇخىل ئىقتىدارغا ئىگە، زىيالىيلارغا موھتاج بولۇپ قالغانىدى. 1284 - يىلى، ئارغۇن سالى ئوردا تۆرىسى ۋە سولقول مۇراسىمبەگ مەنسىپىگە تەيىنلەنگەنىدى. بۇ قۇبلاي بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرۇشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى ئىدى. ئۇ قۇبلايغا دانىشمەنلەر مەھكىمىسى (集贤院) تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى زىيالىيلارنى يىغىپ تەربىيىلەپ، خىزمەتلەرگە قويۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. شۇ يىلى 9 - ئايدا قۇبلاي بۇ تەكلىپنى تەستىقلىغان، ئارغۇن سالى دانىشمەنلەر مەھكىمىسىنىڭ ئەلچىبېگى قوشۇمچە سەرمۇنشىلەر دىۋانخانىسىنىڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. كېيىن دانىشمەنلەر مەھكىمىسى دانىشمەنلەر قەسرىگە ئۆزگەرتىلىپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىنىڭ دائىملىق ئورگىنى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۆلىما - زىيالىيلارنى يىغىپ، ئوقۇش تۈزۈملىرىنى تەڭشەپ ۋە كېڭەيتىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپ تارماقلىرىنى باشقۇرالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

خانلىق مەدرىس تەسىس قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپ، ئارغۇن سالىنىڭ دانىشمەنلەر مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر تەكلىپى ئىدى. ئۇ بۇ تەكلىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، دۆلەتكە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن خانلىق مەدرىس قۇرۇپ، بىلگە - ئاقىللارنى ئۇنىڭغا خىزمەتكە قويۇپ، ئالىم - موپتىلارنى داۋاملىق كۆپەيتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. خانلىق مەدرىس

قورۇشتىن مەقسەت خىلمۇخىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىختىساسلىقلارنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەكلىپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

خانلىق مەدرىسنى تاماملىغان تالىپلار بىردەك ئەمەلدار بولاتتى. بۇ يۈەن دەۋرىدە ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويۇشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالغان. يۈەن دەۋرىدە ئەمەلدار تاللاشنىڭ يەنە بىر يولى ئىمتىھان تۈزۈمى بولۇپ، بۇ ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئەمەلدار تاللاشنى مەقسەت قىلاتتى.

خانلىق مەدرىسى «موڭغۇل خانلىق مەدرىسى» (蒙古国子学) «مۇسۇلمان خانلىق مەدرىسى» ياكى «ئۇيغۇر خانلىق مەدرىسى» (回回国子学) غا بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەر خىل تىللىق تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

قىلچىمۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، خانلىق مەدرىسى يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرىي خادىملارنى يۆتكەش ۋە يېتىشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بىلىم تارقىتىش، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينىغان.

ئارغۇن سالىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ شەخسىي ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كۆرە، سىياسىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىق چارە - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەدبىرلىرى دۆلىتىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. دۆلىتىمىزنىڭ XIII ئەسىردىكى مەدەنىيەت تارىخىدا ئارغۇن سالىنىڭ ئورنى دەل ئۇنىڭ ئاشۇ تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ[40].

چوس كىخودزېر ( Chosgyihodzer ، 捌思吉韩节儿 ) ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا يېزىق يارىتىپ بەرگەنلىكى ھەققىدە گەپ بولغاندا ئاتاقلىق گراماتىكا ئالىمى چوس كىخودزېرنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك. « XIV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ( يەنى1307 ـ يىلى ) ئۇيغۇرلاردىن دۆلەت ئۇستازى چوس كىخودزېر ‹شىنجا 心箍 › (گراماتىكا) دېگەن بىر كىتابنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا موڭغۇل تىلىنىڭ گراماتىكىسى بايان قىلىنغان، موڭغۇلچە ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇزنى توغرىلاش قائىدىسىگە ئاساس سېلىنغان. بۇ موڭغۇل يېزىقى تارىخىدىكى بىر بۆسۈش[41] ئىدى . »

چوس كىخودزېر ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن «كونا موڭغۇل يېزىقى» نى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئىسلاھ قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇ تارىختا «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتالغان. ئۇ موڭغۇل تىلى ئەدەبىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

چوس كىخودزېر ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەپ چىققان «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» تىك، سولدىن ئوڭغا يېزىلىدىغان ھەرپلىك يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭدا يەتتە سوزۇق تاۋۇش، 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار ئىدى. ئۇنى ئادەتتە مەملىكىتىمىزدىكى موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدۇ (شىنجاڭدىكى موڭغۇللار بۇنىڭ سىرتىدا) ، موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. بولۇپمۇ بۇ خىل يېزىق بىلەن مول مەدەنىيەت مىراسلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

چوس كىخودزېر موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە تۈبۈت تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى[42] ، ئۇ ئۆز كىتابىدا موڭغۇل گراماتىكىسىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان، كېيىنكىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ كىتابتىن پايدىلانغان. ئەپسۇسكى، مەزكۇر

كىتاب ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس ئەمما، XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن لابۇجىنبا. دەنجىنداگىبا ( 拉布金巴.丹金达格巴 ) نىڭ «موڭغۇل ئىلىپبەسىگە شەرھى ( 蒙文启蒙诠释 ) ۋە گىبشى . بىلگىندالا ( 毕力根达赖 . 格西 ) نىڭ «موڭغۇل ئىلىپبەسى» ( 蒙文启蒙 ) دېگەن ئەسەرلىرىدە چوس كىخودزېرنىڭ ئەسىردىكى مەزمۇنلاردىن پايدىلانغان[43] لىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىلقايا ( 阿里海牙 ) نىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە سۇلالىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەشتە كۆرسەتكەن خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم بولغانىدى. ئىلقايا (1227 — 1286) دەسلەپتە قۇبلاينىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان. جوڭتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1262) ئوردا مىرزا دىۋان ئوڭ - سول جۇجۇق جىسەكچىبېگى بولغان. جىيۈەننىڭ بىرىنچى يىلى (1264) مۇشاۋۇر ئوردا مىرزا دىۋان نايىبى بولغان، 5 - يىلى ئاشۇ، لىيۇجىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شياڭ، فەن ( 樊 ، 襄 ) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. 11 - يىلى بايان (1236 — 1275) ، ئاشۇ (1234 — 1287) لار بىلەن بىرگە قوشۇننى باشلاپ، سوڭ سۇلالىسىگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغان. دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن (چاڭجياڭ دەرياسى) ئېشەن، خەن قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل تۇرۇپ، قوشۇنلارنى بۆلۈپ داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلىگەن، ئىلگىرى - كېيىن جىڭنەن، جۇنشى، جياڭشى، گۇاڭشى، خەيىنەن قاتارلىق 15 ئايماق - ئوبلاستلارنى ئىگىلىگەن. 20 - يىلى جياڭ خۇ مۇشاۋۇر ئوردا مىرزا دىۋانى نايىبى بولغان. جىيۈەننىڭ 2 - يىلى (1265) دانىشمەن تۆرە دېگەن ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان. نەنجىڭ، خېنەن، دامىڭ، شۇندى قاتارلىق رايونلارنىڭ مەمۇرىي مىرزا دىۋانى بولغان.

1266 ـ يىلى ئەمىلى پەۋقۇلئاددە ۋالىيغا ئۆزگەرتىلگەن.
1267 ـ يىلى ئوتتۇرانچى مۇشاۋۋۇر دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن، خۇگۇاڭ ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزادىۋان سولقول ۋەزىرى بولغان. ئاشۇ، لىيۇجىڭلار بىلەن بىرگە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلغان ئۇچ چوڭ ھەربىي قوماندانىنىڭ بىرى دەپ تەرىپلەنگەن[44]. كېيىنچە، ئۇ چۇ كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى، جياڭلىڭ ( 江陵 ) نىڭ تۆرىسى دېگەن ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان[45].

كۆنجەك ئېلقايانىڭ ئوغلى، كۆنجەك (گۆن جىگى) سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىلمىي جەھەتلەردە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەرباپلاردىن ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەرجىمىھالىنى چۈشىنىشلىك ۋە بىرقەدەر تەپسىلىي يېزىپ چىقىپ، كېيىنكى كىشىلەرنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن ياخشى ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن[46]. يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم ياۋسۇي ( 姚燧 ) ماتېرىيالغا ئاساسەن «خۇگۇاڭ ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزا دىۋان سولقول باش ۋەزىرى يادنامىسى» ( 湖广左承相神道碑 ) نى ئىشلەپ چىققان. كېيىنكىلەر يۈەن دەۋرىدىكى ماقالىلەردىن تاللانمىلارنى ئېلىپ ئىشلەتمەكچى بولسا، بۇ يادنامىدىن چەتلەپ ئۆتەلمىگەنىدى.

كۆنجەك بىر قاتار سىياسىي مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1298 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خۇگۇاڭ ئۆلكە مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى ئورۇنباسارى، خۇەينەنىنىڭ غەربى ۋە شەرقىدىكى قوشۇنلارنى نازارەت قىلغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋۇيەنشى ( 吴延燮 ) «يۈەن دەۋرىدىكى مىرزا دىۋان باش ۋەزىرى، مۇئەككىللىرى جەدۋىلى» ( 元行省丞相平章政事年表 ) دە

كۆنجەكنىڭ ئەمەل ناملىرى مۇنداق ئىدى. 1306 ـ يىلىدىن 1315 ـ يىلىغىچە خۇگۇاڭ ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى بولغان. 1315 ـ يىلىدىن 1324 ـ يىلىغىچە جياڭشى ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى بولغان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەي دىڭ پادىشاھىنىڭ تەيدىڭ بىرىنچى يىلى قىشتا جياڭشى ئۆلكىسى جياڭجې ئۆلكىسىگە ئۆزگەرتىلگەندە، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا بۇ ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى بولغان. كېيىن كۆنجەك يەنە خېنەن ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى بولغان. ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، چۇ كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى، ساداقەتمەن تۆرە دېگەن ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان[47].

دېمەك، كۆنجەكنىڭ ئۇزۇن يىللار مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلىشى، يۈەن سۇلالىسى جەمئىيىتىنىڭ تىنچ بولۇشىغا ياردىمى بولغانىدى.

قوچقارتېگىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى جەھەتتە مۇختارىيات يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ سۇلالە بىلەن چاغاتاي ئۇلۇسى ئارىسىدا سىقىلىشقا ئۇچراپ تۇردى.

قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، بىر قاتار ئىلغار كۆز قاراشلارنى سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى پائال ئۆگىنىپ، دېھقانچىلىقنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرغان، كېيىن ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

قۇبلاينىڭ ئىلغار تەدبىرلىرى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاز ساندىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. ئېمىل (ھازىرقى دۆربىلجىن) دە تۇرغان قايدۇ ئاشۇ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى.

1269 ـ يىلى قايدۇ غەربىي شىمال موڭغۇل خان جەمەتلىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ «ئەلنى چارۋىچىلىق بىلەن ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دۇۋانى چاغاتاي خانى قىلىپ قۇبلايغا قارشى بۆلگۈنچىلىك يولىنى تۇتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى قوچقارتېگىن[48] قۇبلاينىڭ ئىسلاھاتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، قايدۇ ۋە دۇۋا(تۇۋا) لارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، ئاسىيلىق قىلمىشلىرىغا قارشى تۇردى.

1275 ـ يىلى دۇۋا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچو شەھىرى (ھازىرقى تۇرپان ناھىيىسى قوچو كونا شەھىرى) نى مۇھاسىرىگە ئالدى. قوچقارتېگىن پۇقرالارنىڭ شەھەرنى قوغدىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. دۇۋا «تەسلىم بولۇڭلار» دەپ جار سالغاندا قوچقارتېگىن «خان ھەزرىتىنىڭ ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ ئاسىيلىق قىلدىڭ، دۆلەت بىلەن دۈشمەنلەشتىڭ، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇ شەھەرنى قوغدايمەن، ساڭا ھەرگىز تىز پۈكمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. غەزەپكە كەلگەن دۇۋا ئەسكەرلىرىگە شەھەرگە بولغان ھۇجۇمنى كېچە ـ كۈندۈز بوشاشتۇرماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە ئۆزى ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلىدۇ. قوچقارتېگىن يېغىۋاتقان ئوقيالارغا پىسەنت قىلماي، جاسارەت بىلەن دۈشمەننى قىرىدۇ. شەھەردىكى ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرىلار بىر دەك جەڭگە ئاتلىنىپ شەھەرنى ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قوغدايدۇ. بىر كۈنى، دۇۋا بىر پارچە مەكتۇپنى ئوقيا ئارقىلىق شەھەر ئىچىگە ئاتىدۇ. مەكتۇپتە «ئاتا، بوۋاڭلار بىزنىڭ موڭغۇل خانقىزىمىز بىلەن توي قىلغان، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۇيغۇر خانقىزىڭلارنى ئالماقچىمەن، خانقىزىڭلارنى بەرسەڭلار، ئەسكەرلىرىمنى چېكىندۈرىمەن، ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭلار

شەھىرىڭلارغا بېسىپ كىرىپ، ھەممىڭلارنى قىرىپ تاشلايمەن» دېيىلگەنىدى. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان پۇقرالار قوچقارتېگىنگە «دۇۋا بىزگە قىلىۋاتقان ھۇجۇمىنى توختاتمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشلىقىمىز بەكلا ئۆكسۈپ قالغان بولسىمۇ، بىز سىز بىلەن ئۆلۈشكە رازىكى، خانقىزىمىزنى دۇۋاغا ھەرگىز بەرمەيمىز» دېيىشىدۇ. قوچقارتېگىن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، «قىزىمنى دەپ پۇقرالارنى زىيانغا ئۇچراتسام بولمايدۇ» دەيدۇ ۋە ئەسكەرلەرگە قىزىنى شەھەر سىرتىغا چۇشۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ ھەم بىر پارچە مەكتۇپنى ئوقيا ئارقىلىق دۇۋاغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇۋا خانقىزىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ كېتىدۇ. قوچقارتېگىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ، ئىچكىرىگە يۆتكىلىشكە باشلايدۇ. دۇۋا ئۇنىڭ قۇبلايغا تايانماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، كەينىدىن قوغلاپ يېتىشۋالىدۇ. قوچقارتېگىن قۇمۇلدىكى جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قايدۇ ۋە دۇۋا قۇبلاي قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. قالغان توپىلاڭچىلار يۈەن سۇلالىسى خانىغا تەسلىم بولىدۇ.

دېمەك، قوچقارتېگىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلدى. ئۇنىڭ «دۆلەت ئۈچۈن قۇربان بولۇش روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ»

چاغان تۆمۈر ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە، يۈەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا كۈچ چىقىرىپ قالماستىن، بەلكى ئاخىرىغىچە ئىشلەپ كەلدى. بۇ جەھەتتە يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر گېنېرالى چاغان تۆمۈر (؟ ـ 1362) (Cagan — temur) نى ئالاھىدە

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. «چاغان تۆمۈر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى گېنېرال، ئىسمى يۈەن دۆەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئىدى»[49]، ئۇنىڭ «بوۋىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بەشبالىقلىق ئىدى»[50].

يۈەن سۇلالىسى قۇبلايدىن كېيىن كۈنسايىن زەئىپلەشتى. خاننىڭ بالىلىرى پادىشاھلىقنى تالىشىش يولىدا پات ـ پاتلا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ تۇردى. 1307 ـ يىلدىن 1333 ـ يىلىغىچە سەككىز پادىشاھ يەڭگۈشلەندى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەگ ـ خوجىلار، ئەمەلدارلار، مۇشتۇمزورلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان قۇرغاقچىلىق ـ قەھەتچىلىك ئاپەتلىرى بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. خەلق ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن قالايمىقانچىلىق چىقتى. بۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا توسمىسا دۆلەتنىڭ تەقدىرى خەۋپكە دۇچار بولاتتى.

1351 ـ يىلىدىن باشلاپ، ليۇفۇتۇڭ (? ـ 1363)، شۇ شۇخەي(? ـ 1360 ـ يىللار)، گوزىشىڭ (? ـ 1355) ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. چېن يۇلياڭ (1320 ـ 1363)، جاڭ شىچېڭ (1321 ـ 1367) قاتارلىقلار ئۇلارغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خۇاڭخې، خۇەيخې، چاڭجياڭ دەريا ۋادىلىرىدىن ئىبارەت كەڭ رايونلار پۈتۈنلەي ئۇرۇش رايونلىرىغا ئايلاندى.

1352 ـ يىلى چاغان تۆمۈر لى سىچى بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى كۆپ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، لوشەن (ھازىرقى خېبېيگە تەۋە يەر) نى تىنچىتتى. يۈەن ئوردىسى ئۇنى رونىڭ مەھكىمىسىنىڭ دادۇغاچىلىقىغا[51] بەلگىلەپ، ئون مىڭ ئەسكەر بىلەن چېنچيۇ (沉丘) دا تۇرۇشقا بەلگىلىدى. 1355 ـ يىلى

ئەسكەرلەرنى خوْاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا يۆتكەپ، قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتتى ۋە جىنايى ئىشلار دىۋانى ئوتتۇرانچى ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1356 ـ يىلى ھەربىي ئىشلار دىۋانى باش مىرزىلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئەسكەرلەرنى باشلاپ، سەنجۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ سەنمېن سەنشى) غا بېرىپ لى ۋۇ، سۈي دې قاتارلىقلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شەنشى ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزا دىۋان ۋەزىرى، كېيىنچە مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى بولۇپ، بۇ تەرەپلەردىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ يەنە خېنەن ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى، قوشۇمچە خېنەن ئۆلكىسى مەمۇرىي زورغالىق مەھكىمە نايىبى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسى مەمۇرىي دىۋان مۇئەككىلى، خېنەن، شەندۇڭ مەمۇرىي زورغالىق مەھكىمە نايىبى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن.

دېمەك، «چاغان تۆمۈرنىڭ قىزىل ياغلىقلار قوشۇنىنى باستۇرۇش جەريانىدىكى ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ گېنېرالى ئىدى».

كۆك تۆمۈر ئۇنىڭ خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق قىزىل ياغلىقلار قوشۇنىنى باستۇردى[52].

ئەلئېتمىش (赤黑迷失) يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپى — قۇبلايخان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ھەربىي قوماندانى ۋە دېڭىز قاتناش مۇتەخەسسىسى بولۇپ، كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

ئەلئېتمىش مەملىكىتىمىز تارىخىدا تۇنجى قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلغان دېڭىزچى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلىپ — ئەڭ يىراق سىرى لانكىغىچە بېرىپ (1284 ـ يىلى) مەملىكىتىمىز بىلەن چەت

ئەللەرنىڭ دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورنىتىشتا ۋە دېڭىز قاتناش تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا قۇبلايخان ئەلئىبتىمىشنىڭ دېڭىز قاتناش ئىشلىرىدىكى تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خەزىنە بېگى دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن، جياڭ ـ خۇەي ئۆلكىسى مەمۇرىي مىرزا دىۋان سولقول ۋەزىرى ۋە خىگچۇەن يامۇلى تۆرىسى خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن.

1292 ـ يىلى قۇبلايخان ئۇنى يەنە ئوردىغا چاقىرتقاندا ئەلئىبتىمىش ئۆزىدىكى بارلىق قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىۋەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي شىبى، گاۋشىڭلار بىلەن بىللە دىۋان مۇئەككىللىكىگە تەيىنلەنگەن. يۈەن قوشۇنلىرى ۋېيتنامنىڭ جەنۇبىدىكى جەنچېڭ شەھىرىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئەلئىبتىمىش تۇخۇەنگە ياندىشىپ، دېڭىز ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان. 1292 ـ يىلى قۇبلاي 20 مىڭ كىشىلىك دېڭىز ئارمىيىسى ۋە مىڭغا يېقىن ئۇرۇش كېمىسى ئەۋەتىپ ياۋا ئارىلى (ھازىرقى ھىندونېزىيە) گە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى، بۇ يەر يۈەن قوشۇنلىرىنىڭ قوزغىلىش ئورنى چۈەنجۇ پورتىدىن 2000 دېڭىز مىلى يىراقلىقتا ئىدى. قۇبلاي قايتا ـ قايتا ئويلىنىشلاردىن كېيىن بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتىكى «دېڭىز ئىشلىرىنى ئەلئىبتىمىشقا تاپشۇردى»[53]، يەنى ئەلئىبتىمىشنى دېڭىز ئارمىيىسى كېمە ئەترىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئىككى قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشىدا يۈەن قوشۇنلىرى بەزىدە غەلىبە قىلىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولغانىدى. بىراق، مەغلۇپ بولغان ئەھۋالدىمۇ پۈتۈن قوشۇن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلەلىگەنىدى.

ئەلئىبتىمىش يۇقىرىقىدەك بىرتالاي خىزمەتلىرى ئۈچۈن دانىش بەگ، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى قاتارلىق ئۇنۋانغا مۇيەسسەر بولغان، دانىشمەنلەر قەسرى بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن[54]. يۈەن سۇلالىسىنىڭ رىنزۇڭ (ئايۇربارۋادا) خانى «ئۇنىڭ يىراق جايلارغا كۆپ قېتىم

ئەلچىلىككە بېرىپ رىيازەت چەككەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ۋۇ كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن». بۇ ئەلئېتمىشنىڭ ئەينى چاغدا يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[55].

ئەلئېتمىش گەرچە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ئىشلىرىغا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىر تەرىپى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆھپىسى ھامان كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ تۆت قېتىم كېمە ئەترىتىنى باشلاپ، چەت ئەلگە تىنچلىق ئەلچىسى بولۇپ چىقىپ، يۈەن سۇلالىسى بىلەن تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان ئەللىرى ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورناتتى. جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا، مال ئالماشتۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ بېرىش - كېلىش ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈردى. مىڭ سۇلالىسى (1368 — 1644) دەۋرىدىكى كۆلىمى تېخىمۇ زور، مۇساپىسى تېخىمۇ يىراق بولغان جېڭخې كېمە ئەترىتىنىڭ دېڭىز پائالىيىتى ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلاپ بەرگەن.

ئەلئېتمىش ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى تۇنجى دېڭىزچى[56]. جۇملىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك ئائىلىسىدىكى مەشھۇر تارىخىي ئەرباب[57].

## 4) ئىقتىساد، يېزا ئىگىلىك، مالىيە قاتارلىق جەھەتلەردە

XII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە خۇابېي رايونى (جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرى) دا تېخىچە كېۋەز تېرىلىپ باقمىغانىدى. يۈەن دەۋرىدە كېۋەز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئومۇملاشقان. ئۇ ئەڭ بۇرۇن شەنشى، گەنسۇ رايونلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى

بار ئىدى[58] .

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ئۆتكەن يې زىچى (叶子奇) نىڭ ئېيتىشىچە، ئۈزۈم هارىقى ۋە ئاق هاراق يۈەن دەۋرىدىن باشلاپ ئىشلەنگەنىكەن. . . ئۈزۈم (تېلى) ئۆستۈرۈپ، ئۈزۈم هارىقى ياساش ئەسلى ئۇيغۇر قاتارلىق غەربىي شىمالدىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تېخنىكىسى بولۇپ، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم هارىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇرۇنلا بولسىمۇ، ئەمما چاغاتاي سىستېمىسىدىكى خانلار غەربىي شىمال بىلەن تەييۈەندىن ئىبارەت ئىككى رايوننى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار غەربىي شىمالدىن شەنشىگە ئۈزۈم تاللىرىنى يۆتكەپ كېلىپ تىككەن، هاراق ئىشلەش تېخنىكىسى تارقالغان، شۇنداقلا هەربىي خىزمەت ئۆتەيدىغان «ئۈزۈمچى ئائىلىلەر» بېكىتىلگەن، تەييۈەن، پىڭ ياڭلار كىشمىش ئۈزۈم، ئۈزۈم هارىقى ۋە ئاق هاراقنىڭ مەشھۇر ماكانىغا ئايلانغان.

لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تاۋۇز تېرىشنى هەر قايسى جايلارغا ئومۇملاشتۇرغان بولۇپ، باشقا رايونلاردا بۇرۇن يوق ئىدى. يې زىچىنىڭ ئېيتىشىچە، «قۇبلاي غەربىي رايوننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن جۇڭگودا تېرىلىشقا باشلىغان» . ئومۇمەن يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن تاۋۇز تەدرىجىي هالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە جەنۇب تەرەپلەردە تېرىلىشقا باشلىغان[59] .

دۇۋا قاتارلىقلار قوچو خانىغا پاراكەندىچىلىك سالغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئىچكىرىگە كۆچۈپ يوڭچاڭ (永昌) دا ئولتۇراقلاشقان. يەنە زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئائىلىلىرى گەنسۇ، سەنشى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈلگەن. ئۇلار خەنزۇلار بىلەن بىرگە هەر قايسى جايلاردا بوز يەر ئېچىشقا قاتناشقان. 1280 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى خىشىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارغا بوزيەر ئاچقۇزغان. نەنياڭ ۋە شاڭياڭ قاتارلىق

يەرلەرمۇ ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە يالغۇز قوچو رايونىدىنلا كېلىپ قالماستىن، بەلكى «خوتەن، كاشغەرلەردىن 1050 ئائىلىلىك ئۇستا ـ ھۈنەرۋەنلەر گەنسۇ ـ سەنشى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بوز يەر ئاچقان»[60]. 1031 ـ يىلى، يۈەن سۇلالىسى نەنياڭ مەھكىمىسىدە بوز يەر ئېچىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئۇرۇقلۇق تارقىتىپ بەرگەن. تەيدىڭ خانى (تۆمۈر 1324 — 1328) دەۋرىدە ئىدىقۇت تۆمۈر بۇقا گەنسۇدىن شياڭياڭغا يۆتكەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ۋە پۇقرالار تېخىمۇ مەركەزلەشكەن ھالدا ئولتۇراقلاشقان. قۇبلاي دەۋرىدە قارلۇق ئەسكەرلىرىدىن 10 مىڭ ئۆيلۈك ئائىلە شياڭياڭدا تۇرغان. 1292 ـ يىلى يۈەن ھۆكۈمىتى شياڭياڭدىكى كۆچالىقلار ۋە قارلۇقلاردىن بىر قانچە يۈز ئائىلىلىككە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقلۇق تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ياردەم بەرگەن. 1297 ـ يىلى مەمۇرىيلار شياڭياڭدىكى قارلۇق ئەسكەرلىرىگە ئۇرۇقلۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كالا قاتارلىقلارنى تارقىتىپ بەرگەن. قۇبلاي دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى يۈننەندە تۇرغۇزۇلغان. يۈەنرىنزۇڭ خان (1312 — 1320) دەۋرىدە يۈننەن ئۆلكىسى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىن 5000 ئادەمنى ۋۇمېڭ شوۋشۇ (乌蒙守戍) گە يۆتكەپ بوز يەر ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىزۇلار رايونىنى گۈللەندۈرگەن.

ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇلارنى يىغىپ خانبالىق (بېيجىڭ) تا بەشبالىق رەڭدار كۆزلۈك كاسىپلار كارخانىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس خانلارغا خاس داھىي ناسىس قاتارلىقلارنى توقۇتقان. ناسىس (پارسچە سۆز) بىر ھەل بېرىلگەن يىپەكتىن توقۇلغان

كىمخاپ ( 金锦 ) بولۇپ، ئادەتتە يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرى زىياپەتلەرگە قاتناشقاندا كىيىدىغان سۈپەتلىك كىيىم ئىدى. يۈەن ھۆكۈمىتى يەنە بەشبالىق ۋە خوتەن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، بۇ يەردىكى توقۇمچىلارغا مەمۇرىيلار ئۇچۇن ئالىي دەرىجىلىك توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقارغۇزغان. كاشغەردىنمۇ ئىچكىرىگە ئۇستىلار بارغان. ئۇلار ئالاھىدە ھۈنىرىنى ئىچكىرىگە تارقاتقان[61].

بىر قىسىم سىياسىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار يۈەن سۇلالىسى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە كۈچ چىقىرىش بىلەن بىرگە، ئەھمەد ۋە ساڭگا قاتارلىق ئۇيغۇر ئىقتىسادشۇناسلىرى ئىقتىسادىي ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئالغا سىلجىتىشتا مۇناسىپ ئىشلارنى ئىشلىگەن.

يۈەن شىزۇ قۇبلاي دەۋرىدە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا قىيىنچىلىق ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا مالىيە ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئىختىساسلىقلار ئىشقا قويۇلۇپ، مالىيىدىكى قىيىن ۋەزىيەتنى ئوڭشاش زۆرۈر بولۇپ قالغان، دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئۇيغۇرلاردىن ئەھمەد قۇبلاينىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولۇپ، 1262 ـ يىلىدىن باشلاپ، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كىرىشكەن. ئۇ تالانتلىق بىر مالىيە مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئەھمەد ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، بەزى چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغان. مەسىلەن، باجنى كۆپەيتكەن، نوپۇسنى تەكشۈرۈپ باج ئوغرىلاش، باج قالدۇرۇش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئالغان. مەخسۇس سېتىۋېلىش تۈزۈمى (تۇز، چاي، تۆمۈر، كۈمۈش، دورا ـ دەرمەك قاتارلىق تاۋارلارنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن مەخسۇس يولغا قويۇلغان سېتىۋېلىش) نى يولغا قويغان. دۆلەتنىڭ كارخانىلارغا نىسبەتەن ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن ۋە باشقا ئىشلارنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن مالىيە كىرىمى

كۆپەيگەن. لېكىن، ئەھمەدنىڭ ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە ھەسەتخورلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەتتا يېشىل كۆزلۈكلەرمۇ ھەسەت قىلدى. ئەھمەد سىياسەتنى قاتتىق يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن تەسىرى كۈچلۈك بولغان باي دېھقانلار، باي سودىگەرلەر، بيۇروكراتلارنىڭ نەپسى قاندۇرۇلمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئەھمەدگە ئارقا ـ ئارقىدىن قارشى چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ھەر كىم ئۆزى بىلگىنىچە ئىشلەش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى.

ئەھمەد زېرەك ۋە قابىلىيەتلىك ئادەم ئىدى، ئۇ قۇبلاينىڭ ناھايىتى زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ سۇيىقەستىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئەگەر ئۆچ كۆرۈپ قالغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىغان بولسا دەرھال خاقاننىڭ ئالدىدا گەپ يورغىلىتىپ، قاتىللىق جىنايىتىگە چېتىلدۇراتتى. خاقان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ جازاغا تارتىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇڭا، ئەھمەد 1282 ـ يىلى مەخپىي قەتل قىلىنغان.

كېيىن ئۇيغۇرلاردىن ساڭگا (Senge) مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ساڭگا 1287 ـ يىلىدىن باشلاپ، مالىيە ۋازارىتىنىڭ ئومۇمىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن. ئۇ يېڭى پۇل تارقىتىپ، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى كونترول قىلغان، يەنە ساتىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، باجنى كۆپەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان. بۇلار بەزىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇڭا، ساڭگا قارشى گۇرۇھلارنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ، ئۆز گۇرۇھىدىكى كىشىلەرنى مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلىگەن. قارشى گۇرۇھلارنىڭ بېسىمىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى تۈپەيلىدىن، ساڭگا ئاخىر 1291 ـ يىلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن[62].

دېمەك، ئەھمەد بىلەن ساڭگا[63]لارنىڭ يەن سۇلالىسىنىڭ

ئىقتىساد ۋە مالىيىسىنى بىر ئىزغا سېلىش، تەرتىپكە چۈشۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى تارىختىن ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ.

موڭغۇللار ئەسلىي كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، يايلاقنى بازا قىلىپ، كىگىز ئۆيلەردە، چېدىر - بارگاھلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلقلەردىن بولغاچقا، مەركەزلەشكەن يېزا، بازار ۋە شەھەرلەردە تىرىكچىلىك قىلىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۇلار دۆلەت قۇرغان ۋە كېڭەيمىچىلىك ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەن دەسلەپكى دەۋرلەردە ئولتۇراق ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا زادىلا كۆنەلمىگەن، ھەتتا ئايرىم موڭغۇل ئەمەلدارلىرى يايلاقتا، كىگىز ئۆي، چېدىرلاردا تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شەرقتە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاساسەن ئۆزگەردى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى شەھەرلەرنى مەركەز قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇبلاي خانلىق تەختكە چىقىپ، مەركەزنى خانبالىق (جۇڭدۇ — بېيجىڭ) قا كۆچۈرۈپ كەلگەن. دەل مانا مۇشۇ بېيجىڭنىڭ قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق ئىشلىرىدا، يۈەن سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئوردىنى تەمىنلەشتە ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر بىناكارى ئەختەردىنىنىڭ تۆھپىسى جۇڭگو تارىخىغا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان.

« XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىمالدا باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇل مىللىتى (جۇڭدۇ — بېيجىڭنى) ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى پايتەخت قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ پايتەخت بۇرۇن جىنىڭ خانلىقى قەسىر سالدۇرۇشقا تەييارلاپ بولغان بىر مەركەزدىن پايدىلىنىپ، بىنا قىلىنىپ تەيدۇ — ئۇلۇغ پايتەخت دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگو بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.



www.uyghurkitap.com

مانا بۇ تارىختىكى يۈەن سۇلالىسىدۇر[64].

«ئەختەردىن جوڭتۇڭنىڭ 4 ـ يىلى (1263 ـ يىل) چىنخۇاڭداۋ[65] ئارىلىنى بىنا قىلىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلدى. جىزيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (1265 ـ يىل) بۇ ئارال بىنا قىلىندى[66].

«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چىنخۇاڭداۋ ئارىلىنى ئۇدا ئۈچ قېتىم كېڭەيتىپ قۇرۇش ئارقىلىق تەيدۇ شەھىرى بىنا قىلىنغان»[67].

ئەختەردىن (赤黑迭尔丁) غەربىي دىيارلىق كىشى ئىدى ... قۇبلايخان ئۇنىڭ يۇرتىغا بارغاندا ئۇ خانغا پاياندار سېلىپ ئات تەقدىم قىلغان. ئۇ خانغا ياراپ قالغان. قۇبلايخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوردىنىڭ چېدىر مەھكىمىسى — 茶迭儿局 (بىناكارلىق ئىدارىسى) غا باشلىق قىلغان. ئۇ غەربىي يۇرتلۇق ئۇستىلارغا باش بولۇپ، ئوردا قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمەتلىرى ئۇنىڭغا مەڭگۈ تاش ئورناتقان. ئەختەردىن قۇبلايخاننىڭ چۈشىگە كىرگەن. خان ئۇنىڭ جەمەتلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ تىللا بېرىپ بېشىنى سىلىغان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد شاھنى بىناكارلىق مەھكىمىسىگە مەنسەپكە قويغان، بۇ مەنسەپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مىرئەلى شاھ، مۇبارەك شاھ، قۇتلۇق شاھ، ئارغۇن شاھلارغىچە مىراس بولۇپ قالغان»[68].

«غەربىي شىمالدىكى باشقا مىللەت خانلىرىنىڭ ئەلچىلىرى، موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى خەنزۇلارغا ئوخشىمايتتى. نېمە ئۈچۈن ئوردا ئۆيلىرى خەنزۇ ئۆيلىرىگە ئوخشىتىپ سېلىنغان، دەپ سورىغاندا ئۇلارغا، موڭغۇللار بۇ جاينى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قورال كۈچى بىلەن ئالدى. لېكىن، يەنىلا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئىدارە قىلغىلى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ ئىدارە قىلىش كېرەك، بۇنى ئەختەردىن ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى، دەپ جاۋاب بېرىلدى»[69].

يۇقىرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يەكۈنلەردىن مەلۇمكى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ پايتەخت بولۇپ بىنا قىلىنىشى يۈەن دەۋرىدە ئىشقا ئاشقان. ئۇنى لايىھىلەپ بىنا قىلدۇرغان كىشى ئەختەردىن ئىدى[70]،[71].

ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش، ئۇنى مۇستەھكەملەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مالىيە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشتى. «يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى سىنىپىنىڭ يادروسى — موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن كېلىپ چىققان، يۈەن شىيەنزۇڭخان موڭكېدىن بۇرۇن، بۇ سۇلالە ئىزچىل ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە ئورمانلىقلاردا ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئورناتقان. ئەينى چاغدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق دىققىتىنى سىرتقا قارىتا ئىستىلاھ قىلىش ئىشلىرىغا قاراتقان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى تونۇپ يەتمىگەنىدى»[72]. قۇبلاي دەۋرىگە كەلگەندە ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بېيجىڭغا يۆتكىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى يۇسۇندا بىلىنگەنىدى. شۇڭا، قۇبلاي دەۋرىدە يۈەن ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر كۆپلىگەن چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى. يۈەن ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكىدە يىلدىن يىلغا ئىلگىرىلەش بولدى. قۇبلاينىڭ يېزا ئىگىلىك ۋازارىتىگە قىلغان

بۇيرۇقىغا ئاساسەن خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردىن يېزا ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تاللاپ، تۈرلەرگە بۆلۈپ، «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك قامۇسى» ( 农桑辑要 ) دېگەن كىتاب تۈزۈپ چىقىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت ئەسەرلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. بەزىلەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا يېزا ئىگىلىك تەجرىبىلىرى خاتىرىلەنگەن كىتابلاردىن ئون نەچچە خىلى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئىككى خىل ئىدى، بۇلار ۋاڭ جېننىڭ «دېھقانچىلىق قوللانمىسى» ، 农书 ) بىلەن لۇ مىڭشەننىڭ «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دېگەن كىتابىدىن ئىبارەت.

لۇ مىڭشەن ( 鲁明善 ) XIII ـ XIV ئەسىرلەردە ياشىغان. ئۇنىڭ ئاتىسى كاروناداس يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر تەرجىمان ۋە شائىر ئىدى.

لۇ مىڭشەن كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغان ۋە چوڭقۇر مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» ( 农桑衣食提要 ) دېگەن ئەسەرنى يېزىشتا، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىغا دائىر مىراسلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك كىتابى تۈزۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دېگەن كىتابىغا ئەزەلدىن بۇيان ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلىپ كەلمەكتە. «دەستۇر، تارىخ، دانىشمەنلەر ۋە كىتاب توپلاملىرى ھەققىدىكى تۆت يۈرۈش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي تىزىمى» ( 四库全书总目提要 ) دېگەن كىتابتىكى «لۇ مىڭشەننىڭ بۇ كىتابى قەمەرىيە كالېندارىدىكى مەۋسۇملار بويىچە

www.uyghurkitap.com

سىستېمىلىق، ئېنىق، ئاممىباپ يېزىلغان، ئۇنىڭدىكى تېرىقچىلىق ۋە يىغىش ـ ساقلاشقا دائىر بايانلار كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەزمۇنى يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت كىتابلارنىڭ ھەر قاندىقىدىن مول، ھەقىقەتەن قىممەتلىك كىتابتۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. ۋاڭ يۇنخۇ «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» نىڭ يېڭى نەشرگە يازغان كىرىش سۆزىدىمۇ: «لۇ مىڭشەننىڭ بۇ كىتابى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يېزا ئىگىلىك مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك قامۇسى» قەمەرىيە كالېنداردىكى مەۋسۇملار بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن مۇھىم كلاسسىك كىتابتۇر» دەپ تىلغا ئالغان. بۇ پىكىرلەر ناھايىتى توغرا.

ئېلىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، بۇ ھەقتىكى مىراسلارمۇ ناھايىتى كۆپ، لۇ مىڭشەننىڭ «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دېگەن كىتابى بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇ، ھاۋارايى، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىككە دائىر يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى، ھەتتا گۆش، ئۆي قۇشلىرى تۇخۇمىنى ھازىرلاش، كۆكتاتلارنى چىلاش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتابتا كىشىلەرنىڭ ھەربىر مەۋسۇمدا شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرى يېزىلغان ھەم ھەربىر پائالىيەتكە ئىخچام ئىزاھات بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ پائالىيەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىمۇ چۈشەنچە بېرىلگەن. بۇنى ئوبدانراق چۈشىنىش ئۈچۈن، 1 ـ ئاي (قەمەرىيە كالېندارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالمۇ شۇنداق) دا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتكە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قاراپ باقايلى: «كالا — دېھقانچىلىقنىڭ ئاساسى، ئائىلە باشلىقى ئۇنى كۆكۈل قويۇپ بېقىشى، ھەر كۈنى ۋاقتى ـ

ۋاقتىدا ئوت ـ سۇ بېرىشى كېرەك. سۇ كالىسى يازدا سۇغا كىرىۋالىدۇ، ئۇنى يىقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، قىشتا ئىسسىق جايدا ئوبدان بېقىش كېرەك. بىر كالىدا يەتتە ئادەمنىڭ كۈچى بار، كالا هايۋان بولغىنى بىلەن مىجەز ـ خۇلقى ئادەمنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئوبدان ئاسىرىماي بولمايدۇ». لۇ مىڭشەن كەندىر تېرىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «كونىلاردا يەرنى 10 قېتىم ھەيدەپ تۇرۇپ تېرىغۇلۇق، توققۇز قېتىم ھەيدەپ كەندىر تېرىغۇلۇق دېگەن گەپ بار». لۇ مىڭشەن يەنە ئارپا، بۇغداي تېرىقچىلىقى ئاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ كۆپ توختالغان.

ئەجدادلار بىلەن دېھقانلارنىڭ، بولۇپمۇ پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتى مۇھىم. لۇمىڭشەن بۇ نۇقتىغا ناھايىتى دىققەت قىلغان. لۇ مىڭشەن ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى ئىكەن، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشى تۇرغان گەپ. «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە تۆل ئېلىشقا ئوخشاش ئىشلارمۇ تونۇشتۇرۇلغان. كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «12 ـ ئاي (قەمەرىيە كالىندارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) 1 ـ ئايدا ئېلىنغان تۆللەر ياخشى ئەي بولىدۇ. چارۋا ـ ماللارنى ئەتىياز، يازدا بالدۇرراق ئوتلىتىپ، بالدۇرراق ياندۇرۇپ ئەكەلگەن ياخشى. چۈنكى، ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، چارۋا ـ ماللار ئاسانلا تەرلەپ كېتىدۇ. ماللار چۈشتە قوتانغا ياندۇرۇپ كېلىنسە، ئۈستۈپشىغا چاڭ ـ توزان قونۇپ، يارا بولۇپ كېتىدۇ. ماللارنى كۈز كۈنلىرىدە كېيىنرەك باققىلى ئېلىپ چىقىش لازىم. چۈنكى، سەھەردە شەبنەم چۈشىدۇ، ماللار شەبنەم تارقىمىغان ئوتنى يەۋەرسە، ئاغزىغا يارا چىقىدۇ، بۇرنى يىرىڭداپ كېتىدۇ.

ماللارنىڭ ئايىغى قۇرۇقدالىماي چىلە بولۇپ كەتسە، ئاقسىل كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. قويلار تۇز يالىسا، گۆشى تاتلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا پات ـ پات تۇز بېرىپ تۇرۇش كېرەك. كېسەل بولغان قويلارنى ساق قويلاردىن ئايرىپ بېقىش لازىم». بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان قوي بېقىشقا دائىر تەجرىبىلەر بۈگۈنكى چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىگە بەكمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ[73].

## 5) تېبابەتچىلىك جەھەتتە

ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تېبابەتچىلىك ساھەلىرىگىمۇ ئالاھىدە دىققەتنى بۆلۈپ، خەلقنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۆمرىنى ئۇزارتىش، ئامىمغا بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

نەنجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى بىر كىتابتىن بايقىلىشىچە، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇيغۇر ئەمچى (تېۋىپ) لەرنى ئىشلەتكەن، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ گېنېرالى سىچۈەندە جەڭ قىلغاندا، ياردارلارنى ئۇيغۇر ئەمچى ـ ئوتاچى يۇچۇرىچ قايا (月举连赤海牙) داۋالىغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 88 ـ جىلدتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيدۇ (بېيجىڭ) ۋە شاڭدۇ (دولۇن) دا ئۇيغۇر ئەمچىلىك شىپاخانىسى تەسىس قىلىپ، «ئۇيغۇر دورىگەرلىك ئىشلىرى» نى باشقۇرغان[74]. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەمچىلىرى ئۆتكەن.

ئۇيغۇر ئەمچىسى سادىمىش (萨德弥实) «رۇيجۇ مەھكىمىسى شىپاخانىسىنىڭ رېتسېپلىرى» (瑞竹堂经验方) دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مېدىتسىنا ئىلمىگە تۆھپە قوشقان[75].

ئاتاقلىق تاشقى كېسەللەر ئوتاچى دوختۇرى جەرراھ

نېزەر ( 聂只耳 ) «مېھىر - شەپقەت شىپاخانىسى» (广惠司 — داۋالاش ئورنى) نىڭ ئوتاچى بېگى بولغان. ئۇيغۇرلاردىن چاقاي( 赤海牙 ) لار داڭلىق ئەمچىلەردىن ئىدى.

قوسقۇي ( 慧思忽 ) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناس. ئۇ يەنيۇ يىللىرى (1314 ـ 1320) دا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تائام تەييارلاش ئەمەلدارى بولغان، جۈملىدىن خان جەمەتىنىڭ تائاملىرىنى تەييارلاش، تائام تۈرلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان. ئۇ يەنە يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى، تازىلىقى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئەينى زاماندا تائامشۇناسلىقتا نام قازانغان.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1330 ـ يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ توپلىغان ئەمەلىي ماتېرىياللىرى، مول تەجرىبىلىرىنى باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ( 饮膳正要 ) دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

«تائام تەييارلاش دەستۇرى» ئۈچ جىلد بولۇپ، 1 ـ جىلدتا تۈرلۈك يېمەكلىكلەر، 2 ـ جىلدتا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ خۇرۇچلىرى، 3 ـ جىلدتا ئاشلىق، كۆكتات، تۈرلۈك گۆش مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلەنگەن. جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن «قەدىمكى زاماندىكى يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقى ۋە تائامشۇناسلىققا دائىر تۇنجى ۋە مەخسۇس ئەسەر» ، «‹تائام تەييارلاش دەستۇرى› ئىلىمىزنىڭ سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشقان»[76] .

غەرب دۇنياسى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسا، ئېلىمىزدە مىلادىيىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنى ئېنىق بىلگەنلىكىگە دائىر يازما خاتىرىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

«جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە تۇنجى 100 چوڭ كەشپىياتى» دېگەن داڭلىق كىتابنىڭ ئاپتورى، ئەنگلىيىلىك ئالىم روبېرت تاپمول مۇشۇ كىتابنىڭ «ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكى» قىسمىنىڭ 15 ــ ماددىسىدا قوسقۇينىڭ تۆھپىسىنى بامالاپ مۇنداق دەيدۇ: «قوسقۇي ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكى مەسىلىسى بويىچە ئاتاقلىق ئاپتور ئىدى. ئۇ 1314 ـ يىلىدىن 1330 ـ يىلىغىچە بۇ ساھەدە تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدا ‹تائام تەييارلاش دەستۇرى› دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب جۇڭگونىڭ يېمەكلىك توغرىسىدىكى كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابتا قوسقۇي ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولىدىغان پۈت تەمرەتكىسىنىڭ ئىككى تۈرى (ھازىرقى بىز ئاتاپ كېلىۋاتقان ھۆل تەمرەتكە ۋە قۇرغاق تەمرەتكە) نى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان داۋالاش ئۇسۇلى — ئاساسلىقى تەركىبىدە ۋىتامىن $B_1$ ھەم باشقا ۋىتامىنلار كۆپ بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت».

## 6) دىپلوماتىيە جەھەتتە

ئۇيغۇر دېڭىزچى ئۇقمىش ئوكيانلارغا سەپەر قىلىپ، دېڭىز بويلىرىدىكى ئەللەر بىلەن يېڭى سۇلالىسىنىڭ ئالاقىسىنى شەرق تەرەپ بىلەن ئورنىتىشقا تۆھپە قوشقان بولسا خرىستىئان مۇرىدىدىن بولغان راببان سائۇما (Rabban — Sauma، 1245 — 1294) «ئەڭ بۇرۇن ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغان» [77] «ئۇيغۇرلاردىن ئىدى» [78]. يەنە ماركوس دېگەن ئۇيغۇرمۇ بار ئىدى. راببان (Rabban) سۈرىيە تىلىدا «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە بولۇپ، نىستۇرىئان مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ نامى؛ سائۇما (Sauma) ئۇنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇ بېيجىڭدا خرىستىئان دىنىنىڭ نىستۇرىئان مەزھىپىدىكى

ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. سائۇمانىڭ دادىسى شايبان ( 昔班 ) چىڭگىزخان دەۋرىدە شاھزادىلەرنىڭ ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن بولۇپ، كېيىن بېيجىڭدا جىاۋخۇي ( 教会 دىنى ئىشلار جەمئىيىتى) نىڭ مۇپەتتىشى بولغان. سائۇما كىچىكىدىن باشلاپ دىنىي تەلىم ئالغان، 20 يېشىدا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللانغان. خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) غا يېقىن شەنجوڭ دېگەن يەرگە بېرىپ ماكانلاشقان، كېيىن ئۇ مەشھۇر دىن تارقاتقۇچى بولۇپ قالغان. نىستۇرىئان دىنىنىڭ بېيجىڭغا تەيىنلىگەن باش ۋەكىلى ئارخىبىشوپ ماركايىۋاركۇئىس ( Arehbishop Mar Guivarguis ) نىڭ سۇ سېپىشى (خرىستىئان دىنىگە كىرىشتە چېركاۋدا ئوقۇپ سۇ سېپىش ياكى يۇيۇش مۇراسىمىدىن ئۆتۈپ) — خرىستىئان بولغان. ماركوس[79] ( Marcus ) ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ئىدى. بۇ ئىككى ئۇيغۇر 1275 (1278 ـ يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار) ـ يىلى بېيجىڭدىن مۇقەددەس جاي — ئېرۇسالېمغا قاراپ سودا كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ يولغا چىقىدۇ، ئۇلار يولدا تاڭغۇتلار ئېلىدىن ئۆتۈپ دوڭشېڭ ( 东胜 ) ، نىڭشا (ھازىرقى يىنچۇەن) ، خوتەن، كاشغەر، تالاس، تۇس، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلار ئارقىلىق باغداتقا يېتىپ بارىدۇ، يولدا ئۇلار نىستۇرىئان دىنىنىڭ باش كاھىنى ماردېنخا( Patriarch Mar Denha ) غا ئۇچرىشىدۇ. كېيىن ئۇلار پېرسىيىنىڭ شىمالى قىسمى، ئەرمەنىستان، گورجى (ھازىرقى گروزىيە) قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىدۇ، خرىستىئان دىنىغا مەنسۇپ تاۋاپخانىلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا سۇرىيىنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئېرۇسالېمغا بېرىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشىر (ھازىرقى ئىراقنىڭ مۇسۇل) دېگەن جايدىكى (بەزى ماتېرىياللاردا ئاربىلا

‹Arbela› شەھىرى يېنىدىكى ‹Taint Mamicael تاربىل› )
ناملىق چېركاۋغا ئورۇنلىشىدۇ. 1280 ـ يىلى ماردىنخا ئۇلارنى باغداتقا چاقىرتىپ، ماركوس خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) ۋە ئوڭغۇتلارغا ئارىخ بىشوپ (كاھىن — خرىستىئان دىنىنىڭ باش ۋەكىلى) قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياباللاخا (Yabalaha) دېگەن نامنى بېرىدۇ. ماركوس شۇ يىلى 35 ياشتا ئىدى. راببان سائۇمانى چارلاپ يۈرگۈچى باش تەپتىش — (ۋىزىتور گېنېرال Visite General) قىلىپ تەيىنلەيدۇ[80]. ئۇ شەرققە قايتىپ كەلمەكچى بولغاندا ئىلخانىلار بىلەن چاغاتاي خانلىقى ئامۇ دەرياسى ساھىلىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، يول ئېتىلىپ قىلىپ، قايتا ئۆز جايىدا تۇرۇپ قالىدۇ. 1281 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ماردىنخا باغداتتا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا كاھىن سايلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ماركوس تېخى ئاربېلادىن يولغا چىقمىغانىدى. نەتىجىدە سايلامدا ئۇ كاھىن — دىنىي داھىي پاترىئارىخ بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1281 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىش مۇراسىمى ئېچىلىدۇ. ئىلخانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانى ئاباغا (Abaka) خان ئۇنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا ياباللاخا Ⅲ (Yahbah — Allaha Ⅲ) دەپ نام بېرىدۇ[81]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ياش ئۇيغۇر ماناخ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە 36 يىل دىنىي داھىي (كاھىن) بولۇپ تۇرىدۇ. ئاباغا ئۆلۈپ، 1284 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئارغۇن ئىلخانىلار خاقانى بولىدۇ. 1287 ـ يىلى ئارغۇن خاقان خرىستىئان دىنىدىكى دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساسەن پەلەستىن (ئېرۇسالىم) بىلەن سۈرىيىنى بېسىۋېلىش كويىدا ئالدى بىلەن ياۋروپادىكى خرىستىئان پادىشاھلىرىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىنى ئىگىلىگەن راببان سائۇمانى 1287 ـ يىلى پۈتۈن ياۋروپاغا باش ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. سائۇما

كونستانتىنپولغا بېرىپ، پادىشاھ ئاندرونىكوس II
(Andironicos) نىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولىدۇ. ئۇ يەردىن
رىمغا بېرىپ كاردىنال يېرومې (Jerome) بىلەن دىنىي مۇنازىرە
يۈرگۈزىدۇ. پاپا خونورىئوس II (Honorisun II) شۇ يىلى
4 - ئايدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. يېرومې 1288 - يىلى
ئۇنىڭ ئورنىغا پاپا بولۇپ سايلىنىدۇ. سائۇما ئۇ يەردىن
پارىژ شەھىرىگە بېرىپ فرانسىيە پادىشاھى فىلىپ فائىر
VI (Philippele Bel — Philippe the Fair) قىزغىن ۋە
داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئارغۇن
خاقانىنىڭ خېتىنى ۋە سوۋغىلىرىنى تاپشۇرىدۇ. پارىژدا يېرىم
ئايغا يېقىن تۇرۇپ، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بور (بەزى
ماتېرىياللاردا گاسكونى - Gascory دېيىلگەن) شەھىرىگە بېرىپ
ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد I (Edwardl) بىلەن كۆرۈشىدۇ.
فرانسىيە، ئەنگلىيە پادىشاھلىرى ئېلخانىلارنىڭ دۆلەتلىرىنى
بىرلەشتۈرۈش (سۈرىيە، پەلەستىن، ئېلخانىلارنى) تەلىپىگە
قوشۇلىدۇ. 1288 - يىلى سائۇما دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە
يېڭى پاپا نىكولاس IV (Nicholas IV) نىڭ ۋەزىپىگە
ئولتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قايتا رىمغا بېرىپ، دۆلەت
خېتى تاپشۇرىدۇ. پاپا ئارغۇننىڭ خرىستىئان دىنىغا ئەھمىيەت
بەرگەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتىدۇ ھەم سوۋغا - سالاملار
يوللايدۇ. سائۇما ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق،
قانائەتلىنەرلىك ئورۇنلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئارغۇن خان
ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ، پايتەخت تياۋلى ئىبادەتخانىسى
(ھازىرقى ئەزەربەيجاندىكى تەبرىزدە) غا ياندىشتۇرۇپ بىر
چېركاۋ سېلىپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىنى تاپىلايدۇ.
كېيىن مارغا (茂刺哈) غا كۆچۈپ كېلىپ يەنە بىر
ھەيۋەتلىك چېركاۋ سالدۇ. 1293 - يىلى، ماركوس (ياباللاخا
III) نىڭ قېشىغا نايىبلىققا بېرىپ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ،

بۇنى ۋاپات بولغۇچە (1294 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) بېجىرىدۇ. ماركوس بولسا 1317 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مارغا شەھىرىدە 72 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. «سائۇمانىڭ ئەلچىلىككە چىقىشى رىم پاپاسىنىڭ يۈەن سۇلالىسى خاقانىنىڭ ۋە ھەر قايسى خانلىقتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن مىسسىيونېر گ. مونتېكور ۋىنو (Giovanida. Montecorvino، 1247 ـ 1328) قاتارلىقلار شەرققە كېلىپ شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى»[82]. سائۇمانىڭ پارسچە يازغان ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن. 1887 ـ يىلى سۈرىيىچە «كاھىن ياباللاخا ۋە چارلاپ يۈرگۈچى باش تەپتىش راببان سائۇما خاتىرىسى» (ئاپتورى ئېنىق ئەمەس) تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا راببان سائۇمانىڭ ساياھەت جەريانى تونۇشتۇرۇلغان. بۇدگې دېگەن ئادەم 1928 ـ يىلى نيۇيوركتا (Budge «The Monks of Kubilai Khan») دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا 1958 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا «مارياباللاخا Ⅲ ۋە راببان سائۇما تارىخى История «МаряЬалахииРаЬЬан Саумы Ⅲ» (ئاپتورى Н. В Пигупевская) دېگەن كىتاب نەشر قىلىنغان.

«ئۇگداي دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن مەسئۇد (麻速忽) داۋاملىق ھالدا ئۇيغۇرلار رايونىدىن تارتىپ، ماۋەرا ئۇننەھر رايونلىرىنىڭ باجلىرىنى باشقۇرىدىغان باش ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلىگەن. موڭكېخان ناخۇەي (讷怀)، تالاقاي (塔拉海) لار بىلەن بىرگە مەسئۇدنى بەشبالىق قاتارلىق جايلارنىڭ مەمۇرىي مىرزا دىۋان نايىبى[83] لىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن.

## 7) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە ئەسەر يازغان ئاپتورلار ناھايىتى كۆپ. ئەدىبلەردىن گۇەن يۈنشى، سەيدۇللا، ما زۇچاڭ، شۆ ئاڭفۇ، ليەن شىشيەن، گاۋ كېكوڭ، جاۋ شيەن، ما شىدى، شىن ۋېنفاڭ، شې ۋىنجى قايا، ليەن پۇكوي، چى نەن قايا، شې يۈلى، شې جىدۇ، نەي شەن، سەن باۋجۇ، بيەن لۇ، تېگىن ساڭيا، ليەن خىڭ، كەيلىباش، مارۇن، شىڭ شىمىڭ، دادۇلۇ، بايان بۇقاتېگىن، بى لىشا، شا شۈەنۈڭ، ليەن دۈن، جىن ساڭيا، ۋاڭ باۋجۇ، شىبى بەيلىياۋلاردىن ئىبارەت.

بۇ ئىسىملىكتىنلا روشەنكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان 28 ئەدىبنىڭ كۆپچىلىكى شىنجاڭلىق ئىدى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن 30 ئالىم بولغان.

ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، شۇڭا يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان بولغاچقا، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، شېئىر، نەزمىلەرنى يازغان. بۇ ئەدىبلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاپراق كېتىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي ئەل ئەدىبلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى شېئىر، بېيىت، نەزمە (بۇ يەردە خەنزۇچە شېئىر شەكىللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) شەكىللىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، يۈەن دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي

تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرگەن. تۇرلۇك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان. بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئالۋاڭ ـ ياساق، ھاشار ۋە خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەت بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن. جەمئىيەتنىڭ زۇلمى، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، خىيانەتچى ـ ئەمەلدارلارنىڭ شەرمەندىلىكىنى پاش قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان، دۇنيادىن پاك ئۆتۈپ كېتىشنى خالايدىغان ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلغان. تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، گۈزەل تاغ ـ دەريالارنى كۈيلەپ نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان.

گۇەن يۈنشى (1286 — 1324) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق نەسرىي غەزەل (散曲) يازغۇچىسى، ئاتاقلىق خەتتات، مۇزىكانت ۋە رەسسام، غەزەلچى، دراماتورگ، جۈملىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى. گۇەن يۈنشى خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۇەن يۈنشى (贯云石)، گۇەن يۈنشى قايا (贯云石海牙) دەپ ئىككى خىل يېزىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز ئۇيغۇرچە «كۆن سەۋىنچ» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارايدۇ. سۈەنجەي 酸斋 — (تاڭسىق، ئاچچىق ـ چۈچۈك) دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلغان.

گۇەن يۈنشىنىڭ ئانا يۇرتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمى ئۇيغۇر شەھىرى جىمسار ئىدى.

گۇەن يۈنشى 39 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ بۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغانىدى. ئۇ قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك

بىلەنمۇ شۇغۇللانغانىدى. شۇنداقلا بۇددا پەلسەپچىسى ئىدى، ئۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا تۆھپە قوشقان.

گۇەن يۈنشىنىڭ تالانتى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تالانتى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ.

گۇەن يۈنشى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ شېئىر （诗）، دراما （曲）، بېيت （词）، ماقالە （文） قاتارلىقلاردا ناھايىتى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. بولۇپمۇ ئۇ نەسرى غەزەل （散曲） يېزىشتا مەشھۇر ئىدى.

گۇەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى چاغدىلا زور تەسىرگە ئىگە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ياڭ جياۋيىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» （阳春白雪） ۋە «تىنچ مۇزىكا مەھكىمىسى» （太平乐府） قاتارلىق كىتابلارغا ئەسىرى ئەڭ كۆپ كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، «باھار قارلىرى» غا كىچىك نەزمىلەردىن 36 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن بىر پارچە كىرگۈزۈلگەن. «تىنچ مۇزىكا مەھكىمىسى» گە كىچىك كۈيلەردىن 30 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن ئالتە پارچە كىرگۈزۈلگەن. گۇەن يۈنشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ياڭ جياۋيىڭ ئۇنىڭ يېقىن دوستى شۈزەيسىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر توپلام قىلىپ، «سۈەنتيەن مۇزىكا مەھكىمىسى» （« 酸甜乐府 »） دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» （« 元诗选 »） غا گۇەن يۈنشىنىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. گۇەن يۈنشىنىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

گۇەن يۈنشى ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى ئاكتىۋال （ئىلغار）

ئىدى.

زاماندىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىق خاھىشىنى ئىپادىلەش گۈەن يۈنشى ئەسەرلىرىدىكى گەۋدىلىك بىر تېما. ئۇ هۆكۈمرانلار سۇرۇندىن بىزار بولۇپ، نام ـ ئەمەلنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ، پاسىقلىق قاپلاپ كەتكەن مۇھىتتىن ئۆزىنى تارتىپ، تىنچ، خاتىرجەم جايغا يۆزلىنىشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە بۇنداق ئىدىيىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

گۈەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يارقىن بىر تېما ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى زوق ـ شوخ بىلەن كۈيلەش ۋە تەبىئىي مۇھىتنى پۈخادىن چىققۇچە تەسۋىرلەش. چۈنكى، ئۇ خەتەرلىك سىياسىي ماجىرادىن تىنچ، گۈزەل مۇھىتقا يۈزلىنىپ ئالاھىدە خۇشاللىنىدۇ.

گۈەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھەسرەتلىك ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن قىسمىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

دېمەك، گۈەن يۈنشى ئەسەرلىرى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇننى خېلىلا بېيىتقان.

سەيدۇللا 萨都喇 — (1305 — 1355) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىب.

يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب تاۋ زوڭيى ( 陶宗仪 ) ئۆزىنىڭ «كىتابلار جەۋھىرى» ( « 书史会要 » ) دېگەن ئەسىرىنىڭ 7 ـ جىلدىدا، تۇنجى قېتىم سەيدۇللانىڭ ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ ناھايىتى ئېنىق ھالدا «سەيدۇللانىڭ يەنە بىر ئىسمى تيەنشى 天锡 بولۇپ، ئۇيغۇر 回纥人 » دەپ كۆرسەتكەن.

سەيدۇللانىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭ، ئاتا ـ بوۋىلىرى

ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

سەيدۇللا داڭلىق شائىر ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەيلى سان، مەيلى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ پۈتۈن جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسىم. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چېن يۈەن ئەپەندى «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا يۈەن دەۋرىنى سۆزلەيدىكەنمىز سەيدۇللانى تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دەپ يازغان.

يولداش ماۋزېدۇڭ، ئۆزىنىڭ 4 ـ توم ئەسىرىدىكى «پارە ـ پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە سەيدۇللانىڭ «شىتۇچېڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىدىن نەقىللەر ئېلىپ، ئۆز كۆز قارىشىنىڭ دەلىللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشتا پايدىلانغان.

سەيدۇللانىڭ «يەنمىن توپلىمى» ( « 雁门集 » ) دېگەن ئەسىرى بار، بۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرلار ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

شائىر ئۇزۇن مۇددەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشىغاچقا، خەلقنىڭ ماكانسىزلىق، ئاچ ـ يالىڭاچلىق، جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قەلبىدە چوڭقۇر ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئۇزلۇكسىز قوزغىلىپ، نۇرغۇن مەشھۇر شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. ئەنە شۇ شېئىرلار ئىچىدە «تىلەمچى قىز» ( 鬻谣女 ) ، «تاڭ گۈەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش» ( « 过居唐关 » ) ، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې دەرياسى بويىدا كۆرگەنلىرىم» ( « 早发黄河即事 » ) قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

شېئىرلىرى خەلقىنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەن ۋە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن.

سەيدۇللانىڭ نامى چەت ئەللەرگىمۇ تونۇش، ياپونىيىلىك داۋتيەن خەن ( 岛田翰 ) «ئابىدە قىلىپ ئويۇلۇپ، ئۆزىنىڭ بولۇپ كەتكەن سا تيەنشى — ‹ سەيدۇللا › شېئىرلىرى» « 刻永和本萨天锡逸诗 » دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى چەت ئەللەرگە تارقاتتى. مىسىرلىق ئالىم رۇۋادى «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا» ناملىق كىتابىدا «ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى سەيدۇللانىڭ ئىسمىغا نىسبەتەن يات تونۇشتا ئەمەس» دەپ يازىدۇ.

دېمەك، سەيدۇللا ۋە شېئىرىي دىۋانى «يەن مىن توپلىمى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەر.

شۈ ئاڭفۇ ( 薛昂夫 ) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر شائىرى.

تاۋزوڭيى « كىتابلار جەۋھىرىگە تولۇقلىما » ( « 书史会要补遗 » ) دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى «ئۇيغۇر — 回纥人» دەپ ئىزاھلىغان.

شۈ ئاڭفۇنىڭ يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت ساھەسىدە داڭقى بار ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھازىر بىر كۇپلېت ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما نەسرىي غەزەللىرى بىرقەدەر كۆپ. «يۈەن سۇلالىسى نەسرىي غەزەللىرى» ( « 全元散曲 » ) دە كىچىك كۇيلەردىن 65 كۇپلېت، پۈتۈن يۈرۈشلۈكتىن ئۈچ كۇيى بار.

شۈ ئاڭفۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ. ئۇ نەسرى غەزەلدىن ئىبارەت ھەجمى كىچىك، جانلىق بولۇپ، نەسرلىك ژانىردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يۈرىكىدىكى

چەكسىز ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇش قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

شۆ ئاڭفۇنىڭ كۆپ ئەسەرلىرى تارىخنى كۈيلەش، قەدىمكىنى ئەسلەش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ياكى ئۆزى كەزگەن تاغ ـ دەريالارنىڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر، قەدىمگاھلارنى، مەشھۇر ئورۇنلارنى كۆرگەندە، تەسىرلىنىپ يازغان ئەسەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تولىمۇ جانلىق ۋە جەزبىدار بولۇپ، تىل ئىشلىتىشى كۈچلۈك ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرگەن.

ئومۇمەن، شۆئاڭفۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەردانىلىك، زوق ـ شوخلۇق كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «جۇڭلۇ. تاغ باغرىدىكى قويلار» (« 中吕.山坡羊 ») «غەربىي كۆلدىكى ئارىلاش مەدھىيىلەر. باھار» (« 西湖杂咏 . 春 »)، «قەسىر ئالدىدىكى خۇشاللىق» (« 殿前欢 ») قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇنداق خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

ما زۇچاڭ (马祖常) (1278 — 1339) ئۇيغۇرلارنىڭ توقسۇندا ئولتۇرۇشلۇق قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق ئەدىب ئىدى.

ما زۇچاڭ كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى «لې خوۋجىن ئەينىكى» (« 列后金鉴 »)، «يىللار خاتىرىسى» (« 千秋纪略 »)، «قارىغايلىق ساراي خاتىرىسى» (« 松厅事稿 »)، «شىتيەن توپلىمى» (« 石田集 ») بار. ئۇ يەنە «يىڭزۇڭنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى» (« 英宗实录 ») نى تۈزۈشكە قاتناشقان. «پادىشاھ رەسىمىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى» (« 皇图大训 »)، «چىڭخۇانىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» (« 承华事略 ») نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان.

ما زۇچاڭ ئالدى بىلەن بىر خەلق شائىرى ئىدى. ئۇ،

خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىنى تۇرغۇزغان. شۇڭا، شېئىرلىرىدا ئېزىلگۈچىلەرگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن، سىنىپىي زىددىيەتنى پاش قىلغان، ھۆكۈمرانلار سورۇنىنىڭ زۇلمەتلىكىگە ۋە ئۇنىڭدىكى نۇقسانلارغا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن. ئوردىدىكى ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا غەزەپ ـ نەپرىتىنى ياغدۇرغان. ئەمەلدار ۋە بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ھەم بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى قاتتىق پاش قىلغان.

ما زۇچاڭنىڭ «شىتيەن توپلىمى» داڭلىق ئەدەبىي ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول، تېمىسى كەڭ، ئىدىيۋى مەزمۇنى ساغلام ۋە ئىلغار.

ما زۇچاڭنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك — ئەسەرلىرىنىڭ ھەجىمى چوڭ. مەسىلەن، «پايتەخت دەرۋازىسىدىكى يۈز قاپىيە» (« 都门 — 百韵 ») دېگەن شېئىرى مىڭ خەتلىك، «ئىرادىنى كۆزلىگەن سەكسەن قاپىيە» — (« 壮游八十韵 ») دېگەن شېئىرى 800 خەتلىك بولۇپ، ئاتاقلىق شائىر دۇفۇنىڭ «شىمالغا سەپەر» (« 北征 ») دېگەن شېئىرىغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.

### 8) رەسساملىق ۋە خەتتاتلىق

يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئاتاقلىق رەسساملار ۋە خەتتاتلار ئۆتكەن.

ئۇيغۇر رەسسامى بيەنلۇ ( 边鲁 ) ۋە ئۇنىڭ «بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل» ( 善田墨戏花鸟 ) دېگەن رەسىمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. بيەنلۇ كۆپلىگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى سىزىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى رەسساملىقىنى بېيىتقان[84].

ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن گۇەن يۇنشى، نەيشەن، گاۋ كىكوڭ ۋە بويان بۇقاتېگىن (بۇ ئادەم ھەم خەتتات) قاتارلىقلارنىڭ نامى جۇڭگو رەسساملىق تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە.
كۇسەنلىك ئالىم چىڭشىمىڭ ۋە ليەن شىگۇڭ، لۇلۇ ( 闾闾 ) سارابان، شىشەن، ۋنيىناشىل قاتارلىقلار ئاتاقلىق خەتتاتلاردىن ئىدى. ليەن شىگۇڭ قاتارلىقلارنىڭ گۇزەل سەنئەت ئەسەرلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ قىممەتلىك سەنئەت مىراسىدۇر[85].

چىڭ شىمىڭ ( 盛熙明 ) «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» ( 书法考 ) دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۆزىنىڭ كۇسەنلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ياشلىق دەۋرىنى كۇسەندە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، كېيىن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇ بۇ مەزگىلدە «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە»، «رەسساملىق ھەققىدە تەتقىقات»، «ئالتۇن خەتلىك بۇددا كىتابى»، «كۇيجاڭ راۋىقى[86] ھەققىدە يېزىلغان كىتابقا رەددىيە» ناملىق كىتابلارنى يازغان ۋە «كلاسسىك قامۇسنامە» ناملىق زور ھەجىمدىكى سىياسىي كىتابنى يېزىش ـ تەھرىرلەشكە مەسئۇل بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە»، «رەسساملىق ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدە داڭق چىقارغان.

## 9) تەرجىمانلار

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى — جۇڭگونىڭ زېمىنى كەڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ ئاھالىسى، جۇملىدىن مىللەتلەر خېلىلا كۆپ. چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا كېڭەيگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە

ھۆكۈمران مىللەت بىلەن مۇتلەق كۆپ قىسىم ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى خەلقنىڭ تىللىرىدا پەرق بار. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەرجىمە ئىشلىرى دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى — موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە غەربىي شىمالدىكى مۇسۇلمان، غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلىرى تەرجىمە ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەرجىمە ساھەسىدىكى خىزمەتلىرى ۋە تۆھپىسى بەكمۇ چوڭ بولغان. «تىل يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى يۈەن دەۋرىدە ھۆكۈمران موڭغۇللارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋاستىچى بولۇپ قالغان»[87].

(1) ئاراساڭ (安藏) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چوڭ تەرجىمانلارنىڭ بىرى.

ئاراساڭ(؟ — 1293) نىڭ ئەسلىي ئىسمى گوباۋ (国宝) بولۇپ، ئۇ بەشبالىق (ھازىرقى جىمىسار تەۋەسىدە) تا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە بەشبالىقتا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. ئۇ بالىلىق چېغىدىلا ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ۋە خەنزۇ تىل يېزىقىنى پىششىق بىلگەن. بۇددا نوم سوترىلىرىنى بىرلىپ ئۆگەنگەن. كۆڭزىچىلىق ئەقىدىلىرىدىن خەۋەردار بولغان. شۇڭا، بىلىملىك ئۆلىمالار ئارىسىدا ياش تۇرۇپلا نام چىقارغان. مۆڭكىخان ئاراساڭنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئوردىغا چاقىرتقان، ئۇ ئوردىدا خىزمەت قىلغان. قۇبلاي دەۋرىدە 10 توملۇق بۇددا كىتابى — «ئاغىلىق نوملار ھەققىدە ئېيتىلغان پەندى - نەسىھەتلەر توپلىمى» (« 宝藏论元演集 ») نى قۇبلايغا ھەدىيە

قىلىپ، ئۇنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ «قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئېگىز - پەس ئىشلارنى ئوخشاپ، شۇنىڭغا دائىر تارىخنى ئىگىلەپ، جاھاننىڭ كىمگە باقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش» مەقسىتىدە «نەسرنامە» ( « 尚书 » ) دىكى، «پاراغەتكە بېرىلمەسلىك» قىسمى( « 尚书 · 无逸 » )، «جېنگۇەن [88] يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر» ( « 贞观政要 » )، «ئۆرنەك» ( « 申鉴 » ) قاتارلىق كىتابلارنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق موڭغۇلچىگە تەرجىمە قىلىپ، قۇبلايغا ھەدىيە قىلغان.

كېيىن يەنە «نەسرنامە» ( 尚书 )، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» ( « 资治通鉴 » )، «نەن جىڭ» (رىيازەت خاتىرىلىرى « 难经 » )، «دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر» ( 本草 ) قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنى خەنزۇچىدىن موڭغۇلچىگە تەرجىمە قىلغان[89]. بۇنىڭ ئىچىدە «دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر» دېگەن كىتابتىن باشقىلىرى سوڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ خەلقنى ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا دائىر «ئەمەلىي خاتىرە ياكى ئوردا دەستۇرى» ۋە «تەجرىبىلەر توپلىمى» بولۇپ ھېسابلىناتتى.

«نەسرنامە» ( 尚书 ) خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان تارىخنامىلەرنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ تارىختا ئۆتكەن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوقۇش دەستۇرى ئىدى. ئاراساڭ بۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ، ھۆكۈمرانلارغا تارىختا ئۆتكەن ئۆزگىرىشلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، نىيەت ئىقبالىنى رۇسلاپ، ئەلنى توغرا يولغا باشلاپ، يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش مەسلىھەتىنى بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتابلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلانغان.

ئاراساق 1293 ـ يىلى ۋاپات بولغان. قۇبلاي ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇستاز بەگ قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەرگەن[90].

(2) پراجناشرى (必兰纳识里) (؟ — 1332) بەشبالىقتىكى گامرو بەگلىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇر ۋە سانسكرىت تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، كېيىنچە تۇبۇتچە ۋە موڭغۇلچىنى ئۆگەنگەن. ئەينى چاغدا ھەر مىللەتتىن يۇەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلگەن مېھمانلار ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى ھېچكىم ئوقۇيالمىغان. پەقەت پراجناشرى ئوقۇپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. يۇەن سۇلالىسى تارىخي خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، پراجناشرى خەت ـ چەك، ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغاتلارنىڭ سانىنى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىدىكەن. بۇلارنى ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر يېزىپ چىقىدىكەن، ئاندىن خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلەر يۇقىرىغا سۇنۇلىدىكەن. مەسئۇل بولغۇچىلار شۇ تەرجىمە بويىچە سوۋغاتلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە پەقەت خاتالىق كۆرۈلمىگەن. پراجناشرىنىڭ بىلىمىنىڭ مولluqىغا قايىل بولمىغان بىرمۇ كىشى بولمىغان. پراجناشرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، كىشىلەرنىڭ تىل ئالاقىسىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ھەل بولغان، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق كۈچەيگەن. شۇ سەۋەبتىن پراجناشرى كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان ۋە مەنسەپكە قويۇلۇپ، بىرمۇنچە دۆلەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن.

پراجناشرىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ۋە تەتقىق قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇددا مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم

تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بۇددىزم مەدەنىيىتى دىن بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇددىزمنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. شۇڭا، ئۇ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دادېنىڭ 6 ـ يىلى (1302) پراجناشرى خاننىڭ ئورنىدا راھىبلىققا چىقىپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇ «سورۇنگاما سامادخى نومى» «ماھايانا سوترالانكاراتىكا» ، «پىراجىنا پارامىتا نومى» ، «چوڭ نىرۋان نومى» ، «ماخايانا مەزھىپىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىگە مەدھىيە» دېگەنگە ئوخشاش ئالتە خىل بۇددا نومىنى خەنزۇ، سانسكرىت ۋە تىبەت تىللىرىدىن موڭغۇلچىگە تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە نۇسخىلار بۇددىزمنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى زور بولغان[91] .

(3) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمانلار ئىچىدە كارۇناداس [92] (« 迦鲁纳答思 ») (? — 1312) نىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئۇ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ، سانسكرىت قاتارلىق بىر قانچە تىلنى پىششىق ئىگىلىگەن. بىر قانچە يىل تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن كېيىن قۇبلاينىڭ تەرجىمانى بولغان.

يۈەن سۇلالىسىغا 20 نەچچە دۆلەتتىن ئەلچىلەر كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كارۇناداس تەرجىمان بولغان. ئۇنىڭ ئاجايىپ راۋان تەرجىمىلىرىدىن ئەلچىلەر ھەيران بولۇشقان. «بۇ كارۇناداسنىڭ چەت ئەل تىللىرى سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ»[93] . ئۇ 1312 ـ يىلى ۋاپات بولغان،

تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس.

دېمەك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان ئىدى. قىسقىسى، «سىرتتىن، چەت ئەللەردىن ئوردىغا ئەلچىلەر كەلگەندە كۈتۈۋالىدىغان ۋە تەرجىمانلىق خىزمىتىنى بېجىرىدىغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار ئۈستىگە ئالغانىدى»[94].

## 10) تارىخشۇناسلار

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە چوڭ ئىشلار قىلىندى.

116 جىلدلىق «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 135 جىلدلىق «جىن دۆلىتى تارىخى»، 496 جىلدلىق «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋردە تۈزۈلگەن. تۈزۈشكە ئۇيغۇرلار قاتناشقان.

(1) ليەن خۇيشەن قايا (廉惠山海牙) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارى بۇرۇلقايانىڭ نەۋرىسى، ئەنخۇي گۇاڭ ۋۇدى مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچىسى (باش مۇپەتتىشى) ئارغۇن قايانىڭ ئوغلى، ليەن شىشيەننىڭ جىيەنى بولۇپ، 1274 — 1345 ـ يىللىرى ياشىغان. ئۇ جىن، لياۋ، سوڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە قاتناشقان. «ليەن شىشيەن قايا ‹لياۋ سۇلالىسى تارىخى› نى تۈزگۈچى، تەھرىرلىگۈچى ئەمەلدارلار ئىچىدە بىرىنچى شەخس ئىدى»[95]، ئۇ يەنە «يىڭزوڭ خاتىرىلىرى» («英宗实录»)، «شيەنزوڭ خاتىرىلىرى» («显宗实录») نى تۈزۈشكە قاتناشقان[96].

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» بىر قېتىم تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يوقىلىپ كەتكەن. 1343 ـ يىلى يۈەن ئوردىسى ليەن

خۇيشەن قايا قاتارلىق تۆت نەپەر كىشىنى لياۋ سۇلالىسى تارىخىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئاجراتقان بولۇپ، ئۇلار تۈزگەن «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ يىلنامە 1343 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1344 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزۈلۈپ بولغان بولۇپ، جەمئىي 106 جىلد، بۇ چاغدا لىيەن خۇيشەن قايا يەتمىش ياشتىن ئېشىپ قالغانىدى. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بىردىن بىر تولۇق، سىستېمىلىق هالدا تۈزۈلگەن لياۋ دەۋرىنىڭ رەسمىي تارىخى، ئۇ لياۋ (قىتانلار) دەۋرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مول ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال.

(2) سارابان ( 沙拉班 ) نىڭ ئەسلىي ئىسمى جىڭ جېڭ ( 敬正 ) بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دارىلئۇلۇمىنىڭ مىرزا بېگى ئارۇن تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئىدى.

سارابان يۈەن سۇلالىسىنىڭ شۇندى خانى توقۇن تۆمۈر (1333 — 1370) خانىنىڭ ئۇستازى بولغان، شۇندى خان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇ جياڭشى خۇدۇڭ ئايمىقىنىڭ تۆرە نايىبى، دارىلئۇلۇمىنىڭ مىرزا بېگى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. كېيىن ئوردا مىرزا دىۋان مۇئەككىلى، تۇتۇن دىۋانى مىرزىسى، جارچى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن. 1343 ـ يىلى سارابان «جىن دۆلىتى تارىخى» نى تۈزۈش توغرۇلۇق يارلىق تاپشۇرۇۋالغان، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا 135 جىلدلىق بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىققان. دېمەك، «سارابان ‹جىن دۆلىتى تارىخى› نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى ئەمەلدارنىڭ بىرىنچىسى ئىدى»[97].

1260 — 1262 ـ يىللىرى «جىن دۆلىتى تارىخى» ۋە جىن سۇلالىسىغا دائىر تارىخىي كىتابلار تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇرۇنلا يوقىلىپ كەتكەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە

تۈزۈلگەن «جىن دۆلىتى تارىخى» بولسا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر بىرقەدەر مول، سىستېمىلىق بولغان جىن خانلىقىنىڭ رەسمىي تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىلنامىدىكى «تەزكىرە» تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، جىن دەۋرىدىكى ھەر دەرىجىلىك تۈزۈملەرنى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى رايونلارنىڭ بۇرۇنقى مەمۇرىي بۆلۈنۈشى، تەبىئىي شارائىتى، ماددىي بايلىقى، تاغ ـ دەريالار، مىللەتلەر قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. دېمەك، «جىن دۆلىتى تارىخى» نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى ئەمەلدار سارابان ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان[98].

ئۇيغۇر تارىخچىلىرىدىن يۆجۇ ( 岳株 ) (ئارغۇن سالىنىڭ چوڭ ئوغلى) ۋە چولپان سالى ( 全普俺撒里 ) قاتارلىقلار «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» ( « 宋史 » ) نى تۈزۈش، تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشقان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردىن قۇتلۇق دۇرمىش ( 忽都鲁儿迷失 ) ۋە ئارۇن تۆمۈر ( 阿领帖米儿 ) قاتارلىقلار موڭغۇل ئوردىسىنىڭ خاتىرىسى «توبوچيان»نى يېزىشقا قاتناشقان[99]، [100].

# 4. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر دىپلو- ماتلىرى كورىيىدە

ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىن بىرقانچە مەشھۇر دىپلوماتلار يېتىشىپ چىقىپ، شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان. بۇنىڭ ئىچىدە كورىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىغا ھەسسە قوشقانلاردىن شې سۈن(偰 逊)، شې چاڭشۇ(偰长寿)، شېسى (偰斯) قاتارلىقلارنىڭ خىزمەتلىرى ئالاھىدە بولۇپ، ئەسلەشكە تېگىشلىك.

بۇ ئۈچ زات تونيۇقۇق ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ نەسەپ تارىخى توغرۇلۇق توختىلىمىز.

تونيۇقۇق تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ھەربىي سەركەردە، سىياسىئون بولۇپ، ئاشىد قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئاشىد قەبىلىسى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە خان جەمەتى قەبىلىسىدىن ھېسابلانغان ئاشىنا قەبىلىسىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئىككى يېتەكچى قەبىلىنىڭ بىرى ئىدى، شۇنداقلا بۇ قەبىلە قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان قەبىلە ئىدى. ئۇ ئاشىنا قەبىلىسى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان.

تونيۇقۇق كىچىكىدىن زېرەك، ئەقىللىق، جەسۇر يىگىت بولۇپ ئۆسكەن، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولۇپ، بىلگە تونيۇقۇق دەپ ئاتالغان. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۆز زامانىسىنىڭ دىپلوماتىيە قائىدىسىگە ئاساسەن تاڭ

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسى ئوردىسىدا تۇرۇپ، تەربىيىلەنگەن ھەم ئاشىنا يۈەنجېن ( 阿史那元珍 ) دېگەن خەنزۇچە ئىسمنى قوللانغان. (لېكىن، بەزىلەر تونيۇقۇق بىلەن ئاشىنا يۈەنجېننى ئايرىم – ئايرىم ئىككى ئادەم دەپمۇ قارايدۇ. ) تۈرك خانلىقى ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە ئاپاتارقان كېيىن بويلا باغاتارقان. . . دېگەن مەنسەپكە مۇشەررەپ بولغان. تونيۇقۇق يىراقنى كۆرەر ئەرباب بولۇپ، ياش چاغلىرىدا ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلارغا قىزغىن ئىشتىراك قىلغان. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» نىڭ 6 ـ قۇردا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات قالدۇرۇلغان: «مەن ئۇنى (قۇتلۇقنى) خاقان بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. مەنكى بىلگە بويلاباغا تارقان . . . ئىلتېرىش خاقان بىلەن بىرلىكتە جەنۇبتا تابغاچلاردىن، شەرقتە قىتانلاردىن، شىمالدا ئوغۇزلاردىن كۆپ ئۆلتۈردۇق، (شۇ چاغدىمۇ) لەشكەرلەر باشلىقى، ئەقىلدارى مەنلا ئىدىم» ، 51 ـ 52 ـ قۇردا بولسا «قاپاغان قاغان 27 ياش ۋاقتىدا مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزدۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم، قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم، مەن دۆلەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم.» تونيۇقۇق غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى ئىلتېرىشى (691 ـ ؟ ) قاغاننىڭ قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ھەمدەمدە بولغان ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى (683 ـ 691 ـ يىللار) دىن تارتىپ قاپاغان قاغان (716 ـ ؟ ) نىڭ سەلتەنەت دەۋرى(691 ـ 716) ، بىلگە قاغان (684 ـ 734) نىڭ سەلتەنەت دەۋرى (716 ـ 734) گىچە بولغان تۈركلەرنىڭ ئۈچ خاقانىغا باش ۋەزىر بولغان.

تۈرك خانلىقى مىلادىيە 552 ـ يىلى تۇمەن خاقاننىڭ

سەلتەنەت تەختىگە چىققانلىقىنى بەلگە قىلغان ھالدا بىر مەزگىللىك بۆلۈنۈشنى ھېسابقا ئالمىغاندا 744 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان. مىلادىيە 741 ـ 742 ـ يىللىرى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار باسمىل ۋە قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭ ـ سول يابغۇ دەپ ئاتاپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئۇزمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، باسمىللارنىڭ ئاقساقىلىنى «ئېلتېرىش قاغان» قىلىپ تىكلىگەن، بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 744 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە، «بايانچور قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا كۆرسىتىلگەندەك كۆل بويلا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلئېتمىش (بايانچور) قاغانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۈچىنچى ئۇيغۇر ئېلى ـ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرىنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغان. بۇنىڭ ئىچىدە، تونيۇقۇق جەمەتى مەنسۇپ بولغان ئاشىد قەبىلىسىدىكىلەر ۋەزىرلىك ئىمتىيازىغا ئىگە قەبىلە بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياغلاقار قەبىلىسىدىن چىققان خانلار ئەنئەنىۋى تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئاشىد قەبىلىسىنىڭ ۋەزىرلىك مەنسىپىگە ئولتۇرغۇزۇشنى قارارلاشتۇرغان. بۇ خىل مۇھىم قائىدە ئۇلۇغ سەركەردە ۋە قابىل ۋەزىر تونيۇقۇقنىڭ بىر ئەسىرگە يېقىن تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىكى تونيۇقۇقنىڭ ئۆلگەن ياكى ھايات ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. خەنزۇچە تارىخنامىلەرنىڭ بىرىدە 80 ياشلارغا كىرىپ ئۆلگەن دېيىلسە، يەنە بىرىدە 120 ياشلارغا كىرىپ

www.uyghurkitap.com

ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە ھايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللارمۇ بار. ئاشۇلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، تۇنيۇقۇق تۈركلەرنىڭ پىتىراپ كەتكەن بەزى قەبىلىلىرى بىلەن شەرق ۋە غەرب تەرەپكە كەتمەي، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا قالغان، شۇنداقلا خانلىقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، قەبىلىلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر خاقانى يولغا قويغان سىياسەتكە ئاساسەن تۇنيۇقۇق خانلىق ئوردىسىدا مۇھىم خىزمەتكە تەيىنلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ ئوۋياڭشۈەن يازغان «قوچولۇق شى جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابتا (高昌偰氏家传) شۇنىڭدىن باشلاپ «تۇنيۇقۇقنىڭ ئوغۇل نەۋرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرلىرى بولغان» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدا (742 — 756 ـ يىللار) مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا «ئەنلۇشەن — شىسىمىڭ (ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن) توپىلىڭى» يۈز بېرىپ، پايتەخت لوياڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ئۇيغۇر خانلىقى تەكلىپكە بىنائەن ئاتلىق قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتكەن، قوشۇننىڭ قوماندانى تۇنيۇقۇق بىلەن ئۇيغۇر خانىنىڭ شاھزادىسى بولغان. توپىلاڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنيۇقۇققا «ئۇستاد ۋە ئەلەمگە سادىق بەگ» (ۋاڭ) (大师忠武王) دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلىپ، «ئەمىر مىمار» (司空) دېگەن پەخرى ئەمەل بېرىلگەن. بۇ ئىشلار 756 ـ يىللىرى بولغان. تۇنيۇقۇقنىڭ 120 ياشقا كىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن دېگەن بايانى ئوۋياڭشۈەننىڭ كىتابىدا ئۇچرايدۇ. بىر قاتار ئەھۋاللارغا ئاساسەن تۇنيۇقۇقنىڭ ياشىغان يىللىرىنى مىلادىيە 688 — 780 ـ يىللىرى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، قالدۇق قەبىلىلەر 3 ـ 4 ـ تارماققا بۆلۈنۈپ شەرق، جەنۇب ۋە غەربكە كۆچكەن. ئەينى زاماندا ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن تۈنيۇقۇق ئەۋلادلىرى باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر تارماققا ئەگىشىپ، قوچو رايونىغا كەلگەن، بۇلار كېيىنچە قوچو ئۇيغۇرلىرى ياكى غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. XIII ئەسىردە قوچو ئۇيغۇرلىرى غەربىي قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆتكەن، شۇنداقلا تۈنيۇقۇق ئەۋلادى بولغان كېجىپۇر ( 克直普尔 ) بەلگىلىمىگە ئاساسەن خانلىق ۋەزىرى بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر، بۇ خىل خىزمەتنى ئىزچىل يۇسۇندا تۈنيۇقۇق جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تۈنيۇقۇق جەمەتى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىگە خەنزۇ تىلىغا خاس فامىلە قوللانغان. ئەمما، بۇ خىل فامىلە يەنىلا تۈنيۇقۇق جەمەتىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئىشلىتىلگەن.

تۈنيۇقۇق سەلتەنەت سۈرگەن يىللاردا تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرى ئۆتۈكەن تېغىنى ئاستانە، ئورقۇن، سېلىنگا دەريا ۋادىلىرىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلغان. تۈركلەرنىڭ نەزەرىدە ئورقۇن ۋە سېلىنگا دەريالىرى ئۆتۈكەن تېغىغا ئوخشاشلا ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس ھېسابلانغان. خەنزۇ تىلىدا سېلىنگا دەرياسىنى « شېلىيەنجېخې ـ 偰辇杰河» دەپ ئاتىغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈنيۇقۇق ئەۋلادلىرى ئۇلۇغ بوۋىسى تۈنيۇقۇقنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋە ھايات پەيزىنى سۈرگەن ئورۇن سېلىنگا دەرياسى ساھىلىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، يەنى ئەجدادىنىڭ يۇرتىغا بولغان چەكسىز سېغىنىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، خەنزۇچە دەريا

www.uyghurkitap.com

نامىنىڭ بىرىنچى سۆزى «偰 ـ شې» نى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي فامىلىسى قىلىپ تاللىغان ھەم تونيۇقۇق ئەۋلادلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ «偰 氏 ـ شې جەمەتى» ياكى «سېلىنگالىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققان زامانلاردا قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېگىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان. چىڭگىزخان ئۇنىڭ بۇ خىل ئىپراقنى كۆرەر جاسارىتىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ بەشىنچى ئوغلى دەپ تونۇغان ھەم قىزى ئەلئالتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەگرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتكەندە، بارچۇق ئارتتېگىن 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىران ئېگىزلىكىگىچە قەدەم باسقان. چىڭگىزخان زەپەر قوچۇپ ئۆز ئۇلۇسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرىغا ئۆزى پەتھ قىلغان زېمىنلارنى بۆلۈپ بەرگەن. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) نى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن.

چىڭگىزخانغا ئەگەشكەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ۋە باشقا مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىچىدە تونيۇقۇق ئەۋلادلىرىمۇ خېلى كۆپ بولغان. چىڭگىزخان موڭغۇل ئوردىسىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى بېجىرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى شاھزادىلىرىنىڭ ئوردىلىرىغا تەقسىملەپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قاتار ئاقسۆڭەك جەمەتىدىكىلەرگە ئوخشاش، تونيۇقۇق جەمەتى سېلىنگالىقلارنىڭ نوپۇزى يۇقىرى، تۆھپىلىرى كۆرۈنەرلىك، جەمەت قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم بولغان. ئوۋياڭشۈەن ئۇلارنىڭ كارامەت نەتىجىلىرى ۋە ئىناۋەت قۇچقان تۆھپىلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇزۇن يىل

ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق «قوچودىكى شې جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، تونيۇقۇق ئەۋلادلىرىنىڭ 500 يىللىق جەمەت تارىخىنى خاتىرىلىگەن.

تونيۇقۇق ئاشىد قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، بۇ قەبىلە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، لېكىن تۈرك خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەن، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا تونيۇقۇق رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ، يىراقلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە، زور بىر تۈركۈم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ دانىشمەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، تونيۇقۇق جەمەتى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئەل بولغان بىر قاتار تۈركىي قەبىلىلەر تەدرىجىي يۇسۇندا «ئۇيغۇر» مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش مۇساپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يۇسۇندا باسقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان 500 يىللىق تارىخ ئىچىدە، سېپى ئۆزىدىن ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەن. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ خۇاڭ جىن «ۋېي ئايمىقلىق خانىم ئۇيغۇر جەمەتىدىكىلەرنىڭ قەبرە تېشى» ( 黄缙 « 魏郡夫人伟吾氏墓志铭 » ) دا «شې جەمەتى ئەسلىي تۈركلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئەجدادى تونيۇقۇقتۇر» دەپ يازغان بولسا، ئوۋياڭشۈەن «قوچودىكى شې جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» دا «شې جەمەتى ئۇيغۇرلاردىندۇر، ئۇلارنىڭ ئەجدادى تونيۇقۇق دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى شې جەمەتى (سېلىنگالىقلار) دىكىلەرنىڭ تازا روناق تاپقان دەۋرى بولغان. بۇ جەمەتتىن

كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئەربابلار يېتىشىپ چىققان. موڭغۇللار (ياكى يۈەن سۇلالىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ھەم مۇنقەرز بولغۇچە بولغان جەريانىدا شي جەمەتىنىڭ بىر تارمىقى شەرقتىكى گاۋلى (كورىيە) پادىشاھلىقىغا بېرىپ، قوچو بېگى مەنسىپىنى قوبۇل قىلغان؛ يەنە بىر تارمىقى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇخانى جۇيۈەنجاڭنىڭ دىۋان بەگلىرىدىن بولغان. 500 ـ 600 يىل ئىچىدە، شەرقتىن ـ غەربكە، يەنە غەربتىن سۈرۈلۈپ، مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بىر قىسمى كورىيە (گاۋلى) پۇقراسى بولۇپ قالغان.

قوچولۇق شي جەمەتىدىن موڭغۇل (يۈەن سۇلالىسى) لارغا قوشۇلغان بىرىنچى ئەۋلاد بولسا يۇرۇڭ تۆمۈردۇر. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» (元史) نىڭ تەرجىمىھاللار بابىنىڭ 124 ـ قىسمىدا «قوچودىكى شي جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» دىن ئۈزۈپ ئېلىنغان پارچە بار. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىدە «يۇرۇڭ تۆمۈر ئۇيغۇردۇر، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى تۇنيۇقۇقنىڭ پۇشتى» دېيىلگەن. يۇرۇڭ تۆمۈرنىڭ ئاكىسى 16 يېشىدا خانلىقنىڭ ۋەزىرلىك خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە «تارقان» لىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ ئۇيغۇر خانىغا تەدبىر كۆرسىتىپ، غەربىي قىتانلارنىڭ «مۇپەتتىش نازارەتچىسى» نى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللارغا بەيئەت قىلىشقا يول ئاچقان. «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ ئۇستىسى» يۇرۇڭ تۆمۈر 15 يېشىدىلا چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ جەڭ قىلغان، ئۇرۇشتا تۆھپە قوشقانسېرى تارتۇقلىنىشقا سازاۋەر بولغان. يۇرۇڭ تۆمۈر (1196 ـ 1262) نىڭ 10 ئوغلى بولغان. سەككىزىنچى ئوغلى قارابۇقا ئىلىم ساھەسىدە داڭقى چىققان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 193 ـ جىلدىدا ئۇنىڭغا مەخسۇس تەرجىمىھال تۇرغۇزۇلغان. قارا بۇقا زامانىسىدىن باشلاپ، شي جەمەتى

خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك دەستۇرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.
قارا بۇقىنىڭ شې ۋېنچى، يۈلۈنچى دېگەن ئىككى ئوغلى بولغان. شې ۋېنچىدىن باشلاپ يۈرۈڭ تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى «شې» دېگەن خېتىنى ئۆز جەمەتىنىڭ فامىلىسى قىلغان. شې ۋېنچىنىڭ شې يۈلى، شې جىجيەن، شې جىدۇ، شې جاۋۋۇ، شې لىچى دېگەن بەش ئوغلى بولغان. «ھەممىسى تەشرىپدار ( 进士 ) بولغان»، «ئەدەبىيات، سىياسىي ئىشلاردا نامى چىققان» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 193 ـ جىلد). شې ۋېنچىنىڭ بۇ بەش ئوغلىدىن باشقا، يۈلۈنچىنىڭ ئوغلى شې شەنجۇ، شې شەنجۇنىڭ ئوغلى جېڭ زوڭ، ئارسلان؛ شې جىدۇنىڭ ئوغلى شې سۈن ئىلگىرى ـ كېيىن تەشرىپدار بولغان، «بىر ئىشكتىن چىققان ئىككى ئەۋلادتىن جەمئىي توققۇز تەشرىپدار چىققان، ئۆز زامانىسىدا شەرەپ قۇچقان» (چېن يۈەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە تەتقىقات»، 2 ـ جىلد)، «بىر ئىشكتە نەسەپ تارتىپ ئىلىم ـ پەن گۈللەنگەن. ئەينى چاغدا بۇنداق ئىش ئاز كۆرۈلگەن» (يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 193 ـ جىلد).
شې يۈلى بىلەن شې جىدۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ شېئىرىيەت تارىخىدا نامى بار غەربىي يۇرتلۇق شائىرلاردىن، شې جىدۇنىڭ ئوغلى شې سۈننىڭ تارىخى تولىمۇ قىزىقارلىق.
شې سۈننىڭ ئەسلىي ئىسمى شې بەيلياۋسۈن (ياكى بەي لياۋسۈن) بولۇپ، شې بەيلياۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تەخەللۇسى گۈكيۈەن. ئۇ 1318 — 1360 ـ يىللىرى ياشىغان. شې سۈن ئاتا تەرەپتىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۆتىۋەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق جەمەتى بىلەن چېتىشلىقى بار بولۇپ، ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئاتا جەمەت ۋە ئانا جەمەتىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1335 ـ يىلى شې سۈن 17 ياشقا كىرگەن يىلى

دادىسىدىن ئايرىلىپ، گۇاڭدۇڭدىن لياڭ ناھىيىسى (جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ لياڭ ناھىيىسى) گە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىمۇ شۇ يەردە ئۆتكەن، شې سۇن لياڭنى مەركەز قىلىپ، جىنلىڭ، چاڭجۇ، جياڭيىڭ، جياڭنىڭ قاتارلىق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇشائىرەلەر ئوقۇشۇپ، بەس - مۇنازىرىلەر قىلىشىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىلىم - مۇتالىئە قىلغان.

مىلادىيە 1345 - يىلى شې سۇن 27 ياشقا كىرگەندە، خانبالىققا بېرىپ تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىككىنچى دەرىجىدىن ئۆتكەن. دارىلئۇلۇمنىڭ پۈتۈكچىسى بولغان. چىڭ شىلاڭ دورغان مەھكىمىسىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن دۆلەت تارىخ مەھكىمىسىنىڭ مۇئەررىخى بولغان. 1349 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، پەرمان مەھكىمىسىنىڭ زالىم ھەكەملىكىگە تەيىنلەنگەن. كېيىن يەنە دۆەن بىنتاڭ مەھكىمىسىنىڭ خەت تۈزەتكۈچى ئەمەلدارى بولۇپ، مەخسۇس شاھزادىلەرگە نوم دەستۇرلىرىدىن تەلىم بەرگەن، بۇ چاغدا گاۋلى (كورىيە) دىن كەلگەن گوڭ مىنۇاڭ بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. كېيىنچە ۋەزىر خاما نىزا پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، جياڭجۇۋدا تۇتقۇن قىلىنغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن بەشبالىققا قايتىپ كەلگەن. 1358 - يىلى شې سۇن 40 ياشقا كىرگەن، بۇ چاغدا ئۇلۇغ بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتكەچكە كۈبىيكودىن ئۆتۈپ، يىڭچىڭ شەھىرى ئارقىلىق دانىڭ (بۇگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭچۈەن ناھىيىسى) غا كەتكەن. شۇ يىلى 12 - ئايدا قىزىل ياغلىقلار توپىلىڭى دانىڭنى قاپلاپ كەتكەن. ئۇ پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كورىيىگە بارغان ھەم سۇڭجىڭ شەھىرىدە تۇرغان. دۆەن بىنتاڭ مەھكىمىسىدىكى چېغىدا گوڭ مىنۇاڭ بىلەن قەدىناس

بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان. 1360 - يىلى 8 - ئايدا قوچو بېگى دېگەن نام تارتۇق قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەي فۇيۇەن بېگى نامى بېرىلگەن ھەم ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى 11 - ئايدا سوڭ جىڭ ( 松京 ) شەھىرىدىكى دىيەنمۇدوڭ ئىبادەتخانىسىدا 42 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئايالىنىڭ ئىسمى جاۋشى بولۇپ، ئۇلاردىن چاڭ شوۋ، يەن شوۋ، فوشوۋ، چىڭ شوۋ، جىئەن شوۋ دېگەن 5 ئوغۇل، 3 قىزى قالغان.

شې سۈن ئىستېدادلىق مۇئەللىپ ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى چاڭ شوۋ (شې چاڭشوۋ)، لى سىلارنىڭ «چىڭ جوۋلۇق شې جەمەتىدىكى دانىشمەنلەرنىڭ خاتىرىسى» (« 床州契氏诸贤实记 ») دىن ئېلىپ رەتلىگەن. شې سۈن جۇڭگودىكى چېغىدىلا يازغان شېئىرلىرىنى 13 جىلد، يەتتە دەپتەر (توپلام) قىلىپ تەييارلاپ قويغان. بۇ شېئىرلار توپلىمى 1358 - يىلى دانىڭدا تۇتقۇنلۇقتا تۇرغان ۋاقتىدا، قىزىل ياغلىقلارنىڭ مالىمانچىلىقى بىلەن يوقىلىپ كەتكەن. كورىيىنىڭ سوڭجىڭ شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ئاساسىدا يىغىۋاشتىن بىر پارچە ئەسەرلەر توپلىمىنى ئىشلەپ چىققان ھەم ئۇنىڭغا «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى» (« 近思斋逸稿 ») دەپ ئىسىم قويغان. بۇ ئىككى جىلد ئىككى قىسىم بولۇپ، 700 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر كىرگۈزۈلگەن.

شې چاڭشوۋنىڭ كىرىش سۆزىدە ئېيتىلىشىچە «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى» نىڭ ئىككى قىسمىنى شې سۈننىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ئاساسىدا رەتلەپ چىققان. ئەمما، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار 700 پارچىدىن ئاشقان. بۇنىڭدىن شې سۈننىڭ ئۆزىنىڭلا ئەمگىكىگە تايىنىپ مۇنداق بىر توپلامنى تۈزۈپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى

تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. لى سىنىڭ خاتىرىسىدىكى ئۇسلۇبقا ئاساسەن ئالىملار شى سۈن چوقۇم شى سى، شى گوگسۇ قاتارلىق ئىنىلىرىنىڭ مۇئەييەن ياردىمىگە ئېرىشكەن، دەپ ھېسابلىغان.

كورىيە ئالىمى پۇ شەنگوي «ئۇيغۇر شى سۈننىڭ ‹يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى› نىڭ بايقىلىشى، تەھلىلى» ناملىق ماقالىسىدە شى سۈننىڭ تارىخىي ئورنى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان:

شى سۈننىڭ «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى» ئۇنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يازغان شېئىرلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يەنە گاۋلى (كورىيە) نى ئوبيېكت قىلغان ئەسەرلىرى ۋە يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەر توپلىمى پۈتۈنلەي چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا تۈزۈلۈپ ئاندىن تارقالغان. مۇبادا بىز شى سۈن گاۋلى شېئىرىيەت مۇنبىرىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ئەھۋال بويىچە ئويلىنىپ سۆزلىسەك، «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى» نى گاۋلى ھۆججەتلىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ قىلساق مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېچ يېرى يوق. «گاۋلى تارىخى» (高丽史) نىڭ 120 ـ جىلدىغا «شى سۈننىڭ تەرجىمىھالى» تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گاۋلىلىق، چاۋشيەنلىك ئالىملار ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، تەقرىزلەر يېزىشقان. «شەرق ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (东文选)، «چىڭ چيۇ مەنزىرىلىرى نەزمىسى» (青丘风雅)، «جى نەزملىرى» (箕雅) قاتارلىق كىتابلارغا شى سۈننىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. شائىر جۇيىزۈن «مىڭ سۇلالىسى شېئىرلىرى» (明诗综) نى تۈزگەن چاغدا، 95 ـ جىلددىكى «گاۋلى» ماۋزۇسى ئاستىدا شى سۈننى جىڭ مىڭجۇۋ، لى سى

قاتارلىق گاۋلىلىق ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن ئەسەرلىرىنى تاللاپ كىرگۈزگەن[101].

شې سوڭ چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ تۇرغان يىللاردا ۋەتىنىنى چەكسىز سېغىنغان ھەم ھېكمەت ـ پاساھەتكە تولغان بىر قاتار نەزمىلىرىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شې سوڭ كورىيە ئەدەبىياتىدىلا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ئەدەبىياتىدىمۇ تېگىشلىك ئورنى بولغان[102]. ئۇيغۇر مىللىتىدىن يېتىشىپ چىققان بۇ مەدەنىيەت ۋە دوستلۇق ئەلچىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇندا تۇرۇشى ئەجدادلىرىنىڭ ھەققانىي ئارزۇسىنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شې چاڭشوۋ (1341 — 1399) شې سوڭنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، تەخەللۇسى تيەن مىڭ. 1358 ـ يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ، گاۋلىغا بېرىپ، چىڭ شۇن مەھكىمىسىدە تىلماچ بولۇپ ئىشلىگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن دادىسى قازا قىلغاندا غەم ـ قايغۇ ئىچىدە قالغان. گاۋلى پادىشاھى ئالاھىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، روھى ئازابتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن گاۋلى ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرغان. ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن جىن ياڭ ئايمىقىنىڭ قاراۋۇل ۋەزىرى بولغان، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىمۇ باشقۇرغۇچى ئەمەلدار بولغان. گاۋلى پادىشاھى شىن يۈ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (1375 — 1388) دە جىمىغا كۆچۈپ بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان ھەم ئۆيدىن ئايرىلىپ، جىڭتاڭ سارىيىغا بېرىپ ئەدەبىيات ئۆگەنگەن ۋە ۋەزىر بولغان. 1388 ـ يىلى گاۋلى گېنېرالى لى چىڭگۈي ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىغاندا پادىشاھ شىن يۈ ئورنىنى ئوغلى شىنچاڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان؛ ئۇزۇن ئۆتمەي،

www.uyghurkitap.com

شىنچاڭ بىكار قىلىنىپ، ۋاڭ ياۋ تەختكە چىققان، شې چاڭشۇ ۋەزىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، بۇ قېتىمقى ئىشتا كېلىشتۈرگۈچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر «جوڭشىڭنىڭ توققۇز تۆھپىكار ۋەزىرى» نىڭ بىرى بولۇپ قالغان. گوڭراڭ پادىشاھنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەپ يېزىلغان مەكتۇپتە ئېيتىلغاندەك «ئۇنىڭ تۆھپىسى دۆلەت ئاتىسى (گاۋلى دۆلىتىنى قۇرغۇچى ۋاڭ جيەن كۆزدە تۇتۇلغان ـ نەقىلچىدىن) نىڭ دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىدىن قېلىشمايدۇ» دەپ باھالانغان. پادىشاھ گوڭراڭ «توققۇز تۆھپىكار ۋەزىر» نى قايتا ـ قايتا تارتۇقلىغان. شې چاڭشۇ دەسلەپتە «ساداقەتمەن تۆرە» دېگەن نامغا، ئاندىن «غەلىيانىنى بېسىقتۇرغۇچى تۆھپىكار ۋەزىر» لىككە مۇشەررەپ بولغان. 1390 ـ يىلى چاڭشۇ تۇتۇنلەرنى تەكشۈرگۈچى بەگ (ۋەزىر) لىككە ئۆستۈرۈلگەن؛ تۆت يىلدىن كېيىن جازا پىرقىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك زالىم ھەكەم (ۋەزىر) لىككە ئۆستۈرۈلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي گاۋلى پادىشاھلىقىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا نىزا چىقىپ، ئەمەلدارلار ئارازلىشىپ قالغان، بۇ چاغدا چاڭشۇ خىزمىتىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان. لى چېڭگۈي ۋاڭ جەمەتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ لى جەمەتى پادىشاھلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، چاڭشۇۋ يېڭىۋاشتىن ئىشقا قويۇلغان. 1394 ـ يىلى ئۇ تىلماچلار مەھكىمىسىنىڭ تۆرىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن، كېيىن جازا پىرقىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك زالىم ھەكەمى بولغان. ئەمەلدارلىقتىن چۈشۈپ ئىشىك تۈۋىدە شىغاۋۇلمۇ بولغان، يەنە يەنشەن مەھكىمىسىنىڭ تۆرىلىككە تەيىنلەنگەن. 1399 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 59 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شې چاڭشۇۋ گاۋلىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن لى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كورىيە تارىخىدىكى مۇھىم بىر سىياسىي پائالىيەتچى. ئۇنىڭ شەخسىي ئارقا

كۆرۈنۈشى ۋە ئالاھىدە سەرگۈزەشتىسى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك، ئالاھىدە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە[103].

شى چاڭشوۋ سىياسىئون، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شائىر ۋە دىپلومات.

شى چاڭشوۋ شېئىرىي ئىجادىيەتكە پىششىق ئىدى. كورېيىدە خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان قەدىمكى شېئىرلار توپلىمى «چى نەزمىلىرى» (箕雅)، «چىڭچيۇ مەنزىرىلىرى نەزمىسى» (青丘风雅) قاتارلىق شېئىرلار توپلىمىدا ئۇنىڭ 10 كۇپلېتقا يېقىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. شائىر «سۆگەت تالىلىرى»، «باھار تەسىراتلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۆز ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىشنى ئىپادىلىگەن. «ھادىسىلەر»، «بېلىقچى بوۋاي»، «باھار تەشۋىشلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يوشۇرۇن ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ لى سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىش جەريانىدىكى ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شى چاڭشوۋنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئىشلىگەن ئىشلىرى زور بولغان. كورېيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، شى چاڭشوۋ «ئۆزىنى دۆلەتكە بېغىشلىغان، ئاستانە (دۆلەت) دىن ئايرىلىپ سەككىز قېتىم سەپەر قىلغان» (ۋۇخەن تۈزگەن «لى سۇلالىسىنىڭ خاتىرىلىرىدىكى جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرى»، بىرىنچى توپلامنىڭ بىرىنچى قىسىم «تەيزۇڭ پادىشاھ گوڭدىنىڭ خاتىرىلىرى»)، شى چاڭشوۋ سەككىز قېتىم بارغان ئەلچىلىكىنىڭ يەتتە قېتىمقىسى توغرىسىدا جۇڭگو - كورېيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كونكرېت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەلچىلىك خىزمىتىنىڭ ھەممىسى كورېيە دۆلىتىگە ۋاكالىتەن جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسىگە كېلىپ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قارىتىلغان. شى چاڭشوۋ 1370 ـ، 1387 ـ، 1388 ـ، 1391 ـ، 1396 ـ،

1398 ـ يىللىرى جۇڭگوغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن.

كورىيە تەرەپتىن كۆپ قېتىم چاڭ شوۋنى ئەلچى قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتىشكە تاللىغانلىقى، تەبىئىي يۇسۇندا ئۇنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، شەخسىي سالاھىيىتى ھەم مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چاڭ شوۋ گاۋلى ۋە لى خاندانلىقىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم دىپلوماتىيە پائالىيەتچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، كورىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابى. ئۇ قوچولۇق شىي (سىلىنگالىق) جەمەتىدىن كېلىپ چىققان جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن زات. گاۋلى تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپلا قالماستىن، بەلكى لى خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كورىيىنىڭ خەنزۇ ۋە موڭغۇل تىللىرى بويىچە تەربىيىلەيدىغان تىلماچلار مەھكىمىسىنىڭ تۆرىسى بولغان. بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى بولۇپ كېلىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ جۇڭگو ـ كورىيە مۇناسىۋەت تارىخىدا ئەھمىيەتلىك سەھىپە قالدۇرغان. 1397 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جۇيۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا شىي چاڭشوۋ بىلەن كۆرۈشكەندە، پادىشاھ لى چىڭگۈينىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا نىسبەتەن سەمىمىيىتى يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان، چاڭشوۋ چۈشەنچە بېرىپ: «ۋەزىر ئەزەم (ئۆزىنى دېمەكچى ـ نەقىلچىدىن) نىڭ گاۋلىغا بارغىنىغا بۇ يىل 40 يىل بولدى، پادىشاھ گوڭ مىن بۇ ئىشنى تىلغىمۇ ئېلىپ قويمىغان. ئوتتۇرىدا ئىككى، ئۈچ پادىشاھ ئۆتتى، ۋەزىرلىرى ساداقەتمەنلىكىنى ساقلىماسلىققا پېتىنالمايمەن، بۈگۈنكى كۈندە پادىشاھنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتلىنىپ تۇرۇپتىمەن. بىھۆرمەتلىك قىلىشقا ھەددىم يوق» دەپ بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئارقىلىق، مىڭ سۇلالىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هۆكۈمرانلىرىنىڭ گۇمانى قاراشلىرىنى تۈگىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ نورمال مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەت ياراتقان.

يەنە بىر تەرەپتىن، شى چاڭشۇۋنىڭ مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچىلىككە كېلىشى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چاڭشۇۋ ئەلچىلىككە چىققان چاغدا، ئۇلپان نامى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تاپشۇرغان. بۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، قاچا - قۇچا ۋە گەزماللار بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گاۋلى ئەلچىلىرىگە «يىپەك - شايىلەر، كىيىم - كېچەك ھەم پۇل » بەرگەن. بۇ خىل «ئۇلپان» ۋە «شەپقەت كۆرسىتىش» ئىككى دۆلەتنىڭ ئىززەت - ئىكراملىق باردى - كەلدىسىنى بىلدۈرسىمۇ، سودا خاراكتېرىدىكى مال ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئەينى چاغدىكى دىپلوماتىيىدىكى بىر خىل ئەدەپ - قائىدە ئىدى، بۇ خىل پائالىيەت جۇڭگو - كورىيە دۆلەتلىرىنىڭ دوستلۇق ۋە باردى - كەلدىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان.

شى سى ( 偰 斯 ) تەخەللۇسى گوڭۋېن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان مۇھىم تارىخىي شەخس. ئۇ قوچولۇق شى جەمەتىنىڭ ئىچىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى مالىمانچىلىق يىللىرىدا جياڭنەندە ئاۋۋالقىدەكلا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قوۋملار ئىچىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان كىشى، خەنزۇ تىلىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك شېئىر يازالايدىغان بىر شائىر.

شى سى ئۆز ۋاقتىدىكى رېئال ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئەتىۋارلىنىپ، خىزمەت قىلغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن

كېيىن، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ دەرىجىمۇدەرىجە يۇقىرى ئۆرلەپ، مىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئەڭ ئىشەنچلىك رەھدار كۆزلۈكلەردىن بولۇپ قالغان.

شى سى ئىشلىگەن ئىجتىمائىي، مەمۇرىي ۋە سىياسىي ئىشلار ئىچىدە 1368 ــ ۋە 1369 ــ يىلى ئىككى قېتىم مىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن گاۋلىغا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى ئىنتايىن ئەهمىيەتلىك ۋەقە بولغان.

جۇيۈەنجاڭ يۈەن سۇلالىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، دېگەندەك خاتىرجەم بولالمىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ گەدەنكەش ئەمەلدارلىرىنىڭ بېسىمى ئېغىر؛ ئىككىنچىدىن شىمالغا قېچىپ كەتكەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ تەهدىتى؛ ئۈچىنچىدىن گاۋلى بىلەن ياپونىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقى. بۇ ئەمەلدا پۈت دەسسەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇقىملىق ئامىللىرى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتمىگەن ئەهۋالدا ئارقا ــ ئارقىدىن گاۋلىغا ئەلچى ئەۋەتىشى، شۇنداقلا ئەلچىلىككە چىقارغىنىنىڭ هەممىسى يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئالاھىدە سەۋەب ــ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بولغان رەھدار كۆزلۈك ۋەزىر ــ ۋۇزرالاردىن تاللىغانلىقىنىڭ ئەهمىيىتى تولىمۇ يۇقىرى، بۇ شى سىنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن، شى سى مىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋلىغا ئەڭ دەسلەپتە ئەۋەتكەن ئەلچىسى. ئۇ هەر قېتىم گاۋلىغا بارغىنىدا بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ مەكتۇبىنى گاۋلى پادىشاھىغا تاپشۇرغان هەم پادىشاھ يوللىغان سوۋغاتلارنى بىللە ئېلىپ بارغان. شى سى گاۋلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن گاۋلى

ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ گاۋلىدىن قايتىشىدا گاۋلى پادىشاھى ۋەزىرلەرگە مەسنەۋى يازدۇرۇپ ھەدىيە قىلغان. شي سىنىڭ تۇنجى قېتىم گاۋلىغا ئەلچىلىككە بېرىشىدىكى مەقسىتى، ھەقىقىي مەنىسى جەھەتتىن، گاۋلىغا جۇيۈەنجاڭنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا چىققانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ مىڭ سۇلالىسى بىلەن گاۋلىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىغان. شي سىنىڭ ئەلچىلىككە چىقىشىدىكى مۇددىئاسى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مىڭ سۇلالىسى بىلەن گاۋلى خاندانلىقىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى رەسمىي تىكلەنگەن.

ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان شي سۇن، شي چاڭشوۇ ۋە شي سىدىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت ۋە دىپلوماتىيە ئەربابلىرىنىڭ جۇڭگو ـ كورىيە خەلقلىرىنىڭ ئالاقە تارىخىنى كۈچەيتىشتە ئوينىغان كارامەت رولى تارىخ بېتىدە جۇلالىنىپ كەلمەكتە. ئۇلارنى ياد ئېتىش، ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلەش، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا مۇشۇنداق ئالىيجاناب روھقا ۋە پىداكار خىسلەتكە ئىگە دوستلۇق ئەلچىلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىدۇ، ئۇلارنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈمدىكى ماقالىلەرنىڭ ئىزاھاتى ۋە مەنبە كۆرسەتكۈچى:


[1] دۇەن ليەنچىن «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» ( 北狄与中山国 ) خېبېي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1982 ـ يىلى، 126 ـ بەت.

[2] «ئوكيانوس. مىللەتلەر» ( 《辞海．民族》分册 ) تومى، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1978 ـ يىلى، 86 ـ بەت.

[3] «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، ( 文物 ) 1979 ـ يىلى 1 ـ سان.

[4] «نۇر گېزىتى» ( 光明日报 ) ، خەنزۇچە 1978 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.

[5] «قىسقىچە دۇنيا تارىخى ‹قەدىمكى زامان قىسمى›» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 478 ـ بەت.

[6] بارتولد: « يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

[7]، [8] ليۇجېژشاۋ: «چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى، 2 ـ سان، 90 ـ بەت.

[9] «موغۇل تارىخىي خاتىرىلىرى» ( 蒙兀儿史记 ) 45 ـ جىلد، «تاتاتوڭا قاتارلىقلار تەزكىرىسى» ، چىڭ سولونىڭ «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ تارىخ ساھەلىرىگە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە پايدىلىنىلغان مەنبەگە قاراڭ. «تارىخ ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1964 ـ يىلى، 3 ـ سان.

[10] ئابلەت نۇردۇن: «كىدان (قىتان) لارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلار قۇرغان خانلىقلار توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرگە قاراڭ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى، 3 ـ سان.

[11] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 110 ـ بەتكە قارالسۇن ( 中国大百科全书. 中国历史. 元史 ) . جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[12] ليۇجېژشاۋ: «چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى. 1986 ـ يىلى، 2 ـ سان، 95 ـ بەتكە قاراڭ.

[13] «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ( 西北史地 ) ، لەنجۇ،

خەنزۇچە نەشرى، 1984 ـ يىلى، 2 ـ سان، 64 ـ بەت.

[14] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ‹قارا يىغاچ بۇيرۇق تەزكىرىسى› »، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 124 ـ جىلد، 3046 ـ بەتكە قاراڭ.

[15] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ‹يۇرۇڭ تۆمۈر تەزكىرىسى› »، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 124 ـ جىلد، 3049 ـ بەتكە قاراڭ.

[16] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ‹بۇرۇل قايا تەزكىرىسى› »، 155 ـ جىلدگە قاراڭ.

[17] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى» (« 中国大百科全书. 中国历史. 元史 ») جۇڭگو بۈيۈك قامۇس نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى، 110 ـ بەتكە قاراڭ.

[18] يۈجى 虞集 — (1272 — 1348) : «داۋيۈەن يادنامىلىرى» « 道园学古录 » گە قاراڭ.

[19] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن تارىخى»، «ئۇيغۇرلار قىسمى» « 中国大百科全书. 中国历史. 畏兀儿条 » 111 ـ بەتكە قاراڭ.
中国大百科全书出版社，北京. 上海. 1985. «تاتاتۇڭا ۋە موڭغۇل يېزىقى»، «شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە، 1982 ـ يىلى، 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى سانىغا قاراڭ.

[20] مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەيدۇ: «تۇڭا — قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان. ئۇ پىلنىڭ كۈشەندىسى. بۇ سۆزنىڭ ئاساسى مەنىسى مۇشۇ. لېكىن، بۇ سۆز تۈرك (ئۇيغۇر) لاردا ئەسلىي مەنىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ ئىسىم ھالىتىدە ساقلانماقتا. بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «تۇڭاخان، تۇڭا تېگىن» قاتارلىقلار. تۈرك (ئۇيغۇر) لارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياپ «تۇڭا ئالىپ ئەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم، دېمەكتۇر» «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1984 ـ يىلى، 3 ـ توم، 502 — 503 ـ بەتلەر.

[21] ۋاڭ شياۋجيەن: «موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى — تاتاتۇڭا» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى، 1 ـ سان، 103 ـ بەت.

[22] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ جىلد، 3048 ـ بەتكە قاراڭ.

[23] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ جىلد، 3048 ـ بەتكە قاراڭ.

[24] ليۇجېڭشاۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى،

www.uyghurkitap.com

خەنزۇچە نەشرى، 255 ـ بەتكە قاراڭ.

[25] فەن باۋلياڭ ( 樊保良 ) «چىڭگىزخان ۋە تاتاتوڭا»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ( 西北史地 ) ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1984 ـ يىلى، 2 ـ سانىغا قاراڭ.

[26] «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 183 ـ بەت.

[27] «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[28] «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، 7 ـ باب، 196 ـ پاراگراف.

[29] غ. ئوسمان: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى تاتاتوڭا»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى، 12 ـ سان.

[30] كۇاڭ يۈچى ( 匡裕彻 ): «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سىياسىئون ليەن شىشەن»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىي مەجمۇئەسى» ( 元史论丛 )، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 241 ـ بەتكە قاراڭ.

[31] غ. ئوسمان: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باش ۋەزىر ليەن شىشەن»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى، 2 ـ سان، 36 ـ بەتكە قاراڭ.

[32] ليۇ جىشاۋنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 1985 ـ يىلى، 265 ـ بەتكە قاراڭ.

[33] ليۇ جىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 260 — 261 ـ بەتلەر.

[34] ليۇجىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1985 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 275 ـ بەت.

[35] فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 119 ـ بەت.

[36] ھونىكىر ـ مونىكىر ئىلمى 阴阳 — خەنزۇچە، جۇڭگو پەلسەپەسىدىكى بىر خىل كاتېگورىيە بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئەركەك پرىنسىپ ( 阳 ) بىلەن، چىشى پرىنسىپ ( 阴 ) ئارىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق دۇنيادىكى پۈتۈن ۋەقەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، دەپ قاراش (阳 — ياڭ، 阴 — يىن).

[37] سېھىرگەرلىك ( 图纬 ) — ئىككى خەن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئىلاھىيەت خۇراپاتلىقىنى تەرغىب قىلىدىغان ئېقىم.

[38] يەتتەنامە — قەدىمكى يەتتە كىتاب — «نەزمىنامە» ( 诗 )، «ئەدەپنامە»

( 礼 ) ، «مۇزىكا» ( 乐 ) ، «سالنامە» ( 易 ) ، «يىلنامە» ( 春秋 ) ، «ۋاپانامە» ( 孝 ) ، «مۇقەددەسنامە» ( 经 ) قاتارلىقلار.

[39] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 130 - جىلد، 3174 - بەت.

[40]① ليۇجىز شاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» ، 1985 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 277 - بەتكە قاراڭ. ئارغۇن سالى ھەققىدە يەنە تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ.

② «ئارغۇن سالى — ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى» ، شى خۇخۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» ، 1983 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 59 - بەت.

③ ليۇ يىنشىڭ: «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي شىمال رايونىنىڭ بۇددا دىنى؛ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددا مۇرىتلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىي تەتقىقات مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، 1982 - يىلى، نەنجىڭ، ئومۇمىي 6 - سان، 74 - بەتلەر، خەنزۇچە.

④ غ. ئوسمان: «مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئارغۇن سالى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى، 6 - سان، 15 - بەت.

⑤ تيەن ۋېيجاڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سىياسىئونى ئارغۇن سالى» ، «شىنجاڭدىكى تارىخىي شەخسلەر تەزكىرىسى» ، 2 - قىسىم، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.

[41] تاڭ شاۋفاڭ «يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنى ھەققىدە» ، «يېڭى جۇڭگو ماقالىلىرىدىن تاللانما» ( 新华文摘 ) ژۇرنىلى، 1985 - يىلى، 12 - سان، 60 - بېتىگە قاراڭ. چوس كىخودزېر ( 朔思吉翰节儿 ) ھەققىدە يەنە «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 110 - بېتىدىكى «ئۇيغۇرلار» قىسمىغا قاراڭ.

[42] «چوس كىخودزېر — موڭغۇل تىل - ئەدەبىياتشۇناسى» . شى خۇخۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» ، خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 83 - بەت.

[43]① بۇ ھەقتە «ئوكيانوس، ( 辞海 ) ‹يىغىنچاقلانغان نۇسخا› » ، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1980 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 709 - بەتكە قارالسۇن.

② چوس كىخودزېر ھەققىدە يەنە سەي مېياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، خەنزۇچە نەشرى، 7 - قىسىم، 353 - بەتكە قاراڭ.

[44] ياڭ لىيەن ( 杨镰 ) : «گۈەن يۈنشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» ، ( « 贯云石评传 » ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 19 - ، 14 - بەتكە قاراڭ.

[45] «جۇڭگو تارىخى چوڭ لۇغىتى. لياۋ، شيا، جىن، يۈەن سۇلالىسى

www.uyghurkitap.com

تارىخى» ، «ئارىخ قايا قىسمى»غا قاراڭ. (《中国历史大辞典. 辽,夏,金元史》) شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىل، 261 ـ بەت.

[46] ياڭ ليەن «گۇەن يۈنشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» ، خەنزۇچە نەشرى، 30 ـ بەت.

[47] يۇقىرىقى كىتاب، 30 — 31 ـ بەتلەر.

[48] چيەن بوچۈەن «قوچو ئۇيغۇر خانى قوچقارتېگىن» «شىنجاڭ گېزىتى» ، خەنزۇچە 1985 ـ يىلى، 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى؛ ئۇيغۇرچە 1985 ـ يىلى، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

[49] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ بەتكە قاراڭ.

[50] «جۇڭگو تارىخى چوڭ لۇغىتى لياۋ، شيا، جىن، يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، خەنزۇچە نەشرى، 514 ـ بەت.

[51] دارۇغاچ — موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەل نامى بولۇپ، يەرلىك، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ئەڭ چوڭ مۇپەتتىش (نازارەتچى) .

[52] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ بەت.

[53] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 ـ جىلد، 3198 ـ بەت.

[54] شى خوخۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى شەخسلىرىنىڭ تەزكىرىسى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 76 ـ بەت. («ئەلئېتمىش — ئۇيغۇر دېڭىزچىسى» دېگەن ماقالە.)

[55] لى جىنفۇ: «ئۇيغۇر دېڭىزچىسى — ئەلئېتمىش» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، ئۇيغۇرچە، 1986 ـ يىلى، 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

[56] ليۇ جژشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1985 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 273 ـ بەت.

[57] ۋاڭ شياۋجيەن: «ئۇيغۇر دېڭىزچىسى ئەلئېتمىش» ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1986 ـ يىلى 9 ـ سان. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1957 ـ يىلى 1 ـ سان.

[58]، [59] سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» ، خەنزۇچە نەشرى، 1983 ـ يىلى، 7 ـ قىسىم، 355 ـ بەت.

[60] سۇڭ ليەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. 15 ـ جىلد، شىزۇ (قۇبلاي) تەزكىرىسى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى نەشرى، 307 ـ بەت.

[61] ① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى، يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار» ، قىسمى 110 ـ بەتكە قاراڭ (中国大百科全书. 中国历史. 元史. 畏兀儿条) .

② سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، خەلق

نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 346 — 356 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
(蔡美彪等著:《中国通史》,人民出版社,1983年,第346—356页.)

[62] ئەھمەد ۋە ساڭگالار ھەققىدىكى ئەمەلىي ۋە تەپسىلىي ئەھۋاللارنى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «دۇنيا تارىخى — سۇڭ سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى» دېگەن كىتابتىن كۆرۈڭ. كىتابتىن تاللانمىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ رەڭدار كۆزلۈكلەرنى ئىشلىتىشى»، «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1983 ـ يىلى، 2 ـ سان، 78 ـ بەتكە قاراڭ. ساڭگا ھەققىدە يەنە «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى، يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 4 ـ بېتىگە قاراڭ.

[63] ساڭگا Senge — ، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ئېيتىلمىغان، ئەمما راشىددىن «جەمئۇل ـ تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئۇنى ئۇيغۇر ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن؛ سەي مېيبياۋ (蔡美彪) قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 7 ـ قىسىم، 130 ـ بەتتىمۇ «ئۇيغۇر ساڭگا» دېيىلگەن. مۇشۇ كىتابنىڭ 115 ـ بېتىدىن 132 ـ بېتىگىچە ئەھمەد ۋە ساڭگالار ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار.

[64] «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىلى، 5 ـ سان، 9 ـ بەت.

[65] چىنخۇاڭداۋ ئارىلى — ھازىرقى جۇڭنەنخەي.

[66] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» (元史) «شىزۇ تەزكىرىسى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى نەشرى، 307 ـ بەت.

[67] «بېيجىڭ ساياھەت قوللانمىسى» 50 — 54 ـ بەتلەر.

[68] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى نەشرى، 51 ـ بەت.

[69] سۇڭ لىيەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «گاۋ جىزياۋ تەزكىرىسى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى نەشرى.

[70] ق. ۋەلى: «بېيجىڭ شەھىرى ۋە ئۇيغۇر بىناكارى ئەختەردىن توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى، 10 ـ سان، 46 — 47 ـ بەتلەر.

[71] ئەختەردىن ھەققىدە يەنە «ئەختەردىن — بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قۇرۇلۇش لايىھەلىگۈچىسى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. شى خۇخۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» (中国少数民族历史人物志) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ 61 ـ 62 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[72] ۋاڭ جىزلەي: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى لۇ مىڭشەن»، «شىنجاڭدىكى تارىخىي شەخسلەر» 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 107 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

[73] ۋاڭ جۇلەي «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى — لۇ مىڭشەن»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

[74] يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمچىلىرى ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكى ماقالىلەرگە قاراڭ.

① سۈن جيەندې (孙建德): «ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى ۋە يىپەك يولى»، «جۇڭخۇا تېبابەت تارىخى ژۇرنىلى» («中华医史杂志») 1982 ـ يىلى، 12 ـ جىلد، 3 ـ سان.

② لولۇلۇ (罗禄禄) «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەشتىكى يېڭى نەتىجە»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ماتېرىياللىرى توپلىمى» ش ئۇ ئا ر سەھىيە نەشرىياتى تۈزگەن خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ سان.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىلى، 3 ـ سان.

④ مۇھەممەد ئۆمەر مەنسۇر ھاجى: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخي تەسۋىرى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى قىسقىچە تارىخي ماتېرىياللىرى توپلىمى»، (1)، ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارىتى 1983 ـ يىلى تۈزگەن، ئۇيغۇرچە.

[75] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «ئۇيغۇرلار» قىسمى (110 ـ 111 ـ بەتلەر) غا قاراڭ.
1985 年 4 月. ，« 畏儿　儿条 »（中国大百科全书. 中国历史. 元史 ）

[76] ۋاڭ چېجۇڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇزۇقشۇناس قوسقۇي» «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى.

[77] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «راببان ـ سائۇما» (中国大百科全书. 中国历史. 元史.《列班. 扫马条》) قىسمى، 55 ـ بەتكە قاراڭ.

[78] «جۇڭگو تارىخى چوڭ لۇغىتى. لياۋ، شيا، جىن، يۈەن سۇلالىسى تارىخى» «راببان ـ سائۇما («列边骚马条») قىسمى. شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى. 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 136 ـ، 137 ـ بەتلەر.

[79] ماركوس ـ بەينىئېل (Bainiel) نىڭ ئوغلى ئىدى. بەينىئېل مار نېستورىئۇس (Mar Nestorius) نىڭ سۇ سېپىشى بىلەن دىنغا كىرگەن. بەزىلەر ئۇنى خۇشەن (ھازىرقى 霍州) لىك ئىدى، دېسە، بەزىلەر دوڭشىڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى توكتو ئوبلاستىدىن ئىدى) لىق دەپ قارايدۇ.

[80] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «راببان سائۇما» قىسمى، («中国大百科全书. 中国历史. 元史») جۇڭگو بۈيۈك قامۇس نەشرىياتى، بېيجىڭ، شاڭخەي، 1985 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 56 ـ بەت.

[81] ق. بارات: «قەدىمكى ئۇيغۇر خىرىستىئان يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىلى، 3 ـ سان، 61 ـ بەتكە قاراڭ.

[82] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «راببان سائۇما» قىسمى، خەنزۇچە نەشرى، 56 ـ بەتكە قاراڭ.

[83] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار» قىسمى، خەنزۇچە نەشرى، 109 ـ، 110 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[84] بۇ ھەقتە لى ياڭ يازغان «ئۇيغۇر رەسسامى بيەن لۇ ۋە ‹بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل› رەسمى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانىغا قاراڭ.

[85] ① كۇاڭ يى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى». «خۇيزۇ تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە 208 ـ بەتكە ۋە «تارىخشۇناسلىق ئايلىق مەجمۇئەسى» ( 史学月刊 ) ژۇرنىلى، 1958 ـ يىلى، 9 ـ سانىغا قاراڭ.

② يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسسام ۋە خەتتاتلار ھەققىدە فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، خەنزۇچە، 1981 ـ يىلى 1 ـ قىسىم، 118 — 119 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[86] كۆيجاڭ راۋىقى — خاقان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھۆسنخەت، رەسىم، قەدىمكى تارىخىي كىتاب . . . قاتارلىقلارنى يىغىپ ساقلايدىغان ئىلمىي ئاپپارات. «كۆيجاڭ راۋىقى ھەققىدە» ناملىق كىتاب ئەينى ۋاقىتتا ئوردىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەرگە باھا بېرىش ۋە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن چىقىرىلغان.

[87] جاۋخۇ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[88] جېن گۈەن يىللىرى — تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى بولۇپ، 627 ـ، 649 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

[89] سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1983 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ قىسىم، 353 ـ بەتكە قاراڭ.

[90] تيەن ۋېيجياڭ ( 田卫疆 )، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمان ئاراساڭ»، «شىنجاڭدىكى تارىخىي شەخسلەر تەزكىرىسى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[91] ① جاۋ خۇا: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1983 ـ يىلى، 2 ـ سان، 105 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

② فېڭ جياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1981 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 119 ـ بەت.

③ سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، 7 ـ قىسىم، 353 ـ بەت.

[ 92 ] كارۇناداسنىڭ ئىسمى سانسكرىتچە بولۇپ، كارۇنا Karuna — «ئازابلانماق» ، داسا dasa — «قۇل» دېگەنلىك. بۇ ھەقتە، ليۇيىنشىڭنىڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي شىمال رايونىنىڭ بۇددا دىنى» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات مەجمۇئەسى» « 元史及北方民族史研究集刊 » ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 12 ـ ئاي، 6 ـ سان، 80 ـ بەت.

[93] «مەشھۇر تەرجىمان كارۇناداس» ، شى خۇخۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 72 ـ بەتكە قاراڭ.

[94] سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، 7 ـ قىسىم، 1983 ـ يىلى، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 353 ـ بەتكە قاراڭ.

[95]① « ‹لياۋ سۇلالىسى تارىخى› نى تەھرىرلىگۈچى ئەمەلدار — ليەن خۇيشەن قايا» ، شى خۇخۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» ، 1 ـ قىسىم، 73 ـ بەتكە قاراڭ.

② ليۇجىژشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1 ـ قىسىم. مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

[96] سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، 7 ـ قىسىم، 1983 ـ يىلى، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 354 ـ بەتكە قاراڭ.

[97] ليۇ جىژشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1 ـ قىسىم، 278 ـ بەت.

[98] « ‹جىن دۆلىتى تارىخى› نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى ئەمەلدار سارابان» ، شى خۇخۇاڭ قاتارلىقلار. «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» ، 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1983 ـ يىلى، 93 ـ 94 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[99]، [100] سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، 7 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 354 ـ بەتكە قاراڭ.

[101] «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1996 ـ يىلى، 2 ـ سان، 92 ـ بەت.

[102] ياڭ ليەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت شائىرلىرى ھەققىدە

تەتقىقات» ، (« 元西域诗人群体研究 » ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1999 ـ يىلى، 247 ـ بەت.

[103] كۇي شىپىڭ، شاڭ يەنبىن «مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئالاقىسىدىكى ئىككى نەپەر ئەلچى — شې چاڭشوۋ، شې سى ھەققىدە» ، بېيجىڭ، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1995 ـ يىلى، 5 ـ سان، 66 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتىكى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى.

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ نامى ھەر خىل شەكىلدە خاتىرىلىنىپ كېلىنگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرى ۋە ئەرەب، پارسلار جۈملىدىن غەربنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ ھەر خىل ناملاردا ئاتالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللاردا مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالىدا «گۈيفاڭ» ( 鬼方 ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قوۋمنىڭ پائالىيەت قىلىپ تۇرغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرىلەر بار. گۈيفاڭلار يەنە «دىلار» ( 狄,翟 ) دەپمۇ ئاتالغان. ئالىملار «گۈي 鬼 — ) خىتىنىڭ غور - گۇر دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى[1]. «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «غۇر» ماددىسىدا «ئوغۇر دېگەن سۆزى قىسقىراپ ‹غۇر› دېگەن شەكىلگە كەلگىنىگە ئوخشاش، ‹ئوغۇز› سۆزىمۇ قىسقىراپ ‹غۇز› دېگەن شەكىلگە كەلگەن. ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر مەنبەدىندۇر، بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر نېمە دېيىش قىيىن»[2] دەپ ئەسكەرتىلگەن.

بۇ بايانلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خىلمۇخىل ناملىرى ئىچىدە «ئۇيغۇر» جۈملىدىن ئۇنىڭ «غۇر - غۇز، ئوغۇر - ئوغۇز» شەكىللىرىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنىڭ ھەم

قەدىمدىن باشلاپلا قوشنا خەلقلەرگە مەلۇم بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

«دىلار» نامى غۇر ـ غۇز (ئوغۇر ـ ئوغۇز) لار نامىنىڭ بىر ۋاريانتى. مۇتەپەككۇر موزى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 468 — 376 ـ يىللىرى ياشىغان) يازغان، «موزى» ناملىق كىتابىدا جۇڭگونىڭ قەبىلىچىلىك دەۋرىدە ياشىغان قەبىلە ئاقساقىلى ياۋ ( 尧 ) بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان دىلارنىڭ قەدىمكى سۈمېر تىلىدىكى تەڭرى مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان «دىڭگىر»، بابىل يېزىقىدىكى «تېگىر ـ دېگىر» (مەنىسى «تەڭرى») بىلەن مەنىداش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغانلارنىڭ قارىشى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «ئاۋېستا» دا «Drkh» شەكلىدە خاتىرىلەنگەنلىكى، تۈرك نامىنىڭ لىڭخۇدىفىن يازغان «جوۋنامە» ( 周书 ) ۋە «تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» خاتىرىسىگە چۈشۈشتىن كۆپ بۇرۇنقى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ. دى ـ تېگىر ـ تۈرك ناملىرى مەنىداش دەپ قارىلىدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردىن باشلاپ، دىڭلىڭ، ئېگىز قاڭقىل ـ قاڭقىللار (گاۋچې ـ گاۋگۈي)، تېلى دېگەنلەر ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى تەرىقىسىدە قوللىنىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## 1. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىسىنىڭ باشلىنىش دەۋرى

ئىلىم ـ پەندە خىلمۇخىل قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش تۈپكى ئالاھىدىلىك. قىياستىن نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. ئالىملارنىڭ قىياسلىرىغا بەزى كىشىلەر دەسلەپتە ئىشەنمەيدۇ، نەتىجە چىققاندىن كېيىن مەمنۇن بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى توغرۇلۇق ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى ئاجايىپ قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇنىڭ ئىچىدە سۇمېرلارنىڭ زاتىنى ئالتايغا ۋە تۈركىي تىللىق قوۋملارغا باغلىغانلىقى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. 1904 ـ يىلى پېتربورگ (ھازىرقى سان ـ پېتربورگ) دا بېسىلغان، 1939 ـ يىلى موسكۋادا رۇس تىلىدا قايتا نەشر قىلىنغان «يېزا ئىگىلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 5 ـ بېتىدە «... سۇمېرلار مىلادىيىدىن بىر نەچچە ئەسىر مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيادىن مىسسوپوتامىيىگە كۆچۈپ بارغان تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىدى...» دېيىلگەن بولسا XIX ئەسىرلەردە ئىنگلىز ئالىملىرىدىن سىر لاۋلىنئوس سۇمېرلار سكىفلەردۇر، ئۇلارنىڭ تىلى بولسا موڭغۇل ـ مانجۇ تىللىرى بىلەن تۇغقانچىلىقى بولغان تۇران تىلى سىستېمىسى (ئالتاي تىلى سىستېمىسى ياكى تۈركىي تىل سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك — ئا) دەپ قاراپ، سۇمېرلارغا ئائىت كېيىنكى چوڭ كەشپىياتلارغا

يول ئېچىپ بەرگەن. غەربىي ئاسىيادىكى سۇمېر، ئەلام ۋە هورى قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك قوۋملار مۇئەييەن بىر ئېتنىك گۇرۇپپىغا ۋەكىللىك قىلماستىن، ئەينى چاغدا هىندىستان ۋە يىراق شەرقتە بۈيۈك خانلىق ۋە مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلغان قوۋملارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي توپنىڭ ياشىغانلىقىنى ئالغا سۈرۈۋاتقانلار بار. سۇمېرلار بىرالىسفال (ئاق تەنلىك) لار ئىكەنلىكى مەلۇم.

تارىخشۇناس، پروفېسسور هوممىل (Hommil) سۇمېرلارنى پۈتۈنلەي تۈركىي تىللىق قوۋم دەپ هېسابلاپ، تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن بىر بۆلۈكىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئانا يۇرتلىرىدىن غەربىي ئاسىياغا كەلگەنلىكىنى ۋە سۇمېرلارنى تەشكىل قىلغانلىقىنى، سۇمېرلارنىڭ تىلىدا ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر تۈركىي تىلنىڭ ئاشۇ قەدىمكى زاماندا قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دەپ ئېيتقان[3].

يەنە بەزى ئالىملار سۇمېر تىلى سام ۋە هىندى ـ ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا تەۋە تىل بولماستىن، بەلكى تۈركچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بىرلەشمە ـ ئارىلاشما گۇرۇپپا تىلدۇر» دەيدۇ[4] ۋە بىرقاتار ئورتاق سۆز تەركىبلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سۇمېرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر، هون، ساك ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭكىگە ئوخشايدىغان دەپنە قىلىش ئادەتلىرى، ئەلام تىلىدىكى تۈركىي تىل بىلەن ئورتاق بولغان ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلاردىكى ئاتچىلىق ئىگىلىكى، هورى تىلىنىڭ تۈركىي تىل بىلەن تۇغقانچىلىق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان خۇسۇسىيەتلەر — تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى تارىختىن بۇرۇنقى (史前) ئىزلىرى هېسابلىنىشى كېرەك، دېگەن

www.uyghurkitap.com

قاراشلارمۇ بار[5].

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر خىل قاراشتىكىلەر سۇمېرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ بارغان دېگەن. ئېيتىلىشىچە، مىسسوپوتامىيىدە دەسلەپتە مەدەن يوق بولۇپ، سۇمېرلار كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن مەدەنچىلىك بارلىققا كەلگەن. يەنى بۇ مەدەنلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان. 4600 يىل مۇقەددەم دەپ مۆلچەرلەنگەن سۇمېر قەبىلىلىرى ئىشلەتكەن تاغار شەكىللىك قوپال يۇڭ كىيىم بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە قوغۇشۇن قاتارلىق مېتاللار سۇمېرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىسسوپوتامىيە رايونىغا ئېلىپ بېرىلغان[6]. ئۆز زامانىسىدا ئۇ رايوننىڭ هاۋاسى ئىسسىق بولۇپ، كان قېزىلمىسى بولمىغانىكەن.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر قاتار ئەھۋاللار ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئېتنىك ئاساسى بولغان قەدىمكى بىر قاتار قەبىلە ـ قوۋملارنىڭ بىر بۆلۈكى، شۇ چاغلاردا هازىرقى ئالتايدىن غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ۋە سۇمېر، هورى، ئەلام قاتارلىق قەدىمكى قوۋملارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك تەركىبكە ئايلانغان. بۇ تارىختا ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ غەربىي ئاسىياغا بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈشى بولۇپ هېسابلانسا كېرەك[7].

## 2. هونلار ۋە دىڭلىڭلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى

هونلار قەدىمكى گۇيفاڭ يەنى دىلاردىن بۆلۇنۇپ شەكىللەنگەن بىر قوۋم. ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ تۇمەن ۋە مۇدۇ تەڭرىقۇت زامانىسىغا كەلگەندە ناھايىتى كۈچەيگەن.

هونلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى مۇدۇ تەڭرىقۇت موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدا خانلىق قۇرغاندىن كېيىن غەربىي خەن دەۋرىدىكى كۈچىيىش ۋە ئاجىزلىشىشتەك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (گۇاڭۋۇدىنىڭ جەنۇۋۇ 24 ـ يىلى، مىلادىيە 48 ـ يىلى) گە كەلگەندە جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، جەنۇبتىكىلەر خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ياشىغان. شىمالىي هونلار خەن سۇلالىسى بىلەن ئارازلىشىپ ئۇنىڭ زېمىنىغا داۋاملىق تەھلىكە پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى شىمالىي هونلارغا قايتۇرما هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرغان. بۇ خىل ئۇرۇش مىلادىيە 89 ـ يىلى رەسمىي باشلانغان. كۆپ قېتىملىق تىركىشىش ئارقىلىق 91 ـ يىلى شىمالىي تەڭرىقۇت قىسمەن ئادەملىرىنى باشلاپ (قانچىلىك ئادەملىكى نامەلۇم) غەربكە كۆچكەن. شۇنىڭ بىلەن هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانى باشلانغان. هونلار دەسلەپتە ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۇيسۇنلار ئېلىگە، ئاندىن كانگىيىگە، ئۈچىنچى مەنزىل قىلىپ ئالان (ئائورسى) يەنى جەنۇبىي روسىيە

يايلاقلىرى، دون دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە كۆچكەن، كېيىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل يۆتكىلىشى V ئەسىرگىچە داۋاملاشقان[8].

غەربكە كۆچكەن هونلار دەسلەپكى چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى تەشكىل قىلغان بىر بۆلۈك ئېتنىك تەركىبلەر ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي روسىيە ۋە ياۋروپاغا يېتىپ بارغان. يەنە بىر قاراشتا هونلارنىڭ يۆتكىلىشىدىن ئىلگىرىلا ئوغۇز قەبىلىلىرى شەرقىي ياۋروپاغا كۆچكەن دېيىلىدۇ.

هونلارنىڭ قەدىمكى دىلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ شەكىللەنگەن قوۋم ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، هونلار دۆلىتى تەۋەسىدە دىلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرى بولغان دىڭلىڭلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ هونلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇلار بىلەن هايات - ماماتتا بىرگە بولغان هەم كۆچكەندىمۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلار هونلار بىلەن بىرلىكتە غەربكە كۆچكەن.

بۇ يەردە تەكىتلەيدىغان بىر مەسىلە قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى دىڭلىڭلارغا تۇتاشتۇرۇلۇپ چۈشەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە هونلارنىڭمۇ بىر تارماق ئەجدادى ئىكەنلىكى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا بايان قىلىنىغان. مەسىلەن، ليۇ شۈي يازغان «كونا تاڭنامە» ( 旧唐书 )، ئوۋ ياڭشۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» ( 新唐书 )، ماۋدۇن يازغان «يازما هۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» ( 文献通考 )، «ئومۇمىي قامۇسنىڭ داۋامى» ( 续通志 )، شۆ جۈجىڭ يازغان «بەش سۇلالە تارىخى» ( 五代史 ) قاتارلىق كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلار دەپ بىردەك قەيت قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە «قۇن - هون» ( 浑 ) دېگەن بىر قەبىلىنىڭ ساقلىنىپ

قالغانلىقى، بايىرقۇ قەبىلىسىنىڭ ھەم ھون قەبىلىسىنىڭ بىۋاستە پۇشتى ئىكەنلىكى بۇ خىل مەنىداشلىقنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن كلاپروت (J. Klaproth)، ۋىزانتىيە (شەرقىي روما) تارىخچىلىرىدىن نىكىتا (Nikita)، لېۋگراماتىك (Lev Grammatik)، جورجى (Georgi) لارنىڭ «Ongur» لار ھونلاردۇر، دېگەن مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، ھون ئۇلۇس ـ ئايماقلىرى بىرلەشمىسى ئىچىدە، سانى كۆپ ۋە قۇدرەتلىك بولغان گاۋگۈي (گاۋچېي ـ ئېگىز قاڭقىلار) لارنىڭ قەبىلە ناملىرى بىلەن ئوخشاش بولغان «ئوغۇر، ئونئوغۇر، ئۇتئوغۇر، قۇتئوغۇر، سارغۇر» دېگەندەك قەبىلە ناملىرىنى ئېنىقلاپ چىققان[9]. جۈملىدىن بۇ قەبىلىلەر ھونلار غەربكە كۆچكەن دەسلەپكى چاغلاردىلا ياۋروپاغا يېتىپ بارغان. ئاشۇ قېتىملىق كۆچۈشتە ھازىرقى ۋىنگرىيىدە ئولتۇراقلاشقان ھونلارنىڭ قالدۇق پۇشتىنىڭ زورىيىشىدىن شەكىللەنگەن ۋىنگىر (ھونگىر) لار تىلىدا بىر مۇنچە تۈركىي سۆزلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، ۋىنگىر مۇزىكىسى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ھېسابلانغان يۇگۇنكى سېرىق ئۇيغۇرلار مۇزىكىسىدا قويۇق ئورتاقلىقنىڭ ساقلىنىشى ۋە باشقا بىر قاتار ھادىسىلەر بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھونلار نامى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا كۆچۈشىگە دائىر تارىخىي ئۈچۈرلاردۇر.

دىڭلىڭلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرۇلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» دا مۇنداق دېيىلگەن:

كانگىيە (سەمەرقەنت) دە ياشىغان «غەربىي دىڭلىڭلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان قوۋم (دىڭلىڭلار) نىڭ تارمىقى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

قۇتئۇش تەڭرىقۇت دېڭىزلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن سەرسان بولغان بىر قىسىم دېڭىزلار ئۇلارغا ئەگىشىپ كانگىيىگە بارغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسلىي جايىدا قالغانلىرى «شىمالىي دېڭىزلار» دېيىلگەن بولسا، كانگىيىگە كۆچۈپ بارغانلىرى «غەربىي دېڭىزلار» دېيىلگەن. «ۋېي سۇلالىسى خاتىرىلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «ئۇيسۇنلارنىڭ غەربى، كانگىيىنىڭ شىمالىدىكى دېڭىزلار بولسا هونلارنىڭ قۇتئۇش تەڭرىقۇتى غەربكە كۆچكەندە شۇلارغا ئەگىشىپ بارغان دېڭىزلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ۋېي سۇلالىسى ۋە جىن سۇلالىسى خانلىقى زامانىسىغا كەلگەندە، قۇرامىغا يەتكەنلەر 60 مىڭ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ ئەتراپىدا بولغان. كانگىيە خانلىقى كېيىنچە سوغدى توققۇز غۇز ئېلى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. سوغدى توققۇز غۇزلىرى يىپەك يولىدا جانلىق پائالىيەت قىلغان. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە دى ( 翟 ) فامىلىلىك غۇزلار بولۇپ، دېڭىزلارنىڭ ئىچىدە دى فامىلىلىكلىرى كۆپ ئىدى، بۇلار سوغدى توققۇز غۇزلىرى بىلەن بىرلىكتە دى فامىلىسىنى ئىشلەتكەن غۇز سودىگەرلىرى بولۇپ، بۇلار ئەلۋەتتە غەربىي دېڭىزلاردىن ئىدى»[10].

بۇ يەردە زىكرى قىلىنغانلىرى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنداق ئىشلار بولۇپ ئۆتكەنكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوغدىيانا (كانگىيە) يەنى ماۋەرائۇننەھر رايونىدا توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرى ( 绍武九姓胡人 ) نىڭ پائالىيىتى يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرغان. شۇڭا، تارىخىي هۆججەتلەردە تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت، سەلىز ( 曹国 ) قاتارلىق توققۇز ئايماقتىكى قەبىلىلەر بىردەك «توققۇز جاۋۇپلار» ياكى «توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرى» دەپ ئاتالغان[11]. بۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغاندا ۋە چاڭئەن

قاتارلىق جايلارغا كېلىپ پائالىيەت قىلىپ ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» (回鹘) دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، شىفۇچىڭ (石福庆)، شى جېجىڭ (石诚直) قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دېيىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋېن زوڭ (827 — 835)، ۋۇ زوڭ (841 — 846) قاتارلىق پادىشاھلىرى بىلەن ئالاقە قىلغان. شۇڭا، 842 ـ يىلى يېزىلغان «لى ۋېنراۋ توپلاملىرى» (李文绕集) دېگەن كىتابنىڭ «ئۇيغۇر خانىغا يوللانغان مەكتۇپلار» (赐回鹘可汗书) نىڭ «ئۇيغۇر شى جېجىڭنىڭ ئەھۋالاتى» (论回鹘石诚直壮)، «تىلماچلار ئەھۋالاتى» (论译语人壮) قاتارلىق بابلىرىدا يۇقىرىقىلارنى ئۇيغۇر دەپ يازغان. شۇ كىتابنىڭ 13 ـ جىلدىدا «ئۇيغۇر ئەنشاۋشۇن» (回鹘安孝顺) دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. شياڭدا ئەپەندىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كىشى ئەسلىي توققۇز جاۋۇپلاردىن بولۇپ، بۇخارالىق ئىكەن[12].

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# 3. تېلىلار ۋە ئېگىز قاڭقىللار زامانىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى پائالىيەتلىرى

## 1) ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارقالغان جايلىرى

لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تېلىلار ھەققىدە قىسسە (北史.铁勒传)» دە تېلىلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان.

تېلىلارنىڭ ئەجدادلىرى ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلار بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى تاغلارنى بويلاپ ئايىغى ئۈزۈلمەي جايلاشقان بولۇپ، توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بارغۇت، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بار، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئېركىن دەپ ئاتىلاتتى؛ چومۇل، تۈركەش، ئىزگىل، قۇن، قوشۇر قاتارلىق قوۋملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى؛ ئېۋىرغول (بوگۈنكى قومۇلنىڭ غەربى)، كىنگىتنىڭ شىمالىي ۋە ئاقتاغ بويلىرىدا چۇبە، بۇلاغ، دىسۇباناغ، ئوغۇز، خاككاس، ئىكدىر، ئونغۇر قاتارلىق قوۋملار بولۇپ، 20 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى؛ ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىرتاردۇش، دىلىر، زاباندىر، داچى قاتارلىق قوۋملار بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى، سوغدىيانانىڭ شىمالى، ئىتىل دەرياسى بويلىرىدا ئاتىئىز، قاسار، باخۇ، پىچەنەك، جۇخەي، ھابىيچ، قوچاي، سوپۇ، يىماق، قۇتتال قاتارلىق قوۋملار

بولۇپ، 30 مىڭدەك ئەسكىرى بار ئىدى. قارا دېڭىزنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە سارغۇر، ئۈچ ئۇرۇغ يېماق، سورۇڭقار قاتارلىق قوۋملار بولۇپ، نوپۇسى 8000 دىن ئارتۇق ئىدى؛ فەرەڭ (رىم) نىڭ شەرقىدە ئاسكىل، ئالان، بېيرۇ، قۇلــــس، قۇۋۇنخــۇن قاتارلىق قوۋمــلار بولۇپ، نوپۇســى 20 مىــڭغا يېقىن ئىــدى. شىمالىــي دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا توباس قاتارلىق قوۋمــلار بار ئىــدى. ئــۇلارنىــڭ ئۆز ئالــدىغا قاغانــى يوق بولــۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرقىي ۋە غەربىــي تۈرك خانلىقىغا قارايتتى.

بۇ تارىخىي خاتىرىلەر تېلىلار دەپ ئاتالغان ئۇيغــۇرلارنىڭ ئەجــدادلىرى بولمىــش قەبىلىلەر ئىتــتىپاقىغا تەۋە بىــر قاتار قەبىلە ـ ئايماقلار كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قورۇمغىچە بولغان دائىرىدە تارقىلىپ، تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خاتىرە ۋېيجىڭ يازغان «سۇينامە» دىمۇ قەيت قىلىنغان.

«ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا» دا ياڭ شىڭمىن ئەپەندى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبلىنىشى توغرىسىدىكى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ‹ئىچكى توققۇز ئۇرۇق ۋە تاشقى توققۇز قوۋم› دەيدىغان قاراش ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ».

مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىــــپاقــى ئاساسەن ئۈچ قىسىم كىشىلەردىن، يەنى توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر ۋە سېرىق ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تېلىلار بولۇپ، ئەسلىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ چوڭ دەريا — تۇغلا دەرياسى، ئورقۇن دەرياسى ۋە سېلىنگا دەرياســى بويىــــغا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار دەريا نامىنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامــى

www.uyghurkitap.com

قىلغان.

توغلا ( 土拉 ) — تۈركچە ‹توققۇز› دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئەسلىدە توغلا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان قەبىلە ‹توققۇز› (توققۇز ئۇيغۇر) دەرياسى دەپ ئاتالغان.

ئورقۇن ( 鄂尔浑 ) — تۈركچە ‹ئون كۆن› دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. شۇڭا، ئەسلىدە ئورقۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان قەبىلە ‹ئون ئۇيغۇر› دەپ ئاتالغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇلار توققۇز ئۇيغۇر ۋە ئون ئۇيغۇر دەپ خاتىرىلەنگەن . . . ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئەسلىي — سېلىنگا دەرياسى بويىغا جايلاشقان. سېلىنگا ( 色楞格 ) تۈركچە ‹سېرىق› دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. شۇڭا، بۇ قىسىم كىشىلەر ‹سېرىق ئۇيغۇر› دەپ ئاتالغان. لېكىن، 840 ـ يىلى (غوبى) ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، سېرىق ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1081 ـ يىلى) دىن كېيىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ‹سېرىق باش ئۇيغۇرلار› پەيدا بولۇپ قالغان. شۇڭا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا سېرىق باش ئۇيغۇرلار نامىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى بەكمۇ تاسادىپىي بولغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئەمما، غەرب ئەللىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا Ⅵ ئەسىرلەردىلا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي روسىيە يايلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن[13].

ياڭ شىڭمىن ئەپەندىنىڭ بۇ باياندىكى بەزى قاراشلىرى (مەسىلەن، توغلا — توققۇز سۆزىدىن كەلگەن، دېگەنگە ئوخشاش) غا ئايرىم كىشىلەر قوشۇلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي روھى بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

چيەن بوچۇەن ئەپەندى سارغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) لارنىڭ VI — V ئەسىرلەردىلا بارلىقى توغرىسىدا توختىلىپ: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سارغۇر («شىمالىي خانلىقلار تارىخى» دىكى بايان كۆزدە تۇتۇلىدۇ) «سارئوغۇز» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بولۇپ، بۇ نام سولۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان «سېرىق باش ئۇيغۇر» ۋە يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىرى دەۋرىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدە، چىڭخەي (كۆكنۇر) كۆلىنىڭ شەرقىدە، خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن تامامەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن مەزكۇر قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئېتنىكىلىق نامىنىڭ خېلى قەدىمكى نام ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز[14]. دېمەك... سارغۇر، ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر قاتارلىق «ئوغۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان قەبىلىلەر ياكى قەبىلىلەر ئېتنىكىلىق V ئەسىردىن ئىلگىرىلا ۋىزانتىيىنىڭ شەرقىگە كۆچۈپ كېلىپ جايلاشقان ھەمدە شەرقىي رىمغا ئەلچى ئەۋەتكەن[15].

بۇ قاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلىساق، سابىق سوۋېت ئېتنىكلىق ئالىمى د. يېرىمىيېفنىڭ مۇنۇ بايانىنى كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

«ھون قەبىلىلىرى ئېتنىكلىق رەڭگارەڭ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، موڭغۇللار، ئوگرلار (ئوگۇرلار، ھازىرقى ۋېنگىرلارنىڭ ئەجدادى خانتىلار ۋە مانسىلار)، شۇنداقلا قەدىمكى ئاسىيا قەبىلىلىرى كىرگەن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تىلشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تىلىدا بەزى ئورتاقلىقلار بار. ئالىملار تۈركىي، موڭغۇل ۋە توڭگۇس - موڭغۇل تىللىرىنى ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىگە، بۇ ئىككى تىل ئائىلىسىنى قوشۇپ، چوڭ ئورال - ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىگە كىرگۈزىدۇ[16].

www.uyghurkitap.com

بۇ قاراشتىكىلەر ئۇگىر (ئۇگۇر ـ ئوغۇر) تىلىنى تۈركىي تىلدىن ئازراق پەرقلەندۈرۈپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇگىر (ئوغىر) لارنىڭ ھون دەۋرىدە مەۋجۇتلۇقى سۆزلەنگەن. بۇ، قارىشىمىزغا ماس كېلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەينى چاغدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يالغۇز يۇقىرىقىدەك ئۈچ قەبىلە ئىتتىپاقىغىلا بۆلۈنمىگەنلىكىنى «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىكى باياندىنمۇ چۈشىنىمىز. ئۇنىڭدا تىل دېئالېكتىكىلىرىغا ئاساسەن مۇنداق قەبىلە ناملىرى كۆرسىتىلگەن[17] » :

| شەرقىي تۈركىي تىل | غەربىي تۈركىي تىل |
|---|---|
| ئوغۇز | ئوغۇر |
| ئون ئوغۇز | ئون ئوغۇر |
| ئوتتۇز ئوغۇز | ئوتۇغۇر |
| توققۇز ئوغۇز | قوتۇغۇر |
| سېرىق ئوغۇز | سارغۇر |

دېمىسىمۇ ماتېرىياللاردا ئېيتىلىغانلىرى بويىچە، مىلادىيە 461 ـ يىلى سىبىرلار (سابىرلار، سىيانپىلار) غەربكە قاراپ كۆچكەندە، شۇلار بىلەن كۆچكەن قەبىلىلەر ئىچىدە ئوغۇر، ئون ئوغۇر، ئوتۇغۇر، قوتۇغۇر، سارغۇر قەبىلىلىرىمۇ بولغان[18].

بۇلاردىن ئون ئوغۇر قەبىلىسى، جوردانىسنىڭ 551 ـ يىلىدىكى، ئاكادىيانىڭ 552 ـ يىلىدىكى خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى VI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاۋكازنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا تۇرغانلىقىنى بىلىش

مۇمكىن، مىلادىيە 569 ـ يىلى قەدىمكى سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر ئەسەردە «ئۇيغۇر» تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، يەنە 12 قەبىلىنىڭ نامى جەدۋىلى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر بىلەن سارغۇرنى چىقىرىۋەتكەندە ئون قەبىلىلا قالىدۇ. بۇ ئون ئۇيغۇرلار ئوغۇر، سابىر، بۇلغار، قوتۇغۇر، ئابار، سارغۇر، كاسدىمىر، باغرىسىق، قۇلس، ئابدال، ئېفتالت.

چيەن بوچۇەن ئەپەندى بۇ قەبىلىلەرنى خەنزۇچە تارىخىي هۆججەتلەردىكى ماتېرىياللار بىلەن باغلاپ تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن:

(1) بۇلغارلار، شەرقىي رىم يەنى ۋىزانتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بۇ قەبىلە مىلادىيە 480 ـ (بىر قاراشتا 482 ـ) يىلى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. بۇ قەبىلە ئون ئۇيغۇرلار كاۋكازنىڭ شىمالى ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىگە يېتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پەيدا بولغان. بۇ قەبىلىنىڭ تۇرغان جايى باشقا قەبىلىلەرنىڭ تۇرغان جايىغا قارىغاندا غەربكە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئۇلار كاۋكازدىن تاكى دوناي دەرياسىنىڭ ساھىلىغىچە سوزۇلغان. خېلى چوڭ رايون شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا تۇتاشقان.

ۋىزانتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئېيتىلىشىچە، بۇ قەبىلە مىلادىيە Ⅶ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا «بۈيۈك بولغارىيە» (Lagrande Bulgaria) دەپ ئاتالغان بىر دۆلەت قۇرغان. كېيىن ئۇلار ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. «بۇلغار» دېگەن نام «بەلغۇر» يەنى «بەش ئوغۇر» ياكى «بەش ئوغۇز» دېگەنلىك، دېگەن قاراش بار[19]. مىلادىيە 469 ـ يىلى ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندا هونلار ئاتىللانىڭ كىچىك ئوغلى ئېرنەك باشچىلىقىدا ئون ئوغۇرىيىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئون ئوغۇرلار ئۆزلىرىنى «هونوغۇرلار» دەپمۇ ئاتاشقان[20]. كېيىن «ئون

www.uyghurkitap.com

ئۇغۇرلار» بۇلغار دېگەن نامنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقىنىڭ نامى سۈپىتىدىمۇ قوللانغان.

(2) قۇتۇغۇر، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلە» سى ئىچىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ، ۋىزانتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆپىنچە ئۇتۇغۇر — ئۇت ئۇغۇر، ئۇتىغىر... دەپ يېزىلغان. قوتۇغۇر — قۇت + ئۇغۇر دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، «قۇتلۇق ئۇغۇر» دېگەن مەنىدە، ئۇتۇغۇر ئۇت + ئۇغۇر دېگەن سۆزدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇت ئۇتماق، ئۇتۇۋالماق، يەڭمەك، غەلىبە قىلماق دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ «ئۇتۇق قازانغۇچى ئۇيغۇر» ياكى «غالىب ئۇيغۇر» دېگەن مەنىدە. قۇتۇغۇرلار ئەسلىدە ئورقۇن ۋادىسىدىكى «قۇنتاغ» ئەتراپىدا ياشىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان دېگەن قاراش بار.

(3) ئابار، بەزىدە ئاۋار دەپمۇ يېزىلىدۇ. بۇلار رورەنلەردۇر. «ئابار» تۈركىي تىلدا قەبىلە دېگەن مەنىدە دەپ قارىلىدۇ.

(4) كاسىدىر، بۇ قەبىلە ئەسلىدە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قىرغىزلار بىلەن قوشنا ئىدى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربكە كۆچمەي قالغان بىر قىسمى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە كۆچۈپ كېلىپ، قومۇل مۇداپىئە رايونىغا يېقىن جايلارغا ئورۇنلاشقان.

(5) سابىر، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «鲜卑» (شيەنـ بېي) دەپ يېزىلغان سيانپىلاردۇر، بۇلار شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالى، موڭغۇل ئېگىزلىكى، جۇڭغار (يارىش) ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۈچلۈك سيانپى خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى بايقال

كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىگە تارقىلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. روسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى «سىبىرىيە» ئەنە شۇ شيەنبىي - سىيانپىلارنىڭ نامىدىن كەلگەن.

(6) ئابدال، خەنزۇچە 阿跌 ، 阿嘀 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇلار ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلە» سى ئىچىدىكى «ئابدال قەبىلىسى» ھېسابلىنىدۇ ھەم تاشقى توققۇز قوۋمى ئىچىدىكى ئادىز قەبىلىسى دەپمۇ قارىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ قەبىلە ئادەتتىكى ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن، بۇ قەبىلىدىن چىققان بىر بالىنى ئۇيغۇر قاغانى ئاسراندى ئوغۇل قىلىپ بېقىۋالغان، كېيىنكى چاغدا بۇ بالا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ «ئىناۋەت قۇچقان قاغان» دەپ ئاتالغاندىن كېيىن، بۇ قەبىلە «ئىككىنچى قاغان جەمەتى» بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنى ئۆسۈپ ئىچكى توققۇز قەبىلە قاتارىغا ئۆتكەن.

(7) ئېفتالىت، بۇ قوۋم شەرقىي رىم، پېرسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلەنگەن يەپتاللاردۇر، ئۇلار شۇ زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرغان، كېيىن تۈركلەر بىلەن پارسلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان. جەنۇبىي سۇلالىلەردىن بىرى بولغان لياڭ خانلىقى ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى خۇاگو ( 滑国 ) دەپ ئاتىغان. « 滑 » (خۇا) دېگەن خەت قەدىمكى زاماندا «گۇر - غۇر» دەپ ئوقۇلاتتى دېيىلىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە يەپتاللار (ئىفتالىتلار) «ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بىر تۈرى» دېيىلگەن. دېمەك، ئۇلار تۈركىي تىللىق قوۋم بولۇپ، ئەسلىدە ئالتاي تېغىنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئېنىقكى، غەربكە كۆچكەن ياكى كۆچمەي قالغان يەپتاللارمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى.

(8) قولىس، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر نامى ئىچىدە بۇنىڭغا توغرا كېلىدىغان نام ئۇچرىمايدۇ.
(9) باغرسىق. بۇنىڭغا توغرا كېلىدىغان ناممۇ ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر نامى ئىچىدە ئۇچرىتىلمىغان.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا ۋىزانتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قازار (قاسار) دېگەن قەبىلە نامى تىلغا ئېلىنىغان. بۇمۇ «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا بۇ قەبىلە ھەمىشە «تۈرك كېسار — 突厥葛萨»، «تۈرك كېسار — 突厥可萨» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. قاسارلار مىلادىيە VI — VII ئەسىرلەردە شىمالىي كاۋكازدا ياشىغان. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە قاسارلار ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلىسى» سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ[21]. يېقىنقى دەۋردىكى قىسمەن تارىخچىلار قاسارلارنى ھازىرقى زامان قازاق مىللىتىنىڭ ئەجدادى دەۋالغان.

## 2) غەربكە كۆچكەن غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسلىي ماكانى

غەربكە كۆچكەن غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسلىي ماكانى موڭغۇل يايلىقى بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق قەدىمكى زامان ئاپتورلىرىنىڭ كىتابىدا ئۇچۇرلار ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە پېرسىيىلىك تارىخچى راشىددىننىڭ بايانى بىرقەدەر ئېنىقراق ئۇچۇرغا ئىگە قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان: ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلار ۋىلايىتىدە ھەيۋەتلىك ئىككى چوڭ تاغ بار ئىكەن، بىرىنىڭ ئىسمى بوقراتۇبۇزلۇق، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئاشقۇنلۇق تەڭرىم ئىكەن. ئۇگدايخان بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئاشۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئاتاپتۇ. ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىكى

بىر جايدىن ئۈن ئېقىن، يەنە بىر جايدىن توققۇز دەريا ئېقىنى ئاقىدىكەن. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ دەريا ساھىللىرىدا تاغ ئىچى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ماكان تۇتۇشقان ئىكەن. ئون دەريانى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز دەريانى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانلار توققۇز ئۇيغۇر دېيىلىدىكەن. ئاشۇ ئون دەريا ئون ئارغۇن دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ قەبىلىلەرنىڭناملىرى رەت تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئاتىلىدىكەن: ئىسلىق ياكى ئىسقۇل، ئوتۇتقار، بۇقىس، ئۇزقۇندۇز، تۇلار، تاردار، ئادار، ئۇچتابىن، قاملامچۇ ۋە ئۆتىكەندىن ئىبارەت.

ئالدىنقى ئۈچ دەريا ساھىلىغا توققۇز قەبىلە جايلاشقان، كېيىنكى تۆت دەريا ساھىلىغا بەش قەبىلە جايلاشقان، توققۇزىنچى ئېقىن قاملانچۇ دەرياسىنىڭ ساھىلىدە ئولتۇراقلاشقانلار لونك دەپ ئاتىلىدىكەن؛ ئونىنچى ئېقىن ئۆتىكەن دەرياسى بويلىرىدىكىسى قاماق ئاتىقۇز قەبىلىسى ئىكەن. دەريا ساھىلىنى بويلاپ ئولتۇرغان بۇ قەبىلىلەردىن باشقا يەنە بىر دائىرىدە 122 قەبىلە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس[22].

تارىخچىلار ھەر تەرەپلىمە دەلىللەش ئارقىلىق مىلادىيە V — VII ئەسىردە غەربكە كۆچكەن ۋە ۋىزانتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن راشىددىن خاتىرىسىدىكى قەبىلە ناملىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلىغان.

### 3) غوبى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ سەۋەبى

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى نېمە ئۈچۈن غەربكە كۆچكەن. بۇ توغرۇلۇق بىرقانچە خىل قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي

www.uyghurkitap.com

مەزمۇنى ئوخشاش. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە ھۆججەتلىرىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 11 ـ يىلى (مىلادىيە 487 ـ يىلى) پوۋۇرغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى شەرقىي ئېگىز قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭ ئادىمىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەينى چاغدا بۇ قاڭقىل قەبىلىلىرى موڭغۇل يايلىقىدىكى رورەنلەر ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي، ھازىرقى تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئېگىز قاڭقىللار خانلىقىنى قۇرغان. ئېگىز قاڭقىللار كۆچەيگەندە، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە ياپىيان (جوڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى) غا تۇتاشقان، شەرقتە بىر مەھەل شىمالىي چۆللۈكنى ئىشغال قىلىپ، رورەنلەر ئوردىسىنى جەنۇبقا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان، مىلادىيە 541 ـ يىلى ئېگىز قاڭقىللار خانلىقى رورەنلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. مانا مۇشۇ چاغدا بىر قانچە تارماق ئۇيغۇر قەبىلىرى ئاساسىي قەبىلىلەردىن بۆلۈنۈپ، غەربكە كۆچكەن.

قەدىمكى رىم تارىخچىسى پرىسكوسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندىمۇ، مىلادىيە 461 ـ يىلى سىبىرلار (سابىرىلار، سيانپىلار) رورەن ـ ئاۋارلارنىڭ زەربىسى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يۇرتلىرىنى تاشلاپ، غەربكە كۆچكەن. ئۇلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى بىلەن ئوغۇر، ئون ئوغۇر، ئوتتۇغۇر، قۇتتۇغۇر ۋە سارغۇر قەبىلىلىرىمۇ غەربكە كۆچۈپ، كاسپىي دېڭىزنىڭ شىمالى ۋە دون دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ چاغدا ئون ئوغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بويلىرىغا ماكانلاشقان. مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن شەرقتە ئىتىل (ۋولگا) دەرياسى بويلىرىدىن غەربتە

دون دەرياسىغىچە بولغان جايلار تاكى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئون ئوغۇرلارنىڭ نامى بىلەن «ئون ئوغۇرىيە» دەپ ئاتالغان[23].

فرانسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس خاملتون ئۆزىنىڭ «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشىنى بىرقەدەر چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شۇنداق بايان قىلىدۇ:

461 — 464 - يىللار ئارىلىقىدا سارغۇر ئوغۇر ۋە ئون ئوغۇر كىشىلىرى ۋىزانتىيىگە تۇنجى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ مىللەتلەر ئەمدىلا شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنى سابىر (سيانىپ) لار ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، سابىرلارنى ئاۋار (ياكى ئابار) لار قوغلاپ چىقارغان. ئاۋارلار يەنە دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۇرۇشلۇق خەلقلەرنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن ئۇيەردىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. سارغۇرلار ھونلارنىڭ ئاقازىر قوۋمى (Huns Akatzir) ئارىسىدىن ماكان تۇتقۇدەك بىر جاي ئىزدەش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ھەمدە ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بويسۇندۇرغان[24].

## 4) غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ھەر خىل ئۇچۇرلار ساقلانغان. ئۇنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار موڭغۇل يايلىقىدىن غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان، 558 - يىلى ئۇلار ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەن ھەمدە شەرقىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ بىر قىسىم يېرىنى ئىگىلەپ ماكانلاشقان. بەزى غەربلىكلەر ئۇلارنى خاتا ھالدا ‹ئاۋارلار› دەپ ئاتىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلار سارغۇر

(سىرىق ئۇيغۇر)، ئون ئۇغۇر (ئون ئۇيغۇر) ۋە ئۇيغۇر (Uigurs) دىن ئىبارەت ئۈچ ئۇلۇسقا بۆلۈنىدۇ. شۇ چاغدىكى خەلق رىۋايەتلىرىدە Uigur (ئۇيغۇر) لار ‹Ogre› دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ئەلچىسى گىرتسىيىدىن ياردەم سورىغان».

(D.M.Dunlop «the History of Jewish Khazars») Princeton, I V. «Chapter I, [25] .

بۇ ئۇيغۇرلارنى چەت ئەل ئالىملىرى غەربىي ئۇيغۇرلار دەپ ئاتىغان ھەم ماتېرىياللاردا ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنى كونكرېت قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن:

غەربىي ئۇيغۇرلاردىن ئۇغۇر ۋە ئون ئۇغۇرلار تارباغاتاي تاغلىرى، قوبدو، ئۇلاستاي ئەتراپلىرىدا؛ ئوتتۇغۇرلار قازاق، قىرغىز دالىسى ۋە ئامما دەرياسى بويلىرىدا، قۇتتۇغۇرلار ۋە سارغۇرلار بولسا ۋولگا دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان»[26].

تارىخنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، دەۋرنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋالغۇشلىرى نەتىجىسىدە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان، شۇنداقلا ھەرىكەت شەكلىمۇ خىلمۇخىل بولغان.

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى ئون ئۇغۇرلار بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق سىياسىي پائالىيەتلىرىنى شۇلار باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ مەركىزى ئون ئۇغۇر شەھىرى ئىدى[27]. بۇ خانلىق مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سىبىرلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېرىم ئەسىرگە يېقىن سىبىرلار، ئاۋارلار قاتارلىق ئاسىي قەبىلىلەرگە ۋە كۆك تۈركلەرگە بېقىنىپ ياشىغان. كۆك تۈركلەرنىڭ بۇ غەربتىكى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىدىكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرىدىن ئىستەمى ۋە ئاسىنا (ئاشىنا) تارتۇش دەۋرىگە توغرا كېلىش ئېھتىماللىقى بار. ئىستەمى 576 ـ يىلىغىچە، ئاسىنا تارتۇش (تارتۇش قاغان دەپ ئاتالغان) 603 ـ يىلىغىچە

ھۆكۈم سۈرگەن.
مىلادىيە 583 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇتۇغۇر قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان قۇربات (بۆرە) دېگەن كىشى ئون ئۇغۇر، قۇتۇغۇر ۋە ئۇتۇغۇر قەبىلىلىرىنى قايتا تەشكىللەپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ ئون ئۇغۇر بولغار خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق ئۇنىڭ دەۋرىدە تازا كۈچەيگەن بولۇپ، زېمىنى شەرقتە ۋولگا دەرياسىدىن غەربتە دوناي دەرياسىغا قەدەر سوزۇلغان[28].
لېكىن، بۇ خانلىقنىڭ تارىخى بىر ئەسىرگە بارمىغان. مىلادىيە 659 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن غەربىي تۈركلەر ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلەشكە باشلايدۇ. تۈركلەرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ئون ئۇغۇر قەبىلىسىدىن بولغان قاسار (ھازار) قەبىلىسى ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلىۋالىدۇ. 85 يىل مەۋجۇت بولغان ئون ئۇغۇر بولغار خانلىقى ئاسى ھازارلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن مىلادىيە 668 ـ يىلى بەش پارچىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.
قۇرباتنىڭ چوڭ ئوغلى ئوتتىگىن ئۆزىگە قاراشلىق ئون ئۇغۇرلار بىلەن ئون ئۇغۇرىيىدە قېلىپ، قاسارلار تەۋەسىگە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى كوتىراغ بىر بۆلۈك قۇتۇغۇرلارنى باشلاپ شىمالغا مېڭىپ ئېدىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بويلىرىغا كېلىدۇ ھەمدە 461 ـ يىلى كۆچۈپ كەلگەن بىر قىسىم ئون ئۇغۇرلار، سىبىرلار ۋە ئەتراپتا ياشايدىغان بەزى فىن ـ ئۇغۇر قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئېدىل ۋە بۇلغار دۆلىتى قۇرىدۇ. بۇ خانلىقلار بەزىدە قاسار (ھازار) لار، بەزىدە موڭغۇللارغا قىسمەن بېقىندى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئالتە ئەسىر مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىيە 1400 ـ يىلىغا كەلگەندە تۆمۈرلەڭ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ[29].
قۇرباتنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئاسپارۇغ ئۆزىگە تەۋە ئون

ئۇيغۇرلار ۋە قۇتۇغۇرلاردىن 25 مىڭ ئاھالىنى باشلاپ، غەربكە كۆچۈپ، بالقان يېرىم ئارىلىغا كېتىدۇ. ئۇنىڭ بالقاندا ئىگىلىگەن زېمىنى يۇنان مەنبەلىرىدە «ئون ئۇيغۇرىيە» دەپ يېزىلغان. مىلادىيە VIII ئەسىردىن كېيىنكى غەرب تارىخى ماتېرىياللىرىدا «ئون ئۇيغۇر ۋە قۇتۇغۇرلار» دەپ خاتىرىلەنگەن[30]. ئەينى ۋاقىتتا بالقان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان سلاۋيان ۋە تىراك خەلقلىرى ئون ئۇيغۇرلار بىلەن قۇتۇغۇرلارنى ئۆزلىرىنى شەرقىي رىمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلغۇچىلار دەپ قاراپ، ئاسپارۇغ تەرەپكە ئۆتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئاسپارۇغنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغايغان. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى كونستانتىن مىلادىيە 679 - يىلى ئاسپارۇغ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان، لېكىن ئۇرۇشتا ۋىزانتىيە مەغلۇپ بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مىلادىيە 681 - يىلى شەرتنامە تۈزۈلۈپ، ۋىزانتىيە ھەر يىلى ئاسپارۇغقا باج تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە دوناي دەرياسى بىلەن بالقان ئارىسىدىكى زېمىنلارنىڭ ئاسپارۇغقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان[31]. لېكىن، ئون ئۇيغۇرلار بىلەن قۇتۇغۇرلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سلاۋيان مىللەتلىرى ۋە شەرقىي رىمنىڭ كۈچلۈك ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلا سلاۋيان ۋە شەرقىي رىم مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ[32].

قۇرباتنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى (ئىسمى نامەلۇم) ئۆزىگە تەۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى باشلاپ، غەربىي ۋېنگرىيىگە كېلىپ ماكانلىشىپ، ئاۋارلار ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن. ئۇنىڭ بەشىنچى ئوغلى (ئىسمى نامەلۇم) ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا قالغان ئون ئۇيغۇرلارنى باشلاپ شىمالىي ئىتالىيىگە بېرىپ، شەرقىي رىمنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن[33]. ئۇيغۇرلاردىن يەنە بەزىلىرى

ئوكرائىنا، مولداۋىيە ۋە ترانسلۋانىيىگە تارقىلىپ كەتكەن ۋە ناھايىتى تېزلا شۇ جايدىكى خەلقلەرگە سىڭىپ كەتكەن[34].

ئورال تاغلىرى بىلەن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن بويلىرىدا ئەسلىدە فىن ـ ئوغۇرلارغا تەۋە، مارى، ۋۇتياك ۋە ماجارلار ياشايتتى. مىلادىيە II ئەسىردە شەرقتىن كەلگەن ھونلار ئورال ۋە ئېدىل بويلىرىغا ئولتۇراقلىشىپ بۇ مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان. مىلادىيە 375 ـ يىلى ھونلار ۋېنگرىيىگە كۆچكەندە، بۇ يەردە قالغان بىر قىسىم ئاھالىلەر ماجارلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. مىلادىيە VIII ئەسىرگە كەلگەندە مانا شۇ ماجارلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، ئون ئوغۇرىيىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئون ئوغۇرىيىدە قاسارلارغا بېقىنىپ ياشاۋاتقان ئون ئوغۇرلار بار ئىدى. ماجارلار شۇلار تەركىبىگە قوشۇلۇپ «ئون ئوغۇر» دېگەن نامنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، مىلادىيە 997 ـ يىلى ئىستىۋان I ۋېنگرىيىدە ئون ئوغۇرخانلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ دۆلەت ياۋروپاغا «ھونگىر» دېگەن نام بىلەن تونۇلىدۇ، 1301 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولىدۇ.

## 5) غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەقدىرى

مىلادىيىدىن كېيىنكى چاغدىن مىلادىيە VI — VII ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار شەرقىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپا رايونىدا ماكانلىشىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە مىللەتلەرنىڭ زورىيىشى، يۈكسىلىشىگە غايەت زور ھەسسىلەرنى قوشۇپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى غەربكە، غەرب مەدەنىيىتىنى شەرققە يەتكۈزۈشتە ۋاستىلىك رول ئوينىغان. ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ تۈپ مىللەت گەۋدىسىنى مەردلىك بىلەن قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئاشۇ

www.uyghurkitap.com

رايوندا كېيىنكى زامانلاردا پۈتۈن ـ پۈتۈن شەكىللەنگەن بىر قاتار مىللەتلەرنىڭ بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىك ئەجدادى ، ئىتنىك قوۋم تەركىبى بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەن[35] . جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ھازىرقىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆز تەركىبلىرىنى ئاتا قىلغان.

ئۇنداق بولسا، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار زادى قايسى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

چيەن بوچۈەن ئەپەندى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى (قەدىمكى ئۇيغۇرلار) . . . تەدرىجىي ھالدا قازاق، ئۆزبېك، تاتار، ۋىنگىر، بۇلغارلارغا سىڭىپ كەتكەن دېسە، يەنە بەزى كىشىلەر ۋىنگىر، بۇلغارلاردىن باشقا چۇۋاش، باشقىرت، قازان تاتارلىرى؛ سلاۋيان مىللەتلىرى، ۋىزانتىيىدىكى بەزى مىللەتلەر ۋە ياۋروپادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ زورىيىشىغا ھەسسە قوشقان[36] ، دەپ قارىغان. ئۇلار يەنە ئەزەربەيجان، تۈركمەن ۋە تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ مىللەت تەركىبلىرىنىمۇ زورايتقان، دېيىشنىڭ ھەم مۇمكىنچىلىكلىرى بار.

بۇ يەردە بەزىلەرنىڭ ۋىنگىر، بۇلغار ۋە چۇۋاشلارنىڭ نامىنى ئوغۇرلار بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن مەسىلىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى روشەنلەشتۈرگىلى بولار.

تارىخشۇناسلار ئارىسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «ۋىنگىر» دېگەن نام «ئون ئوغۇر — ئون ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ تومۇرى بىر دېگەن قاراشمۇ بار. يەنى ئون ئوغۇرلار ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆز نامىنى «ھونئوغۇر» لار دەپ ئاتىغان ھەم ئۇلار قۇرغان دۆلەت ياۋروپاغا «ھونگىر» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. شۇ سەۋەبلىك لاتىنچە ئۇنگىر، نېمىسچە ئۇنگار، فرانسۇزچە ھونگروس ۋە رۇسچە

ۋېنگىر دېگەن ناملارنىڭ ھەممىسى ئون ئوغۇر (ھونۇغۇر) دېگەن نامنىڭ ھەر خىل ئوقۇلۇشىدىن ئىبارەت[37]، دېگەن قاراشنىڭ كېلىپ چىقىشىدا[①]ۋە ۋېنگىرلارنىڭ فىن - ئوغۇر تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە، جۈملىدىن ۋېنگىر تىلىدا تەلەپپۇز ۋە مەنە جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنە بىلەن ئوخشاش سۆزلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىسى بىلەن ۋېنگىر مۇزىكىسىدىكى يېقىنلىق ئەھۋاللىرى تولۇقلىما ماتېرىيال بولىدۇ.

بۇلغار نامىغا كەلسەك، بۇ نام دەسلەپتە مىلادىيە 480 - يىلى ۋىزانتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلگەن. ئۇ «بەلغۇر» يەنى «بەش ئوغۇر» ياكى «بەش ئوغۇز» دېگەنلىك ئىكەن[38]. يەنى ماتېرىياللاردا ئون ئوغۇرلارنىڭ «بولغار» دېگەن نامنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقىنىڭ نامى قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئۇچۇرلار بار.

باشقىرىت نامىنىڭمۇ ئوغۇر نامى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدە گەپ بار. مەسىلەن، ۋېنگىرىيىلىك شەرقشۇناس نېمېت 1929 - يىلى ۋېنادا ئېلان قىلغان «ماگنا ھونگارىيە» (بۈيۈك ۋېنگىرىيە) دېگەن ئەسىرىدە «باشقىرىت» سۆزى باشقىر — بەش ئوغۇر يەنى بەش ئۇيغۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن[39]. مىلادىيە Ⅷ ئەسىردە موڭغۇلىيىگە ساياھەتكە كەلگەن فرانسىيىلىك سەيياھ روبروك ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ئېدىل دەرياسىنىڭ باسكاتىر (باشقىرت) دۆلىتىدىن ئېقىپ چىقىدىغانلىقىنى ۋە بۇ يەردىكى مىللەتلەر تىلىنىڭ ھونۇغۇر (ئون ئوغۇر) لارنىڭ تىلى بىلەن بىر خىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ھەمدە باشقىرت دۆلىتىنى «بۈيۈك ھونگارىيە» دەپ يازغان.

---

① ۋېنگىر — ھونگىردىن كەلگەن، ھونگىر - ھون نامىدىن كەلگەن، ھون - كۈن دېگەن مەنىدە، دېگەن قاراشمۇ، ھون - موڭغۇلچە ئادەم دېگەن قاراشمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارىسى

# 4. ئۇيغۇرلار ۋە بالاساغۇن

ئوتتۇرا ئاسىيادا بالاساغۇن دېگەن مەشھۇر بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەر بىنا قىلىنغاندىن باشلاپلا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارا بالاساغۇن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە قويۇق بولغان. بۇ يەردە مۇشۇ نۇقتا بىر قانچە تەرەپتىن يورۇتۇلىدۇ.

بالاساغۇن تارىختا بىر قانچە خىل نام بىلەن ئاتالغان. بولۇپمۇ بالاساغۇن بىلەن قۇز ئوردۇدىن ئىبارەت ئىككى نامنىڭ پاراللېل قوللىنىلغانلىقى گەپنىڭ ئورامىنى بەلگىلەيدۇ. ئالدى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز: «قۇز، تەسكەي، قۇز تاغ — تەسكەي تاغ. ئۇنىڭدا ھەمىشە قار ئۆكسۈمەيدۇ ۋە سوغۇق بولىدۇ. ماقالىدە: قۇزدا قار ئۆكسۈمەس، قويىدا ياغ ئۆكسۈمەس — تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس، قويدا ياغ ئۆكسۈمەس» [40] دەپ مىسال كەلتۈرۈلگەن.

«ئوردۇ. ئوردا، خان شەھرى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خاقانلار تۇرىدىغان كاشغەر شەھرى ‹ئوردۇكەنت› دېيىلىدۇ»[41].

«ئوردۇ. بالاساغۇنغا يېقىن شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ ‹قۇز ئوردۇ› دېيىلىدۇ»[42].

«ئۇلۇس. يېزا، قىشلاق. چىگىلچە، بالاساغۇن بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئارغۇ شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىدا ‹ئۇلۇس› شەھەر دېمەكتۇر. شۇڭا، بالاساغۇن شەھىرى ‹قۇز

ئۇلۇس، مۇ دېيىلىدۇ»[43].

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار بايانلىرىدىن بالاساغۇنىنىڭ «قۇز ئوردۇ» دېگەن نامى بارلىقىدىن باشقا، «قۇز ئۇلۇس»[44] دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلسەك، پېرسىيىلىك تارىخچى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىدىن «قۇز بالىق» دېگەن يەنە بىر نامىنىڭمۇ بارلىقى بىلىنىدۇ[45].

روسىيىلىك شەرقشۇناس ۋ. ۋ. بارتولد «ئىسلام قامۇسىغا يېزىپ بەرگەن بالاساغۇن» ناملىق ماقالىسىدە «1218 ـ يىلى بالاساغۇن ھېچبىر قارشىلىقسىزلا چىڭگىزخان سەركەردىسى جۇبە نايان قولىغا ئۆتتى، موڭغۇللار ئۇنى ‹غۇبالىق› دەپ ئۆزگەرتتى» دېگەن بايانغا ئاساسەن بالاساغۇننىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا «غۇبالىق» نامىدا ئاتالغانلىقىنى بىلسەكمۇ، ئەمما بۇنىڭ كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكىنى دىققەتتىن يىراقلاشتۇرماسلىق لازىم، ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى «غۇبالىق» (گۇبالىق) ئاتالغۇسىنى بارتولد مىرخۇەندى (1433 — 1498) نىڭ «رەۋزە تۇسسەفا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 ـ توم 22 ـ بېتىدىن ئالغان بولسا كېرەك، يەنى مىرخۇەندى كىتابىدا موڭغۇللارنىڭ بالاساغۇننى «گۈزەل شەھەر» مەنىسىدە «گۇبالىق» دەپ ئاتىغانلىقىنى يازىدۇ. ئوبۇلغازى «شەجەرەئى تۈرك» تە ھەم شۇ مەنىدە چۈشەندۈرۈلگەن.

«غۇ (گۇ) بالىق» نامى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلىساق، بۇ يەردىكى غۇ ـ گۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى غۇز ـ قۇز ـ گۈزغا يېقىن تۇربدۇ. ئېھتىمال موڭغۇللار بۇ ئاتالغۇ بىلەن ئۇچراشقاندا بوغۇم ئاخىرىدىكى «ز» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى غۇ ـ گۇ (غۇبالىق ـ گۇبالىق) دەپ تەلەپپۇز قىلىشقان، بۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ، ئۇنى «گۈزەل شەھەر» دەپ چۈشىنىپ، باشقا مەنىدىكى ئىسمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن

بولسا كېرەك.

بالاساغۇن توغرىسىدا خەنزۇچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە تارىخىي ھۆججەتلەردىمۇ خېلى ئوبدان ئۇچۇرلار ساقلانغان. بىر قاتار تارىخىي ئەھۋاللارغا قارىغاندا بالاساغۇن يىپەك يولى، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ياكى مۇھىم ئۆتەڭ ـ بازار بولغان. تۈركەشلەر، ياغمىلار، توققۇز ئوغۇزلار، قاراخانىيلار ۋە قىتان خانلىقىنىڭ ئۇزۇن يىللار سىياسىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن. موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. قاراخانىيلارغا تەئەللۇق بىر قاتار ئالىملار، ئەدىبلەر، سەركەردىلەر دۇنياغا كەلگەن، شانلىق بىر شەھەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان.

بالاساغۇن توپونومىيىلىك — جۇغراپىيىلىك جايلاشقان ئورنى سۈپىتىدە زادى قەيەردە دېگەن مەسىلىدە تارىختىن بېرى ئوخشىمىغان قاراشلار تارقىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا موڭغۇللار ئىستېلاسىدىن كېيىن بۇ شەھەر تاشلىنىپ قالغان بولۇپ[46]، ئۇنىڭ نامىنى يادلاپ، ئىسىدە ساقلاپ تۇرىدىغانلار بۇ شەھەردىن كۆچۈپ كېتىپ، كىشىلەرگە ئېنىق ئۇچۇر قالدۇرالمىغان. ھازىرچە بالاساغۇننىڭ ئورنى توغرۇلۇق مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى بىرقەدەر پاكىتلىق دېيىشكە بولىدۇ. بىرىنچى، بالاساغۇن چۇ دەرياسى ۋادىسىنىڭ قىرغىزستان تەۋەسى بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بۇرانا (توقماق) خارابىسىدە[47]؛ ئىككىنچى بىر خىل قاراش بۇگۈنكى كاشغەرگە يېقىن ئاتۇش تەۋەسىدە[48]، دەپ ھېسابلاش.

مەن بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسىدە قەدىمكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە كۆپ تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ كەلگەنلىك ئەھۋالىغا قاراپ شۇنداق چۈشەنچىگە كەلدىمكى، بالاساغۇن ھەم ئۇنىڭ نامى تارىختا يۆتكەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى،

مۇنداق ئەھۋال شىنجاڭ، جۇملىدىن دۇنيا تارىخىدا بولغان. مەسىلەن، كۆپ مىساللاردىن مۇنداق بىر پاكىتنى سۆزلىسەك، تەكلىماكان چۆللۈكى — تارىم ۋادىسىدىكى تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە «مىرەن» شەھىرىنىڭ نامى پەقەت شىنجاڭغىلا خاس نام ئەمەس، ھازىر دۇنيادا «مىرەن» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردىن 33 ى بولۇپ، بۇنىڭ بەشى ئاسىيادا، تۆتى ياۋروپادا، 23 ى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا، بىرى ئافرىقىدا[49]. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، مەن بۇ مىسالنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق بالاساغۇن شەھىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا چەكسىزلەشتۈرۈۋەتمەكچى ئەمەسمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، بالاساغۇن يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغان، جۈملىدىن قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزىستان تەۋەسى بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بۇرانا خارابىسىدە بولۇشى كېرەك.

بالاساغۇن ۋە قۇز ئوردۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلار بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ شەھەرنى بىنا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆز تىلىدا ئىسىم قويغان. ئېلىمىزدە «ئىسىم ئىگىسىدىن كېلۇر» دەيدىغان قەدىمدىن قالغان بىر پرىنسىپ بار. بۇ پرىنسىپقا ھەممە كىشى رىئايە قىلىشى كېرەك. «ئىسىم ئىگىسىدىن كېلۇر» نىڭ مەنىسى «شەيئىلەر ئەسلىي ئىگىسىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر كۇڭزى بۇرۇنلا «نام ئىگىسىدىن كېلۇر، جۇڭگودىكى شەيئىلەرنىڭ نامى جۇڭگودىن كېلۇر» دېگەنىدى. ئۇنداق بولسا بىز «بالاساغۇن» شەھىرىنىڭ نېمە مەنە ئىكەنلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئىلگىرى بەزى ئالىملار «بالاساغۇن» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئەرەب[50]، پارس تىللىرىدىن ئىزدەپ كۆرگەن بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. كېيىنچە بۇ شەھەرنى بىنا قىلغۇچىلارنىڭ تىلىدىن ئىزدىنىپ كۆرگەندە

كىشىنى قايىل قىلىدىغان يەكۇنگە ئېرىشىلگەن. مەلۇمكى، بالاساغۇن شەھىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن يىللىرى (مىلادىيە 785 — 804 ـ يىللار) دىكى باش ۋەزىر گۇدەننىڭ خاتىرىلىرى ئاساسىدا پۈتۈلگەن «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە «裴罗将军城» (Feiluojiangjuncheng) شەكلىدە يېزىلغان. بۇنىڭدىكى «裴罗将军» دېگەن تۆت خەت «بويلا ساغۇن» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ، بۇ «بويلا» (裴罗) ۋە «ساغۇن» (将军) دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان. بۇ سۆزلەردىكى «بويلا ـ بۇيلا» «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دە ئەمەل نامى دېيىلگەن[51]، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بوي (قوۋم، خەلق) نى باشلىغۇچى، خەلق رەھبىرى دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان[52]. تۈركلوگ تومسۇن ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىل لۇغىتى» دە «بويلا» نى مۇنداق ئىزاھلىغان: يۇقىرى مەرتىۋىلىك رەسمىي ئۇنۋانلاردىن بىرى، قاغاندىن قالسا ئىككىنچى ئورۇننى تۇتىدىغان مەنسەپ بولۇپ، ئىلگىرى ھون ۋە تۈركلەردە قوللىنىلغان بۇ مەنسەپ، دەسلەپتە ئاغى ـ تاغى بولغان (ئىسيان كۆتۈرگەن) قوۋملارنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ «قوۋمنى يولغا باشلىغۇچى، توغرا يولغا سالغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە كېرەك. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە «بويلا» سۆزى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بالا» دەپ ئۆزگەرگەن، باشقا تىللاردا (مەسىلەن، خەنزۇچىدا پېيلا، غەربىي خەلقلەر تىللىرىدا «بەلا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان) بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن.

«ساغۇن» سۆزىگە كەلسەك، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەبىرى بويىچە (ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ سول يابغۇسى بولغان) قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان، ئۇ يەنە

تۈرك تېۋىپلىرى ئاتاساغۇن دېيىلىدۇ، دەپ ئۇنىڭ كۆپ خىل مەنىسىنىڭ (يەنىلا مەنسەپ ئۇقۇمىنى ئاڭلاتقان) بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ[53]. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا بىرقانچە خىل قاراش بار. بىرى، «ساغۇن» خەنزۇ تىلىدىكى «将军» (jiangjun) سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېيىلسە[54]، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا «相公» (ۋەزىر) دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراشنىڭمۇ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان[55]؛ يەنە بىرى «ساغۇن» سۆزىدىن «将军» سۆزى كېلىپ چىققان، دېگەندىن ئىبارەت[56]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ساغۇن» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى شەكلىدە ساقلىنىپ كېلىنگەنلىكى روشەنلەشمەكتە[57]. ئاقسۇ، خوتەن رايونلىرى ھەمدە قەشقەرنىڭ يېڭىسار، كوناشەھەر، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە ساغان، كەڭ ساغان، ساغان ئۆستەڭ دەپ ئاتىلىدىغان يېزا ـ كەنتلەر بار. بۇ تەرەپلەردە ساغان بىر خىل ئوتنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئەمەل، ئادەم ناملىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان ناملىرىدىن كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ماتېرىياللار بار. ساغان ـ ساغۇن ـ سوغۇن دېگەن ئاتالغۇلار ھەر دەۋردە ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ماس كېلىدۇ. مەيلى «بويلا»، مەيلى «ساغۇن» ئاتالغۇلىرى بولسۇن، بۇلار قەدىمكى تۈركلەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلار جۈملىدىن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىللىرىغىچە ئىزچىل ۋە كەڭ دائىرىدە قوللىنىپ كېلىنمەكتە. بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ نامى دەسلەپتە تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ. يەنى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ

www.uyghurkitap.com

غەربىي يۈزىنىڭ 6 ـ قۇرى بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزىنىڭ 16 ـ قۇرىدا «تونيۇقۇق بويلا باغاتارقان» دەپ، «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» 4 ـ قۇرىدا «ئانتابويلا» (ئۇ چاغدا بويلا)، «سۇجى مەڭگۇ تېشى» نىڭ 2 ـ قۇرىدا «بويلا قۇتلۇق تارقان» دەپ قوللىنىلغان. ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى خانى «قۇتلۇق بويلا» نامىدا ئاتالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ ھۆججەتلەردىمۇ «بويلا» سۆزىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك ف. ۋ. ك. مۇللېر نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ II تومىغا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە ھۆججەتتە «ئېل ئۆگەسى ئوتۇر بويلا تارقان» (elogasiotur buylatarkan)، «تاپمىش بويلا تارقان» (tapmis buyla tarkan) «ئاشپادا (ئاشپارا) بويلا» (aspada [aspara] buyla) «ئوتۇر بويلا تارقان» (Otu buyla taryan) دېگەنگە ئوخشاش. گېرمانىيىلىك ئا. ۋ. لېكوك تۇرپاندىن تاپقان مانى دىنىغا ئائىت بىر پارچە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرگە ئائىت پارسچە ھۆججەتتە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەلۇم بىر خاقانىنىڭ دەۋرىدىكى ئەمەل ـ دەرىجە ناملىرى قاتارىدا «بويلا» نامى ئۇچرايدۇ[58]. خەنزۇچە مەنبەلەردە بولسا ئاتا بويلا (阿多裴罗)، قۇتلۇق بويلا (骨力裴罗)، بويلا چور (裴罗啜)، بويلا تارقان (裴罗达干) دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار «بويلا» ئاتالغۇسى دەسلەپتە سۇلى (كاشغەر) دە ياشىغان يەرلىك قوۋم تىلىدا قوللىنىلغان دەپ قاراپ، بۇنىڭغا سۇلى خانلىقىنىڭ خان جەمەتى مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا « 裴 » (Fei) سۆزىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى، يەنى سۇلىلىق ئەدىب ۋە سەنئەتكارلاردىن فېي خۇيلىن (裴惠琳، 737 — 820 ـ يىللار)، فېي شىڭفۇ (裴兴符)، فېي شىڭنۇ (裴兴奴)، فېي شەنسەي (裴善才)

قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىدىكى « 裴 » خېتى «بويلا» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە قىسقارتىپ يېزىلىشى دەپ ھېسابلىغان[59]. بۇنىڭدا دىققەت قىلىنىدىغان ۋە ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتا بار. بىرىنچى، ئورقۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا قوللىنىلغان «بويلا» سۆزى خەنزۇچە يېزىلغاندا « 裴罗 » خېتىنى تاللىغان. بۇ سۇلى خان جەمەتىگە قارىتىپ ئىشلەتكەن « 裴 » خېتى بىلەن ئوخشاش. پەقەت « 罗 » خېتىلا قىسقارتىلغان. بۇ يەردىكى ھەر ئىككىلا خەنزۇچە خەتلەر «بويلا» سۆزىنىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنىشى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ياردىمى بار، ئەلۋەتتە. ئىككىنچى، سۇلى خانلىقىدا « 裴 » (بويلا) سۆزىنى فامىلە قىلغان زاماندا، بۇ ئەلنىڭ تىلى تۈركىي (ياكى ئۇيغۇر) تىلى بولمىسا، قانداقسىگە ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىر سۆزى سۇلى خانلىقىدىكى غەيرىي ئۇيغۇر تىللىق قوۋم تىلىدا قوللىنىلسۇن، « 裴 » خېتى بىلەن « 裴罗 » خېتىنى «بويلا» دېگەن سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك شەكىلدە يېزىلغان دېيىشكە ئاساسى تولۇق ئەمەس، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. دۇرۇس، شۇنىسى ئېنىقكى، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرى ۋە شۇ دەۋرلەردە سۇلى خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن ئەمەس ئىدى. يەنى بۇ يەردە ھۆكۈمەت تىلى غەيرىي ئۇيغۇر تىلى ئىدى. بىر قىسىم ئالىملار ئەينى چاغدىكى سۇلى قوۋمىنى ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئارىيان تىلى تارمىقى ساك تىلىنىڭ سۇلى تىلى دىئالېكتىكىسىدا سۆزلىشەتتى[60]، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى مەن قوللاش تەرەپدارى بولمىساممۇ، ئەمما قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىللىرىدا ئارىيان تىللىرىغا خاس ياكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ تىللىرىغا خاس سۆز ـ ئاتالغۇلار

www.uyghurkitap.com

يامان ئەمەس سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

dada (دادا، ئاتا) ، ئىنگلىز تىلىدا dad/dada ، ۋېدا تىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 يىللار بۇرۇنقى تىل) دا tata ، خەنزۇ تىلىدا 大大 ( 爹爹 ) [61] ،

mada (مادا ـ مەدە، ئانا ئېشەك، ئېشەكنىڭ چىشىسى) ، madam — madame (ئىنگلىزچە) خېنىم، ئاغىچا (ئايال جىنسقا قارىتىلغان) ؛ mother ئانا، ma — mamma (ئانا، ئاپا ئىنگلىزچە) ،

Padar ( Padar بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم تىل ئادىتىدە دادا، چوڭ دادا مەنىسىدە) ، pidar (ساك تىلىنىڭ سۇلي ـ تۇمشۇق دىئالېكتىسىدا) ؛ pitar (ساك تىلىنىڭ ئۇدۇن تىلى دىئالېكتىسىدا) ؛

buradar (دوست، ئۇلپەت، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا) ، bradar (قېرىنداش، سۇلي — تۇمشۇق دىئالېكتىسىدا) ، bratar (قېرىنداش، ئۇدۇن تىلى دىئالېكتىسىدا) ؛

Kant (كەنت، يېزا — هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، شەھەر قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا) . Katha (شەھەر، سۇلي — تۇمشۇق دىئالېكتىسىدا) ؛ Kantha (ئۇدۇن دىئالېكتىسىدا) [62] ؛

Kara (قارا، قارا رەڭ) . Khara (قارا، ئۇدۇن تىلى دىئالېكتىسىدا) ، Krisa – khara (قەندىھار تىلىدا) Krsna (قارا، سانسكرت تىلىدا)[63] ؛

bax (بەش) ، bisa (سۇلي ـ تۇمشۇق دىئالېكتىسىدا) ، bissa (ئۇدۇن دىئالېكتىسىدا) pis (بەش، توخار تىلىنىڭ B دىئالېكتىسىدا) ؛

gilm (گىلەم، زىلچا، پالاس) . Kilyamya — glyamya (گىلەم، پالاس، قەندىھار تىلىدا) ، gilim (پالاس، گىلەم، پارس تىلىدا)[64] ؛

tonur (تونۇر) ، tannur (ئوچاق، قەدىمكى سۇمېر

تىلىدا)؛
toru — toru (قانۇن، مىزان، بەلگىلىمە، ئادەت. . . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا)، tør (ئۆينىڭ تۆرى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا)، torah (قانۇن، قانۇننامە، ئىبرانى تىلىدا)؛ twere (ئۆينىڭ تۆرى، توخار تىلى B دىئالېكتىسىدا)، d[b] uer (ئىشىك، ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىدا) [65]؛
(muli پۇل، قارۇشتى يېزىقىدا) پۇلى ـ پۇل، تۈرك، ئۇيغۇر تىلىدا[66]؛
بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «بويلا» سۆزىنىڭ ئورقۇن ۋادىسى، يەتتە سۇ ۋە سۇلې دائىرىسىدە قوللىنىلغانلىقى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئەمەس.
«بويلا» سۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا مۇنداق ئۈچ خىل ھالىتى مەۋجۇت. 1) جاي نامى. كاشغەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكرەم يېزىسىدا «بويلا» دېگەن بىر كەنت بار. 2) تۆگىنىڭ بۇرنىدىن تېشىپ چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ يېتىلەيدىغان ئىشنى «بويلاڭدىن تارتىش» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن تۆگىنىڭ بۇرنىدىن تەشكەن تۆشۈكنى «بۇيلا ـ بۇيلاڭ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. 3) «بويلا» پېئىل بولۇپ، دەريا بويلىما، ئۆزىنى بويلىماق «بوي ـ بويلا» سۆزى بىلەن تومۇرداش.
«ساغۇن» سۆزى قەدىمدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىستېمالىدا كۆپ قوللىنىلغان. بۇنىڭ باشلىنىشى «بالاساغۇن» شەھىرىنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنىپ، ئۇنىڭغا خاس ئىسىم قويۇلۇشى دېيىلسە، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ تا ھازىرقى زامانغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى بىر تارىخىي پاكىت. تۇتۇ يازغان «سوڭنامە» نىڭ 490 ـ جىلد، 8 ـ بېتىدە بەگ ساغۇن (梦索温) ناملىق بىر قوچو ئەمەلدارى تىلغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىنغان. شەرقشۇناس پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن تېپىپ «3046» نومۇر قويغان بىر پارچە ئۇيغۇرچە تېكىستتە «قۇت ساغۇن» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان. پېللىئوت بۇنى 1008 ـ يىلىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر ۋەزىرىنىڭ ئىسمى دەپ شەرھلىگەن. «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە مىلادىيە 1009 ـ يىلى «بۇ ئەلدىكى قاراخان پادىشاھى ئۇيغۇرلا (بويلا) ساغۇن قاتارلىقلارنى سوۋغات بېرىشكە ئەۋەتتى» ( 回鹘罗斯温 ) دەپ يېزىلغان بولسا، يەنە شۇ كىتابتا 1063 ـ يىلىدىكى ئۇدۇن ئەلچىسىنىڭ ئىسمى «لا (بويلا) ساغۇن» ( 罗撒温 )، 1072 ـ ۋە 1077 يىلىدىكى ئەلچىنىڭ ئىسمى «لا (بويلا) ئارسلان ساغۇن» ( 罗阿厮难撒温 )، «ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارى ئارۇن دىن ساغۇن» ( 于阗国大首领阿令颠额温 )، گەنجۇ (شاجۇ، قوچو ۋە كۇسەنلەرمۇ بار) ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا دائىم كۆرۈلىدىغان «سوغۇن ۋەزىر» ( 娑温宰相 ) («سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىلىرى» 宋会贾 ) دا «بوۋىن» ( 婆温 ) دېيىلگەن، (بۇ يەردە «سۇڭنامە» دىكى خاتىرىگە ئاساسلىنىلدى)، «سوغۇن ۋەزىر كىجۇل يو» ( 左温宰相何居禄越 )، «ۋەزىر سوغۇن سوگۇ» ( 宰相索温守贵 )، «ۋەزىر سوغۇن ئى» ( 宰相撒温讹 )، «قوچو ئېلى... تۇتۇق مەي سوغۇن» ( 高昌国...都督麦索温等 )، «كۇسەن ئېلى... ۋۇ سوغۇن» ( 龟兹国...吴索温等 )، «شاجۇ پۇگۇدۇلى سوغۇن» ( 沙州符骨笃末似婆温等 )، قاتارلىقلاردىكى « 婆温 » [So—Uan]، « 撒温 »، (So—uan) « 索温 »، [tso—uan] « 主温 » [sa — uan] قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ... «Sangun» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى. [67]بۇنى ئالىملار ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى ئورتاق قوللىنىلىدىغان ۋەزىر نامىدىن بىرى دەپ قارىغان (خامىلتون سۆزى)[68] لوسوغۇن ( 罗斯温 )دىكى لو( 罗 ) بولسا « 裴罗 » (بويلا) نىڭ قىسقارتىلمىسى بولسا كېرەك. خەتلەرنى قىسقارتىپ يېزىش

خەنزۇ تىلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ يەردىكى «罗»، «罗 裴» دىكى «罗» بىلەن بىر خەت. بۇ يەردە «سۇڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «ئۇدۇندىكى قاراخان پادشاھ ئۇيغۇر بويلا سانغۇن قاتارلىقلارنى سوۋغات بېرىشكە ئەۋەتتى»، ‹其国(于阗)黑韩王遣回鹘罗斯温等以以方物来贡› دېگەن تارىخىي خاتىرىلەرگە دىققەت بىلەن قاراشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا. يەنى «بويلاساغۇن» دېگەن بۇ نام قاراخانىيلار دەۋرىدە ئومۇمىيۇزلۇك قوللىنىلغان. قارا خانىيلارنىڭ خوتەن رايونىدىكى ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا قوللىنىلغانلىقى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلايدۇ.

تارىخشۇناس چيەن بوچۈەن «سۇڭنامە» دىكى «回鹘罗斯温» نى باشقىچە ئۇسلۇبتا شەرھلەيدۇ. ئۇنىڭچە «罗斯温» (Losowen) دېگەن ئاتالغۇدىكى «罗» (Lo) «药罗葛» (ياغلاقار) دېگەن خەنزۇچە ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئۇدۇن خانى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ ئۇيغۇرچە ئەمەل نامى «ئۇيغۇر ياغلاقار ساغۇن» دىن ئىبارەت ئىكەن[69]. بۇ خىل قاراش، بىزگە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان «罗斯温»، «罗撒温» دېگەن ئاتالغۇلار بەزىدە «بويلا ساغۇن»، بەزىدە «ياغلاقار ساغۇن» نىڭ قىسقارغان شەكلى تەرىزدە قوللىنىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغاندەك قىلىدۇ.

«قۇز ئوردۇ» نىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ ئىكەنلىكى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. «قۇزبالىق» تىكى «بالىق» ئوخشاشلا قەدىمكى تۈركىي، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى تولىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ، «بالىق — ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە دەپ ئاتىغان، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ‹بەشبالىق› دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ. بۇ ‹بەش شەھەر› دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى ‹ياڭى بالىق› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ‹يېڭى شەھەر› دېگەن بولىدۇ»[70]دەيدۇ. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرى زامانىسىدا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد كاشغەرى «بالىق» تىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنى ئۇيغۇرلار بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك قىلىپ شەرھلەپ يېزىشى، ئەينى زاماندا شەھەر قۇرۇش ۋە شەھەرلەردە ياشاش قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭلا دائىملىق تۇرمۇش ئادىتى بولۇپ قالغانلىقىنى، باشقا بەزى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تېخىچە بۇنداق سەۋىيىدىكى تۇرمۇشقا كۆنەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئىزاھلىغان «بالىق» ماددىسىدىكى «تۈرك» نامى بولسا قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت ئۇيغۇرلار يەنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلەندۇرۇلۇپ ئاتىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە ئالىملار ئارىسىدا پرىنسىپال ئىختىلاپ يوق.

«قوز ئۇلۇس» تىكى «ئۇلۇس» قاراخانى ئۇيغۇرلىرى ۋە قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇنۇملۇك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن بىر ئاتالغۇ. ئەھمەد زەكىنىڭ بايانىچە ئۇنىڭ يەنە «ئۇلۇش ـ ulux» شەكلىمۇ بولغان. يەنى «ئۇلۇش ـ ئۇلۇس» دېگەن شەكلىدە ھەم قوللىنىلغان. مەھمۇد كاشغەرى «ئۇلۇش ـ ئۇلۇس» ئوق، ھەسسە، خەلق ئارىسىدا ھەسسە ئايرىش دەپ كېلىپ، بۇنىڭ ئەسلىي شەكلى «ئۇلۇك» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان[71].

«ئۇلۇس» نىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغانلىقى توغرۇلۇق يازما ھۆججەتلەر خېلى بار. مەسىلەن، ف. لېكوك تەمىنلىگەن T.M.176 نومۇرلۇق مانى يېزىقىدا يېزىلغان قىسقا پۈتۈكنىڭ ئاخىرىدا «قوچو ئۇلۇس

ئىكى ئوتۇز بالىق قۇتى ۋە شىسكى» (قوچو ئېلى ۋە يىگىرمە ئىككى شەھەرنىڭ بەخت ھامىسى) دېگەن جۈملىلەر يېزىلغان بولسا، موللىر 1915 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى ئۇيغۇرچە تاختا خەت» ناملىق ماقالىسىنىڭ 26 ـ بېتىدە «ئەل ئوغاسى ئالپ تۇتۇغ ئۆگە قۇتلۇق قوچو ئۇلۇسۇغ» دېگەن خەتلەر بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ «ئۇلۇس» سۆزى ئىشلىتىلگەندىن باشقا، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇس» تارىخىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندىن سىرت، ئۇنىڭ «ئۇلۇش ـ Ulux» شەكلى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدە دائىم قوللىنىلىدۇ.

دېمەك، بالاساغۇن (بويلا + ساغۇن — ساغان)، قۇز ئوردۇ (قۇز + ئوردا)، قۇز بالىق (قۇز + بالىق)، قۇرئۇلۇش (قۇز — ئۇلۇش + ئۇلۇش — ئۇلۇس) دېگەن سۆزلەر قەدىمدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئادەتلىرىگە پۈتۈنلەي ماس بولغان ئومۇمىي ھادىسە.

بالاساغۇن ئۇيغۇرلار قۇرغان شەھەر، قاراخانىيلار زامانىسىدا بالاساغۇننىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

بالا ساغۇن شەھىرىنىڭ ئەسلىي ئورنىدا بىرەر بازار ـ ئۆتەڭ ياكى شەھەرنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقى توغرۇلۇق تارىختا ھېچقانداق ماتېرىيال يوق، توغلا ۋە ئورقۇن ۋادىسىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن «بالا ساغۇن» دېگەن بىر شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان. زامان ـ زامانلاردىن بېرى ھېچقانداق بىر قەبىلە ياكى قوۋم بۇ يەردە بىرەر بازار ياكى كىچىك شەھەر قۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ياكى بۇنداق بىر خاسىيەتلىك ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ھەم قولىدىن كەلمەيۋاتقان بىر شارائىتتا ئۇيغۇر خانى يىراقنى

كۆرەرلىكى ۋە يۈكسەك ئىستراتېگىيىلىك مەيداندا تۇرۇپ، «بالا ساغۇن» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ شەھەرنى بىنا قىلىپ، تارىختا ئۈچمەس ئابىدە تىكلەپ، كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى خەلقلەرنى سۆيۈندۈردىغان، ئىپتىخارلىنىدىغان خاسىيەتلىك شەھەر سۈپىتىدە تونۇتقۇزدى. يەنى بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرۇلۇق بىر خاتىرە پېرسىيىلىك تارىخچى جۇۋەينى (1226 — 1286) «تارىخى جاھان گۇشايى» (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى) ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان.

«بۆگۈخان تۈركىستان چېگراسىغا بارغاندا، ئوت - سۇلىرى ئەلۋەك، ئىنتايىن گۈزەل بىر تۈزلەڭلىكنى كۆرگەن. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ بالا ساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلغان. ھازىر بۇ شەھەر ‹قۇزبالىق› (Quz — Baligh) دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۆگۈخان تۆت ئەتراپقا قوشۇن ماڭدۇرۇپتۇ. 12 يىل ئىچىدە ئۇلار كۆپ ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، قارشىلاشقۇچى ۋە بويسۇنغۇچىلاردىن بىرەر كىشىنىمۇ قالدۇرماپتۇ... بۆگۈخان سەپىرىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپتۇ. قۇزبالىقتىن قايتىشنى نىيەت قىلىپ ئاخىر ئەسلىي ماكانىغا قايتىپ كېلىپ، جايلىشىپتۇ»[72].

بۇ خىل مەزمۇندىكى خاتىرە يۇقىرىقىدىن باشقا ئەرەب تارىخچىسى ئىبن ئەل ئاتىھىر (1160 - 1233) نىڭ «كىتاب ئال كامىل فىت تارىخ» ناملىق كىتابىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

بۇ خاتىرە بالا ساغۇن شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك يېگانە خاتىرە بولۇپ، ئۇ بالاساغۇننىڭ تارىخى ئۆرنىنى بەلگىلەشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بۆگۈخان دېگەن خاقان زادى قايسى ئۇيغۇرخاننى بىلدۈرىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈزۈندىن بېرى

تېپىشماق خاراكتېرىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، تارىختا بىر قانچە ئەۋلاد ئۇيغۇر خانلىرى بۆگۈخان دەپ ئاتالغان. ئىلمىي خادىملار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خاتىرە ۋە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد خاقانى بايانچور (مويونچور، قارا قاغان، مىلادىيە 747 — 759 ـ يىللىرى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان) نى بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بىنا قىلغۇچىسى، دەپ قارىماقتا[73]. چۈنكى، بايانچور خاقان مىلادىيە 747 ـ يىلى ئون ئوقلار يېرىگە كەتكەن قارلۇقلارنى تارمار قىلىپ «ھۆكۈمرانلىقىنى يەنسەي ۋادىلىرىدىن چۇ، تالاس ھاۋزىسى، مەركىزىي ئاسىيا ۋە كىرولونغا قەدەر كېڭەيتكەن»[74]، يەنى بايانچور ئەينى چاغدا «كەڭ كۆلەمدە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قارلۇق ۋە ئون ئوقلارنى بويسۇندۇرۇپ، غەربتە تاكى ماۋەرائۇننەھرگىچە بېرىپ بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغان»[75].

مەسىلە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلسا، بەزىلەر «بۆگۈ» تۈرك خانلىقى زامانىسىدا خان، شاھزادىلەر ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلگەن نام؛ يەنە بىرى جۇۋەينى خاتىرىسىدە «ئۇيغۇر خانى بۆگۈخان» دېگەن كونكرېت ئېنىقلىما بېرىلمىگەن، دېگەن گۇمانى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ مۇمكىن. بىز تارىخىي ماتېرىياللارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىگىمۇ كۆڭۈلىمىز ئەمىن تاپقۇدەك جاۋاب تاپالايمىز. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى (1736 — 1796) دا يېزىلغان «پادىشاھلىق زېمىن غەربىي يۇرتىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (皇舆西域图志) ناملىق كىتابتا «بويلا ساغۇن شەھىرىنىڭ قورغۇچىسى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان كۆل بويلا بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا سۇياپ دەرياسى ۋادىسىدا شەھەر بىنا قىلدۇرغاچقا، قەدىمدە بۇ شەھەر بويلا

ساغۇن شەھىرى دېيىلىدۇ»، دېگەن پاكىتلىق ھۆججەت بار.

بالا ساغۇن شەھىرىنى تىلغا ئالغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ بىلەن ئاچا ـ سىڭىللاردەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان بارسغان شەھىرىنىڭ ھەم تارىخىي ئورنىنى قىسقىچە بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بارسغان ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، قاراخانىيلار زامانىسىدا چوڭ شەھەرلەردىن بولغان، يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى. بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ئاپتورلار خاتىرە قالدۇرغان. مەھمۇد كاشغەرى بۇ شەھەرنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان:

«بارسغان ئافراسىياب ئوغلىنىڭ ئىسمى. بارسغان شەھىرىنى شۇ كىشى سالدۇرغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولغان. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ شۇ يەردە يىلقا باققان، كېيىن بۇ يەر شۇنىڭ ئىسمى بىلەن بارسغان دەپ ئاتالغان»[76].

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ خاتىرىسىدە مۇنداق ئىككى خىل مەزمۇن بار. بىرى، بارسغان ھاۋاسى ياخشى كاشغەرنى «ئوردۇكەنت» قىلىپ سەلتەنەت سۈرگەن ئافراسىياب زامانىسىدىلا مەۋجۇت بولغان؛ يەنە بىرى، ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ شەھەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىغا كەلگەندە، بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلغان ئۇيغۇر خاقانى ئۆزىنىڭ خانلىق يىلقىسىنى باققان بارسغان ئىسىملىك ئات باقارىنىڭ نامى بىلەن ئەسلىي شەھەرنىڭ ئورنىدا يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلغان.

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىككى، بۇ يەردىكى «ئات باقار» ئادەتتىكى چوپان ئەمەس، ئاددىي بىر چوپاننىڭ نامى بىلەن بىر شەھەرگە نام بېرىش قەدىمكى زاماندىكى بىر فېئودال

پادىشاھنىڭ ئىرادىسىگە ماس كەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى «ئات باقار» يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەلدار. بۇنى بىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «ئەل - aL» دېگەن سۆزىگە بەرگەن مۇنۇ شەرھىسىدىن ئۇچۇق بىلىمىز:

«ئەل ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. ‹ئات باقار› نى ‹ئەل باشى› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ ‹ۋىلايەت باشلىقى› دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ‹ئات باقار› دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ»[77].

دېمەك، بارسغان ئۇيغۇر خانىنىڭ يەتتەسۇ ئۆلكىسىگە قويغان ۋالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك خىزمىتى شەرىپىگە بارسغان شەھىرى بىنا قىلىنغان. ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا خاقانلار ئۆز نامىدا خانىش - قاتۇنلار نامىدا، تېگىن - شاھزادىلەر نامىدا، جۈملىدىن خان جەمەتىنىڭ يۇقىرى تەبىقە مۆتىۋەرلىرى نامىدا شەھەر بىنا قىلىش بىر ئەنئەنىۋى ئادەت بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 5. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان. بۇنىڭدا بالاساغۇننىڭ بىنا قىلىنىشى مۇھىم يىپ ئۇچى قىلىنغان.

بالاساغۇن بىنا قىلىنغاندىن تارتىپ تا قىتان خانلىقى زامانىسىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر جەريان ئىچىدە ئۇنىڭ ۋە ئۇ مەركەز قىلىنغان رايونلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. بۇلارنىڭ ئاساسىي ئاھالە بولۇش ھالىتى ۋە يېتەكچىلىك رول ئويناش ھادىسىسى بالاساغۇن شەھىرى بىنا قىلىنىشى بىلەن تەڭ باشلانغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار. بۇ توغرۇلۇق تۆۋەندە پاكىتلىق ماتېرىياللار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن چۈشىنىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇرلار ئېلىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن باشلاپ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، مىڭ نەچچە يىللىق تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى دىڭلىڭلار (丁零)، ئېگىز ھارۋىلىقلار (高车، 勒敕)، تېلىلار (铁勒) دىن باشلاپ ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن[78].

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يىللاردىن باشلاپلا بالاساغۇننىڭ جۇغراپىيىلىك رايون چەمبىرىكى بولغان يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا جانلىق ۋە ئۇنۇملۇك پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن:

فىبي سوڭ نەقىل ئېلىپ ئىزاھلىغان «ۋېي سۇلالىسى خاتىرىلىرى. غەربىي روڭلار ھەققىدە قىسسە» (裴松之注引《魏略. 西戎传》) «خۇدى (خۇگې ـ ئوغۇز) لار خانلىقى پامىرنىڭ شىمالىغا، ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىغا، كانگىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئەسكىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق»، «دىڭلىڭلار خانلىقى كانگىيە (سەمەرقەنت) نىڭ شىمالىغا جايلاشقان، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار» دەپ يېزىلغان.

ئوغۇزلار سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە بەنگۇنىڭ «خەننامە» سىگە «ئۇجىې ـ ئۇگې» (乌揭)، «خۇجىې ـ خۇگې» (呼揭) دەپ پۈتۈلگەن. ئالىملار بۇ قوۋملار تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى[79]. ئۇجىې ـ خۇجېلار بولسا ئوغوز ـ ئوغۇر ياكى «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ ھېسابلاشتى[80]. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى» [81]، دېيىشى قەدىمكى زامانلاردا «ئۇيغۇر» بىلەن «ئوغوز» نىڭ ئەمەلىيەتتە بىر ئىسىمنىڭ ئىككى خىل يېزىلىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئېلىمىز ئالىملىرىدىن پروفېسسور ماچاڭشۇ بىلەن پروفېسسور سېن جۇڭمىيەنلەر بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ ھېسابلايدۇ. «ئوغۇزنامە» دىمۇ بۇ نۇقتا روشەن ھالدا يورۇتۇلغان.

يۇقىرىقى نەقىلدە تىلغا ئېلىنغان كانگىيە ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمكى ئەل. بۇ دىڭلىڭلار قايسى ۋاقىتتا كانگىيەگە بېرىپ

ئورۇنلاشقان. ئۇلارنىڭ نوپۇسى قانچىلىك، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغان. بۇ مەسىلە توغرۇلۇق «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» دا ئېنىق بايان بېرىلگەن.

بۇ يەردە تېخىمۇ كونكرېت بايان قىلىنىدىغان مۇنداق بىر قانچە نۇقتا بار. بىرى، يەتتە سۇ ۋە سۇغدىيانا يەنى ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى دىڭلىڭلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن تارتىپ تا تاڭ سۇلالىسى زامانىسىغىچە ئاشۇ زېمىندا داۋاملىق ياشاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ نوپۇسى ناھايىتى كۆپىيىپ، توققۇز ئايماقتىكى ئاساسلىق قوۋم بولۇپ قالغان؛ ئىككىنچى، ئورقۇن ۋادىسىنى مەركىزي ئۆلكە قىلىپ خانلىق تىكلىگەن، شىمالىي دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى «ئۇيغۇر» نامى ئاستىدا مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، يىپەك يولىدا يېڭىۋاشتىن جانلانغاندىن كېيىن غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان توققۇز جاۋۇپ غوزلىرىمۇ شەرقىي شىمالدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى بايبالىق ـ ئوردۇ بالىق (قارا بالغاسۇن) شەھىرىنى مەركەز قىلىپ خانلىق تىكلىگەندە ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەبلەردىن باشقا، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئويلىشىپ كۆرگەن ئاساستا، كۆپ قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە موڭغول يايلاقلىرىدىن زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يېڭىۋاشتىن بۇ ئۆلكىلەرگە كېلىپ ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىگىلىك تىكلەپ، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە كۈچ چىقارغان. بۇنىڭدا مۇنداق پاكىتلار بار:

1. بايانچور خاقان تەختكە چىقىپ مىلادىيە 747 ـ يىلى

بىر قىتىم غەربكە يۈرۈش قىلىپ، چۇ، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە ئۇ يەردە بالاساغۇن شەھىرى قاتارلىقلارنى بىنا قىلغان.

2. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 9 ـ ئەۋلاد خانى سۆيىنگىل خاقان (795 ـ 805 ـ يىللىرى خان بولغان) زامانىسىدا ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى 2 ـ قىتىم كەڭ كۆلەملىك غەربكە يۈرۈش قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كۇسەن ۋە بالاساغۇن، سىر دەرياسى ساھىلى ھەتتا ھىندىستان ۋە پېرسىيىنىڭ چېگرىلىرىغىچە يېتىپ بارغان[82]. يەنى ئىنچۇ دەرياسى (سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ساھىلىدىكى نارىن دەرياسى) ۋە پەرغانە ئەتراپلىرىغىچە باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان[83].

3. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ـ تاشقى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 840 ـ يىللارغا كەلگەندە مۇنقەرز بولۇپ، ئۈچ ـ تۆت تارماققا بۆلۈنۈپ، جەنۇب ۋە غەربكە قاراپ كۆچكەندە بىر تارماق يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ئويمانلىقىغا بارغان ھەم ئۇلار بۇ يەردە تېزلىك بىلەن ھۆكۈمران قەبىلىگە ئايلانغان. بۇ بىر تاسادىپىلىق بولماستىن، بەلكى تارىخىي ئايلىنىش. يەنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆچۈپ بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئالتاي ۋادىسى، يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، دېڭلىڭلارنىڭ قالدۇق قەبىلىلىرى ۋە قارلۇقلار، ياغمىلار، چىگىللەر ۋە تۈركەشلەر بار ئىدى. قارلۇق، ياغما، چىگىل ۋە تۈركەشلەر باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە ياشاش جەريانىدا «ئۇيغۇر» نامى ئاستىدا ئۆز ناملىرىنى يوقاتتى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى زورايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 6. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

**1) غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرى ۋە ئۇيغۇرلار**

مىلادىيە 840 ـ يىللىرى ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇملىرى سەۋەبلىك ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەن. ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكى ھەققىدە «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە «پانتېگىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە قارلۇقلار يۇرتىغا كەتتى» دېيىلگەن.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پانتېگىننى بەزىلەر قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قورغۇچىسى دەپ قارىسا، بەزىلەر، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەنە بەزىلەر گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ ھېسابلايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، پانتېگىن 15 قەبىلىنى باشلاپ، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن يېڭى بىر ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي پانتېگىن جەمەتى ئىككى جەمەتكە ئايرىلىپ، بىر تارماق جەمەت قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى، بىر تارماق جەمەت قاراخانىيلار سۇلالىسىنى شەكىللەندۈرگەن. چەت ئەل ئالىملىرى، بولۇپمۇ ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ ئىككى خانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەپ ئاتىشى مۇشۇنداق بىر ھادىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولسا كېرەك.

بىرقاتار تارىخىي ماتېرىياللاردا قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن

قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىلىرى ئېنىق پەرقلەندۇرۇلمەي، ئارىلاش بايان قىلىنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم روشەنلەشتۇرىدۇ. بۇ توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا كەلسە، تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىپەك يولىدا تۇتقان ئورنى بەك مۇھىم بولغان. ئۇلارنىڭ جەنۇبىتىكى چېگراسى كۇسەن (كۇچا) غىچە يېتىپ بارغان. غەربىي چېگراسى تولىمۇ كەڭ بولغان. ئۇ كۇچەيگەن چاغلاردا يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر ئەتراپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاجىزلاشقان چاغلىرىدا بۇ رايوندىكى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئۆز ئالدىغا سۇيۇرغاللىق يۈرگۈزگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتە قىممەتلىك خاتىرىلەر ساقلانغان. مەسىلەن، X ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دە تۇرپان (چىنچىكەنت)، بەشبالىق (پەنجىكەنت) توققۇز ئوغۇزلار پايتەختى»، «تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدە بۇ ئۇلۇس (توققۇز ئوغۇز) ئەڭ چوڭى، توققۇز ئوغۇزلار قەدىمدىن باشلاپ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر قوۋم، قەدىمكى زامانلاردا پۈتۈن تۈركىستان پادىشاھلىرى توققۇز ئوغۇزلاردىن چىققان. ئۇلار ئۇرۇشقا ناھايىتى ماھىر بىر قوۋم، زور مىقداردىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان»[84].

«توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە چىن ئېلىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تىبەتنىڭ بىر قىسمى ۋە قارلۇقلار بىلەن، غەربىي قىسمى قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى، شىمالىي تەرىپىمۇ قىرغىزلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ»[85]. يەنە مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇج ئەد داخاب»، «ئالتۇن يايلاق» (947 — 944 - يىلى)، گەردىزىنىڭ «زەينۇلئەخبار» (1048 — 1052) ناملىق كىتابلىرىدا پەرغانە ۋە تاشكەنت ئەللىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋەلىكى تىلغا ئېلىنغان. مەسئۇدى مۇنداق يازغان: «توققۇز ئوغۇزلار خوراسان بىلەن چىن ئېلى ئارىلىقىغا جايلاشقان. . .

بۇگۈنكى كۈنلۈكتە (مىلادىيە 934 — 944 ـ يىللار كۆزدە تۇتۇلغان ـ نەقىلچىدىن) پۈتۈن تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدە ئەڭ جاسارەتلىك، ئەڭ كۈچلۈك، ھەرقانداق خانلىقتا قارىغاندا ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلغان بىر خانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»، «ئۇ خانلىق چىن ئىلى بىلەن خۇراسان ئارىسىدىكى دەشتى باياۋان ئوتتۇرىسىدا. ئۇ ئۇيغۇر خاقان (Uyghurkhan) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدە ھېچكىممۇ بۇ خاقان بىلەن ئۇرۇش ـ تالاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ»[86]. ئىبىن ھەۋقەل (Ibn Hauqal) ئىشلىگەن «دۇنيا خەرىتىسى» دە سىر دەرياسىدىن مەركىزىي جۇڭگوغىچە بولغان كەڭ زېمىن ئۈستىگە «توققۇز ئوغۇز» ئىبارىسى چۈشۈرۈلگەن[87]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز ئوغۇز» «ئۇيغۇر» نامىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. قوچو ئۇيغۇرلىرى، جۈملىدىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ غەربىي چېگراسىنىڭ غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىمۇ ئۇقۇشلۇق ئىبارىلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1127) نىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى 980 ـ يىلى يازغان «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش» ناملىق كىتابىدا قوچۇ ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ «زېمىنى جەنۇبتا خوتەنگىچە، غەربىي جەنۇبىي ئەرەب ـ پارسقا، غەربىي ھىندىستان، پىشاۋۇر، قارلىقتاغ (ھىندىقۇش)، كۆكئارت تېغىغا تۇتاشقان، مىڭلىغان يول ئۇزۇنلۇقتا» دەپ يازغان. قەدىمكى بىر ئۇيغۇرچە ھۆججەتتىمۇ غەربىي چېگرا تاشكەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چىرچىككىچە بارىدۇ[88]، دېيىلگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇپ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قاراخانىيلار بىلەن «بەشبالىق (ياكى قوچو - نەقىلچى) نىڭ خانلىق جەمەتى بىر مىللەت ئىدى»[89]. ئۇلار ئوخشاشلا «توققۇز ئوغۇز ياكى توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى»[90]، «ئۇلار ئارىسىدا XI ئەسىرنىڭ بېشىدا دىنىي زىددىيەت كۈچەيگەندە بىر پۈتۈن غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ئىككىگە ئايرىلىپ كەتكەن»[91]. دېمەك، خېلى بىر مەزگىل بىر پۈتۈن ئۇيغۇر - توققۇز ئوغۇزخانلىقى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان چېغىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرى بۇ خانلىقنىڭ تەركىبىدە بولغاندىن باشقا، ئالتاي ۋادىسى، يەتتەسۇ، پەرغانە قاتارلىق جايلارمۇ ئوخشاشلا بۇ خانلىق تېررىتورىيىسى ئىچىدە بولغان، ئىككى خانلىق بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن كۈچىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، شىنجاڭغا قوشنا غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى باشقۇرغان، بەزىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى باشقۇرغان. بولۇپمۇ XI ئەسىرلەردىن كېيىن بۇ رايوندا قاراخانىيلارنىڭ تەسىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن.

## 2) قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، قاراخانىيلار خان جەمەتى ئۇيغۇر ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى قەبىلىسى خان چىقىدىغان قەبىلە ئىدى، دېگەن مەسىلە. چۈنكى، بۇ نۇقتا بۇ يەردىمۇ بىر قېتىم ئېنىقلىنىۋېتىلمىسە، ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان قاراشنىڭ قاراتمىلىقى روشەنلەشمەي قالىدۇ. شۇ نەرسە ئايدىڭكى، «ئۇيغۇر» نامى ھەم قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى، ھەم ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدىكى بىر يېتەكچى قەبىلە «ئۇيغۇر» دېگەن نامدا ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نامدىن باشقا «توققۇز

www.uyghurkitap.com

ئوغۇز» دېگەن ئورتاق نامدىمۇ ئاتالغان[92]. توققۇز ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدىكى «ئۇيغۇر» دېگەن ھۆكۈمران بىر قەبىلە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «توققۇز ئوغۇز» دېگەن نامنىمۇ ئىشلەتكەن[93]. مەھمۇد كاشغەرى ئىسلام ئېتىقادى تەسىرىدىن شىمالدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبلىك ئارىدا كۆرۈلگەن نىزاغا ئاساسەن قاراخانىيلار زېمىنىدىكى توققۇزئوغۇز (ئۇيغۇر) لارنى «تۈرك»، بۇ خانلىقنىڭ خان جەمەتى قەبىلىسىنىمۇ «تۈرك» دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە زامانىمىز تارىخشۇناسلىرىنىڭ قارىشىدا ئىختىلاپ يوق.

قاراخانىيلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر خانلىق بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر، بىر قىسىم ئالىملار ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىشكەن. بەزىلەر «ياغما» قەبىلىسى خان جەمەت قەبىلىسى ئىدى، دېگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ پاكىت ئاساسى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك قوللاشتىن خېلىلا يىراق. قازاقىستان ئالىمى ئۇ. مەمەتاخونوۋ[94]، جۇڭگو ئالىملىرىدىن ۋاڭ رېفى (1935 ـ يىلى)[95]، فېڭ جياشېڭ (1958 ـ 1981)[96]، لى فۇتۇڭ (1963 ـ يىلى)[97]، فەن ۋېنلەن (1965 ـ يىلى)[98]، لىيۇيىتاڭ (1975 ـ يىلى)[99]، ۋاڭ جىژلەي (1977 ـ يىلى)[100]، تاڭ كەيجىئەن، ۋاڭ شۇكەي (1984 ـ يىلى)[101]، لىيۇ زىشاۋ (1985 ـ يىلى)[102]، ۋېي لياڭتاۋ (1986 ـ يىلى)[103]، ياڭ شىڭمىن (1991 ـ يىلى)[104]، لىن گەن، گاۋ زىخۇۋ (1995 ـ يىلى)[105]، ئىبراھىم مۇتىئى (1996 ـ يىلى)[106]، چېيەن بوچۇەن (1997 ـ يىلى)[107] قاتارلىقلار ئۇيغۇر قەبىلىسى خان جەمەتى قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى بىردەك كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بەزى غەرب ئالىملىرىمۇ ئاللىبۇرۇن بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگەن.

ياپونىيە ئالىملىرىدىن كۇۋاتا روكۇرو ـ ساڭتىيەن

ليـۇلاڭ ( 桑田刘郎 )[108]، ئابـى تاكېـئو - ئەنبـۇجيەنفۇ ( 安部健夫 )[109]، مـورى ياسـۇ تاكـاۋ - سېـن ئـەنشـياۋفـۇ ( 森安孝夫 )[110]قاتارلىقلارمۇ غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ، پامىرنىڭ غەربىدە تەسىرلىك پائالىيەتلەرنى قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ ئالىملارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئۇيغۇرخان جەمەت قەبىلىسى دېيىشتە بىرەر پاكىتى بارمۇ؟ ئېنىقكـــى، ئۇلار پاكىتسىز گەپ قىلمايدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئىلمىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدە ماتېرىياللار بار. بۇنىـڭدىن باشقا شەرقشۇناس مىنورىسكى ( Minoriskiy ) نىڭ «مەرۋەزىنىـڭ چىن، تۈركىيە ۋە ھىندىستان ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 12 — 21 - بېتى (1942 - يىلى لوندوْن نەشرى) دە مۇنداق بىر جۈملە گەپ بار بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ:

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن لياۋ (قىتان) سۇلالىسىنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىدى، ئەرەبلەردىن مەرۋەزى (Marvazi) نىـڭ خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، لياۋ سۇلالىسىنىڭ شېڭ زوڭ خانى تەيپىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 1024 - يىلى) بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئافغانىستاندىكى غەزنەۋىلەر سۇلالىسىگە ئەۋەتكەندە، سۇلتان مەھمۇد (930 — 998 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) قا بىر پارچە مەكتۇپ ئېلىـــپ بارغان بولۇپ، شۇ خەتتە دېيىلىشىچە، قىتانلار مەلىكىسى ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى قادىرخان ( Kadirhan ) نىڭ ئوغلى چاغرىتېگىنىگە ياتلىـــق قىلـــىنغان. قادىرخان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، غەزنەۋىلەرگە بارىدىغان يولنى ياساتقۇزغان، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكـــى ئەلچىلەرنىڭ بېرىپ كېلىشى ئاسانلاشقان»[111].

دېمەك، «ئۇيغۇر قاراخانىيلار» دېگەن سۆزنى مەرۋەزى

كىتابىدا تىلغا ئالغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىتانلار خانى شىڭ زوڭنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن يازغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس.

خەتتە تىلغا ئېلىنغان «قادىرخان» يۈسۈپ قادىرخان بولۇپ، ھەقىقەتەن ئاشۇ يىللاردا چوڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ۋە كاشغەردىكى ئوردىدا تۇرغان. تۇتۇنىڭ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» ( 辽史 ) 16 جىلد، «شىڭ زوڭ 7 ـ» خاتىرىسىدە قاراخانىيلارنىڭ قىتانلاردىن مەلىكە سورىغانلىقى (مىلادىيە 1015 ـ يىلى)، مىلادىيە 1021 ـ يىلىغا كەلگەندە بىر مەلىكىنىڭ ياتلىق قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە بار. بۇ مەرۋەزىنىڭ دېگەنلىرىگە ماس كېلىدۇ. قاراقىتانلار پادىشاھىنىڭ «ئۇيغۇر قاراخان» دېيىشى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئورقۇن ۋادىسىنى مەركىزىي رايون قىلىپ خانلىق تىكلىگەندە قىتانلار 100 يىلغا يېقىن ئۇيغۇرلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 840 ـ يىللىرى بۇ ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن قىتانلار زېمىنىدە ئەمەل تۇتقان ئۇيغۇرلار بىر قانچە جەمەت بولۇپ شەكىللىنىپ، قىتانلار بىلەن بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇلۇجەمەتى قىتانلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن قۇدا ـ باجا بولىدىغان جەمەتكە ئايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى قىتانلار دۆلەت قۇرغان 200 يىللىق تارىختا 9 نەپەر داڭلىق ئۇيغۇر خانىش، 22 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئۆتكەن. قىتانلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندىن كېيىن دەسلەپكى چاغلاردا قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە قاراخانىيلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىغان.

بىرىنچى، قىتان خانلىرىنىڭ ئانا جەمەتى ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېسسىيات جەھەتتىنمۇ يېقىنلىق ھېس قىلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننى تارىخقا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا «ئۇيغۇرقاراخان» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك.

ئىككىنچى، مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» (Murudjadh — dhab)
ناملىق كىتابىدا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانى «Uyghurkhan» دەپ
ئاتىلىدۇ دېيىلگەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار
سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى توققۇز ئوغۇزلار بولغانلىقى
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خاقانىنىڭ «ئۇيغۇرخان» دەپ ئاتىلىشى تارىخىي
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

ئۈچىنچى، مىلادىيە X — XI ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار
ئارىسىدا «ئارسلان» ئېتىقادچىلىقى بەكلا كۈچىيىپ كەتكەن.
بۇ غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىنجاڭغا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلارغا
كۆچكەندىن كېيىن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۆزگىچە مەدەنىيەت
ھادىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. بۇ خىل
ھادىسە مىللەت، خاقان ناملىرىغا «ئارسلانخان» سۆزىنى
قوشۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ھەم ئەينى
شارائىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتا قۇرغان ھەر قايسى
خانلىقلىرى ئارىسىدىكى ئېتنىك ئوخشاشلىقىنى
روشەنلەشتۈرىدىغان ئېنىق بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.
قاراخانىيلار «ئارسلان قاراخان» ۋە «ئارسلان ئىلىك» دەپمۇ
ئاتىغان[112]. قوچو (شىجۇ 西州 — غەربىي ئوبلاست) ئۇيغۇرلىرى
«ئارسلانخان» (师子王阿厮兰汉)[113] دېيىلگەن. كۇسەن
ئۇيغۇرلىرى «ئۆز ئېلىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئارسلانخان»
دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىشكەن. ئۇدۇن خانى (其国自称师子王)[114]
ۋىسارا تەڭرىخان ياكى ۋىسارا سامخاۋا (即李圣天尉迟缚婆 ،
912 — 966 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.) مۇ
«ئارسلانخان» دەپ ئاتالغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھەم
«ئارسلان ئۇيغۇر» نامى بولغان بولۇپ، ئۇلار «گەنجۇ
ئۇيغۇر ئارسلان قەبىلىسى» (甘州回鹘阿萨兰部)
دېگەن نامنى ئىشلەتكەن[115]. ئومۇمەن، غوبى ئۇيغۇرلىرى
غەربىي يۇرتقا سۈرۈلگەندىن كېيىن «لياۋ سۇلالىسى

تارىخى» ( 辽史 ) ، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ( 宋史 ) قاتارلىق خەنزۇچە كلاسسىك كىتابلاردا «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى ( 阿萨兰回鹘 ) ، «ئۇيغۇر ئارسلان» ( 回鹘阿萨兰 ) دەپ، ئۇلارنىڭ خانلىقلىرى (مەسلەن، قوچو ئۇيغۇر ئىلى، گەنجۇ ئۇيغۇر ئىلى قاتارلىقلار) «ئارسلان ئۇيغۇر ئىلى» دەپ ئاتالغان[116] .

غەربىي يۇرتتا شەكىللەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قانچە خانلىقلىرىدىكى ئاساسىي ئاھالىنىڭ «ئارسلان» غا بولغان چوقۇنۇشى ياكى ئۆز مىللىتى ۋە خانلىرىنىڭ نامىنى «ئارسلان» بىلەن سۈپەتلەپ ئاتىشى «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى» ( 西回鹘国 ) دەۋرىدە تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان ھادىسە بولماستىن، بەلكى بۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدىن باشلانغان. ھەتتا ئۇنىڭ تارىخى مىلادىيىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇنقى چاغلارغا تۇتىشىدۇ. مەسىلەن، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ( 史记 ) ، بەنگۇنىڭ «خەننامە» ( 汉书 ) دېگەن كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالتاي تېغى ئەتراپىدا ياشىغان خۇجى ( 呼揭 — غۇز) ، تەڭرىتېغىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان ئۇجى ( 乌揭 — ئوغۇز) لار شىرغا چوقۇنغان، «شىر ئۇلارنىڭ تۇتېمى بولۇپ، بىزەكلەرگە ئۇلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلەتتى»[117] ، مىللىي ئېتىقادتا قايتا ھاياتىي كۈچىنى بەرىق ئۇرغۇزۇش مىللەتلەر تارىخىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار بىر قانچە يىرىك قەبىلىلەردىن شەكىللەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشىمىغان تۇتېمغا چوقۇنغان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى مىللىي ئېتىقاد مەركىزىگە يىغىلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرغان. «ئارسلان» (شىر) غا چوقۇنۇش ئۇيغۇر مىللىتىگە قېتىلغان غوللۇق قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ تۇتېمى بولۇپ IX — XII ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇ خىل ئېتىقاد قەبىلە



www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد دەرىجىسىدىن ھالقىپ، مىللىي ئېتىقاد ھالىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان.

تۆتىنچى، خەنزۇچە كلاسسىك تارىخنامىلەردە غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈلۈشى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مول ماتېرىياللار ساقلانغان.

غوبى ئۇيغۇرلىرى قۇرغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ غەرب تەرەپتە تىزگىنلەپ تۇرغان يەرلىرى پۈتكۈل جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى، كىنگىت (قاراشەھەر)، كۇسەن ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى ئىسسىقكۆل رايون (قاتارلىق جايلار) نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ رايونلاردا ئاساسەن قارلۇقلار، ياغمىلار ۋە چىگىللەر ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا بېقىندى قەبىلىلەر ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ بېقىندى قەبىلىلەرگە نازارەتچى بەگلەرنى ئەۋەتەتتى ياكى ئۇلارنى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرەتتى ۋە بۇ ئاقسۆڭەكلەرنى مىراسخور ئاقساقاللاردىن قىلىپ تەيىنلەيتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن «ھودۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا «پۈتۈن تۈركىستاندىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىلىرىدىن ئىدى»[118]، دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 840 ـ يىلى پانتېگىن 15 قەبىلە ئۇيغۇرنى باشلاپ غەربكە كۆچتى. ئۇزۇن ئۆتمەي (يەنى 856 — 857 ـ يىللىرى) پانتېگىن (庞特勒) ئۆزىنى «خاقان» دەپ ئاتاپ غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئاساسىنى سالغان.

تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە پانتېگىن بىر قانچە غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغۇچى دېگەن قاراش بار:

1) پانتېگىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى[119].

2) پانتېگىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

قـۇرغـۇچـىـسـى[120] .

3) پانتېگىن كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى.

4) پانتېگىن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى.

ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالغا قارىغاندا پانتېگىننى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئورتاق قۇرغۇچىسى بولسا كېرەك دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار. غوبى ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچكەندە، پان تېگىن باشچىلىقىدا ئەنئەنىۋى يايلاق يولى بىلەن مېڭىپ ئاۋۋال بەشبالىققا يېتىپ بارغان. ئۇلار يېتەرلىك ئوتلاقلارنى ئىگىلەش مەقسىتىدە تەدرىجىي يوسۇندا تارقاقلاشقان. بىر بۆلۈك قەبىلىلەر داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلەپ، پامىرنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كىرگەن ھەمدە ئاساسەن ئىسسىقكۆلنىڭ ياقىسىغا ۋە ئىلى دەرياسى جىلغىلىرىغا ئورۇنلاشقان[121] . بۇ ئۇيغۇرلار كېيىنچە پامىرنىڭ غەربىدىكى قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۈگۈنكى شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە قېلىپ كىنىگتىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ جىلغىسى بىلەن بەشبالىقنىڭ ئەتراپىغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان.

Ⅸ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا پانتېگىن كىنىگتتە ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئېلان قىلغان. چۈنكى، غوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆگە تېگىننى خاقانلىققا كۆتۈرگەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆگە تېگىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. 856 ـ يىللىرىدىن كېيىن پانتېگىن ئۆزىنى خاقان دەپ جاكارلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي پۈتۈنلەي دېگۈدەك شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا يۆتكىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ غەربكە يۆتكەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ،

ئىككىنچى يىلىلا پانتېگىنگە پەزىلەتلىك قۇرغۇچى ( 怀建 )
خاقان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بېرىدۇ. پانتېگىن خاقان دەپ
ئاتالغاندىن كېيىن غەربكە كۆچكەن بارچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
ئۇنى ئۆزلىرىگە سەركەردە قىلىپ قۇتلۇقلايدۇ. بۇلار ئاساسلىقى
خېشى كارىدورى، پامىرنىڭ غەربىي ۋە بۇگۇنكى شىنجاڭ
چېگراسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىدى. نەتىجىدە كەڭرى
تېررىتورىيىگە چېچىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پانتېگىن
باشچىلىقىدىكى غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى شەكىللەندۇرگەن.
بۇ ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى مەركىزىي كىنگىت ئىدى[122].

كېيىنچە، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى،
قاراخانىيلار خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ خان
جەمەتلىرى پانتېگىن يېتەكچىلىك قىلغان ئۇيغۇر خان جەمەتىدىن
بۆلۈنۈپ چىققانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. «سۇڭ
سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق بىر
خاتىرە بار: «دەسلەپتە، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن، ئۇرۇق –
قەبىلىلىرى چېچىلىپ كەتكەن، گەنجۇدا خاقان ( 可汗王 )
بولغان، شىجۇ ( 西州، غەربىي ئوبلاست — قوچو) دا
خاقان ( 克韩王 )، شىنفۇجۇ ( 新复州 ) دا خاقان ( 黑汗王 )
بولغان.» بۇ يەردىكى « 可汗 » (Kehan)، « 克韩 »
(Kehan)، « 黑汗 » دېگەن خەنزۇچە ئاتالغۇلارنى كۆپچىلىك
ئالىملار تەكشۈرۈپ ئۇيغۇر تىلىدىكى «خاقان» دېگەن سۆزنىڭ
ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ يېزىلىشى دەپ قاراشتى. شىنفۇجۇ
ئۇدۇننى كۆرسىتىدۇ، دېيىلىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى
1006 ـ يىلى ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن
كېيىن ئۇ رايون «Yangi Kutcub» (يېڭى قۇتلۇق ئايماق)
دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇ نام خەنزۇچە « 新复州 »
دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئىسىمدىكى « 复 » ئەسلىي خەنزۇچە
«قۇتلۇق» مەنىسىدىكى « 福 » بىلەنمۇ يېزىلغان[123]، خەنزۇچە

www.uyghurkitap.com

تارىخنامىلەرگە «يېڭى قۇتلۇق ئايماق» مەنىسىدە « 新复州 » دەپ يېزىلغان[124]. دېمەك، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى بايان قىلغاندا، شىنفۇجۇ (ئۇدۇن)، شىجۇ (قوچو) ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلغان بولۇپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى» دىن ئىبارەت سەۋەبنى شەرت قىلغان. پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى 840 ـ يىللاردىن كېيىن رەسمىي ئۇيغۇر ( 回鹘 ) لارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. شۇڭا، «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ئۇدۇننىڭ خانلىرى «تۈركلەر بىلەن تۇبۇت بەگزادىلىرى، دىن بولىدۇ» دېيىلگەن[125]. (بۇ يەردىكى تۇبۇتلار ئۇدۇندا قېپقالغان قالدۇق تۇبۇتلەر) نى كۆرسىتىدۇ. تۈركلەر بولسا مەزكۇر رايوندا ئەسلىيدىن ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ۋە غەربكە كۆچۈپ بۇ يەرگە كەلگەن غوبى ئۇيغۇرلىرىدىن ئىبارەت.

بەشىنچى، X — XII ئەسىرلەردىكى يەنى بەش دەۋر ( 五代 ، 907 — 979 ـ يىللىرى) ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (960 ـ 1279 ـ يىللىرى) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇدۇننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ۋىسارا تەڭرىخان (لى شىڭتيەن) نىڭ بەزى ئەھۋاللىرىدىن قاراخانىيلارنىڭ ۋاسىسالىقىدا بولغان ئۇدۇننىڭ مىلادىيە 840 ـ يىللاردىن كېيىن رەسمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى بولۇپ ئالماشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇ يىللاردا ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمران جەمەتى ئىچىدە تەڭرى ( 天圣 ) خاقان ( 可汗 ) ئارىسلان، ئالتۇنخان ( 金汗 )، تەڭرى قۇنچۇي ( 天公主 ، تەڭرى خانىش) (ياغلاقار ساغۇن، قۇتلۇق ( 福 ـ Kutlug ) دېگەن ئاتالغۇلار ئالاھىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ غوبى ئۇيغۇرلىرىدىن تارىخىي ۋارىسلىق قىلىنغان ئاساستا قوللىنىلىپ كېلىنگەنلىكىنى

ئالىملار يېتەرلىك ماتېرىياللار بىلەن دەلىللەپ چىققان. ئۇدۇننىڭ ئەڭ داڭلىق خانى ۋىساراسامخاۋا (لى شېڭتيەن) نىڭ ئەمەل - مەنسەپ، سەلتەنەت ناملىرى، ئۆرپ - ئادىتى، ئوردا قەسىرلىرى، رەسىملەردىكى قىياپەت - كۆرۈنۈشلىرىدىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ[126].

تۈتۈ يازغان «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە 1009 - يىلى «بۇ خانلىقنىڭ خاقانى (黑韩王) ئۇيغۇر ياغلاقار (بويلا؟) ساغۇن (回鹘罗斯温) نى ئۇلپان تاپشۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن» دېگەن خاتىرە بار. مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن يۈسۈپ قادىرخان X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇدۇننى بويسۇندۇرغان. سۇڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدىكى «黑韩王» نىڭ قاراخانىيلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇدۇن ھاكىمىيىتىنىڭ خەنزۇچە ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ، بەزى ئالىملار «خاقان»، يەنە بەزى ئالىملار «قاراخان» سۆزىنىڭ يېزىلىشى دەپ قارىشىدۇ. يۈسۈپ قادىرخان ھۆكۈمرانلىقى بۇ ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئەينى چاغدا سۇڭ سۇلالىسى ئوردا مۇئەررىخلىرى ئۇلارنى «ئۇيغۇر» (回鹘) دەپ ئالاھىدە ئىسىم بىلەن تارىخنامىگە پۈتكەن. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى پەۋقۇلئاددە ئۆمەك بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ ئۇدۇننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن سۇڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان. ئۇنىڭغا «ئۇيغۇر ياغلاقار ساغۇن» ئۇنۋانلىق يۇقىرى تەبەقە - خان جەمەتى ئېسىلزادىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن.

ئالتىنچى، ئىجتىمائىي ئېتىقاد ۋە بەزى ئادەتلەر جەھەتتە غوبى ئۇيغۇرلىرىدىن «توققۇز ۋەزىر» ئارقىلىق خانلىقنى باشقۇرۇش ئەنئەنىسىنى خانلىق باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلغان.

بۇ ئادەت قوچو ئۇيغۇرلىرى، قاراخانىيلار، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغان.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «ئارسلان» (شىر) ئېتىقادچىلىقىدىن باشقا بۆرە، چاغىرى (توغرۇل ياكى شۇڭقار)، ئات، بۇغرا قاتارلىق هايۋانلارغا ئېتىقاد قىلىش، بۇ خىل ئېتىقادنىڭ مۇهىم بىر ئىپادىسى، بۇ خىل هايۋانلارنىڭ نامىنى ئەمەل ـ مەنسەپ، سەلتەنەت نامى قىلىپ قوللىنىش قاراخانىيلار هۆكۈمرانلىرى ئىدېئولوگىيىسىدىكى مۆتىۋەر ئالامەتلەر سۈپىتىدە نامايان بولۇشى ئۇنىڭ غوبى ئۇيغۇرلىرىدىن باشلانغان ئېتىقاد هادىسىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن.

«قۇت» (بەخت) ئېتىقادچىلىقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەنىۋى دۇنياسىنىڭ بۆلەكلىرىگە مەهكەم چىرماشقان. غوبى ئۇيغۇرلىرى نەزىرىدە قۇت ئېتىقادچىلىقى يېتەكچى مىللىي ئېتىقادنىڭ مۇهىم ئېلېمېنتى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسىگە يېقىن بىر تاغنى ئۇيغۇرلار مۇقەددەس تاغ دەپ تونۇپ ئۇنى «قۇتتاغ» (胡的答哈) دەپ ئاتاپ، ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرىنى مەزكۇر تاغنىڭ كۆركەملىكى ۋە دەخلى ـ تەرۋزسىزلىكىغا باغلاپ قارىغان. بۇ خانلىقنىڭ بىرقانچە خانلىرى «قۇتلۇق» نامى بىلەن ئاتالغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بەزىدە «ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دەپمۇ ئاتالغان. (大福大回鹘国) بۇ خانلىقنىڭ خانلىرى دائىم ئۆز ئىسمىغا «قۇتلۇق» نامىنى قوشۇپ ئاتىغان. «يېڭى قۇتلۇق ئايماق» قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 1006 ـ يىلى ئۇدۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇ يەردىكى ۋىسارا جەمەتىنى ئىمتىيازدىن بىكار قىلىپ، ئۇيغۇر سەردارىنى خان قىلىپ تىكلىگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر خانى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇدۇنغا بەرگەن يېڭى نامدىن ئىبارەت. بۇلار «قۇت» ئېتىقادچىلىقىنىڭ غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىكى ئۇيغۇر قوۋمىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە

تۇتقان ئورنىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن بىرى بولسا، يەنە بىر ئالامىتى ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇت چۈشەنچە» سىنى يۈكسەك دەرىجىدە سىستېمىلاشتۇرۇپ ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىدېئولوگىيىلىك چۈشەنچىسىگە كۆتۈرگەن.

يەتتىنچى، «قاراخان» (ياكى قاراخانىيلار) دىن ئىبارەت خانلىق نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخ مەنبەسى جەھەتتە. قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇلۇغ خانلىرىنىڭ ھەممىسى «قاراخان» نامىنى قوللانغان. مەسىلەن، قاراخان، ئارسلان قاراخان، تابغاچ بۇغراقاراخان دېگەنگە ئوخشاش. مەزكۇر خانلىقنىڭ نامى مەنبەلىرىدە ھەر خىل ئاتالغان. ئالىملار، جۈملىدىن ئەڭ دەسلەپتە فرانسىيە ئالىمى يۈسۈف دىگۇيگىنىس (J. Deguignes) «ھونلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە خىلمۇخىل ناملار توغرىسىدا تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بۇ خانلىقنىڭ نامىنى «قاراخانىيلار سۇلالىسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. مانا مۇشۇ «قاراخانىيلار» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تارىخشۇناسلاردىن ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىقلار ئۇنىڭ «كۈچلۈك»، «باتۇر»، «ئۇلۇغ»، «ئالىي» دېگەن مەنىلىرى بولۇش بىلەن بىرلىكتە، بۇ نام ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ناھايىتى شۆھرەت قازانغان دەسلەپكى خاقانى كۆلبىلگە خاقاندىن كېيىن بۇ خانلىققا ئاساس ئورنىتىپ، ئۇنى گۈللەندۈرگەن ئەجدادى مويۇنچۇر (بايانچۇر) قاراخاقان (مىلادىيە 759 — 774 ـ يىللار) نى ئەسلەش ھەم ئۆزىنىڭ يېڭى قۇرغان بۇ خانلىقنى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن قوللانغان بولسا كېرەك، شۇڭا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئورقۇن

www.uyghurkitap.com

ۋادىسىدىن كۆچۈپ كېلىپ، ئەڭ دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان بالاساغۇن شەھىرىنى بېسىۋېلىش بىلەنلا، ئۆزىنى «قاراخان» دەپ ئېلان قىلغان، دەپ ھېسابلىشىدۇ[127].

يۇقىرىقىلار مۇشۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىسقىچە مۇلاھىزىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ئەتراپلىقراق مۇلاھىزە ۋە قاراشنى تارىخشۇناس ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدىن ئوچېرىكلار» (魏良 《喀喇汗王朝史稿》) ناملىق كىتابىدا 12 تۈرلۈك نۇقتا ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇ يېقىندا ئېلان قىلغان «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسىدە ئۆز كۆزقارىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلىدى[128].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلىمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: ئۇيغۇرلار (قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ) قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان»[129].

دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى قىلىنغان، تارىخشۇناس شۆ زۇڭجېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيەت تۇرمۇش تارىخى» ناملىق كىتابىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق يېزىلغان:

«قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكىلەر بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرى ئوخشاشلا مۇستەقىل قەدىمكى مىللىي ئورتاق گەۋدە ياكى تۈپ گەۋدە بولۇپ، ئالاھىدە تارىخىي مەزگىلنىڭ مەھسۇلى». بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بۇ ئىككى تۈپ گەۋدە ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىنىڭ بىر قىسمى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئىككى چوڭ تۈۋرۈك، بولۇپمۇ قاراخانىيلار مەدەنىيەت سىستېمىسى يېقىنقى زامان

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان[130].

## 3) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى باشقا قەبىلىلەر

قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئۇيغۇلاردىن باشقا يەنە قانداق قەبىلىلەر بار، ئۇلار ئاساسىي گەۋدە قەبىلە (مىللەت) بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگىمۇ قانداق؟

لىن گەن، گاۋزىخوۋ «ئۇيغۇر تارىخى» (回纥史) ناملىق كىتابىدا بۇ خانلىق تەۋەسىدە ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇرلاردىن باشقا قارلۇق، ياغما، غۇز، چىگىل، تۈركەش، سوغدى قاتارلىقلارنى سانىغان بولسا، شۆزۇڭجىڭ قاتارلىقلار «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيەت تۇرمۇش تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلاردىن سىرت قارلۇق، ياغما، تۈركەش، چۇمۇل، چىگىل، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، سوغدى، ئۇدۇن ساكلىرى قاتارلىق ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەر، خەنزۇ، تۈبۈت، چىياڭ قاتارلىق خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بارلىقى سۆزلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە مەلۇم نىسبەتتە ئوغراق، تاتار، چارۇق قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. چيەن بوچۈەن «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدىكى غەربىي يۇرتتىكى داشى ئېلى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە ئاساسىي گەۋدە مىللەت ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاجىك، ياغما، قارلۇق قاتارلىقلار بارلىقىنى تىلغا ئالغان.

دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئارىسىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى ياكى بۇ خانلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدە مىللىتى مەسىلىسىدە «ئۇيغۇر» دەپ قارىغۇچىلاردىن باشقا يەنە ياغما دېيىش، قارلۇق دېيىش، چىگىل دېيىش ئايرىم

ئەھۋاللاردا كۆچەپ تەكتىلىنىۋاتقان نۇقتىلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ قەبىلىلەرنىڭ بىرەرسىگە تەئەللۇق قىلىش بىلەن، بولۇپمۇ قارلۇق قەبىلىسى دېيىش ئارقىلىق، قارلۇقلار، قازاقلار، ئۆزبېكلەر ياكى قىرغىزلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان دېگەن قاراشنى ئاساس قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق قاراخانىيلار ئەدەبىي مىراسلىرىنى يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى دېگەن دەۋانىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولماقتا. ئۇنداق بولسا بۇ قەبىلىلەرنىڭ قاراخانىيلار زامانىسىدىكى ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقايلى.

قارلۇقلار. قارلۇقلار ئەسلىي تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويغان. شۇ چاغدا ئۇلار ئۈچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى بولغان ئېگىز قاڭقىللارنىڭ فۇلو (伏罗部) قەبىلىسىنىڭ كېيىنكى پۇشتىدىن ئىدى. مىلادىيە 742 ـ يىلى شەرقىي قىسمىدىكى قارلۇقلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى ئاشىنانى خان قىلىپ تىكلىگەن. 2 يىلدىن كېيىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى كۆل بويلانى خان قىلىپ تىكلەپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. 10 يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر خانى قاراقاغان بەشبالىق ئەتراپىدىكى غەربىي قىسىم قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ قارلۇقلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن تارىخنى بىرگە يارىتىش پائالىيىتى رەسمىي باشلانغان. جۈملىدىن قارلۇقلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەتكەن. مىلادىيە 756 — 758 ـ يىللىرى غەربىي قىسىم قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە كۆتۈرۈلگەن ئەنلۇشەن ـ شىسىمىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا

ئەسكەر چىقارغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ غەربكە يۆتكىلىپ ئىلى دەريا ۋادىلىرى، سوياپ شەھىرى تەۋەسىگە كېلىپ ماكانلاشقان. IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا قارلۇقلار يەنە ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىگە ئۆتكەن. ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئۇيغۇر ئۇلۇسىغا تەۋە بولغان. يەنە بىر قىسمى كۇسەن تەۋەسىگە سۈرۈلۈپ، قارلۇق خانلىقىنى قۇرغان[131]. بەزىلەرنىڭ قارلۇقلار قازاقلارنى، يەنە بەزىلەر ئۆزبېكلەرنى شەكىللەندۈرگەن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ يېتەرلىك پاكىت ئاساسى يوق. شىنجاڭ جۇملىدىن غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ئىلمىدىن ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە ھەرقانداق بىر ئادەمگە مۇنداق بىر نۇقتا ئايدىڭ بولسا كېرەك، مەيلى ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرى بولسۇن، مەيلى ئەرەبچە، پارسچە، قەدىمكى تۈركچە، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنىڭ ھېچقايسىسىدا قازاقلار ۋە ئۆزبېكلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرەر مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى ھەققىدە پاكىت يوق. شۇنداق ئىكەن، يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ئايرىم تارىخىي ماتېرىيال يىغقۇچىلارنىڭ قازاق مىللىتى ياكى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىر جەھەتتە قارلۇقلارغا باغلاپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇشى فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر ياكى قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلمىي تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە قىلچىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭلا مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق بولۇپ، ئۇلار باشتىلا ۋە قاراخانىيلار زامانىسىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە قىزغىن ئىشتىراك قىلغان. بۇ مەسىلىنى سەل باشتىنراق سۆزلىسەك، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا

بار، قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ «تاشقى توققۇز قەبىلىسى» نىڭ بىرىگە ئايلانغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇر ئورتاق گەۋدىسىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ خىل تەرەققىيات تېخىمۇ تېزلەشكەن، بۇنى قارلۇقلارنىڭ ئۇيغۇر ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلىنىشىدىكى مۇھىم باسقۇچ دېيىشكە بولىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئازراق مىللىي پەرق ساقلىنىپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زىددىيەت يۈز بەرگەن، ھەتتا بىرقانچە رەت قوراللىق توقۇنۇشمۇ كېلىپ چىققان. ئەمما، كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە، بولۇپمۇ غەربىي قىتانلار ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن (مىلادىيە 1124 ـ يىلى) دىن كېيىن قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئورنىغا دەسسىگەن. دەل مۇشۇ چاغدا قارلۇقلار پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئورتاق گەۋدىسىگە قېتىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «قارلۇق» دېگەن بۇ نامنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي يوسۇندا «ئۇيغۇر» نامى ئىگىلىگەن[132].

قارلۇقلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆكۈمران قەبىلە ياكى ئاساسىي گەۋدە مىللەتمۇ دېگەن بۇ نۇقتىنىمۇ بۇ يەردە بىر قېتىم ئېنىقلىۋېلىش مۇھىم. مەلۇمكى، ئۇ زامانلاردا قارلۇقلار توققۇز ئوغۇز يەنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇلار يەتتەسۇ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە توخارىستان رايونىدا مەلۇم ساندا ئولتۇراقلاشقان، ئاقسۇ رايونىدا ھەم بىر بۆلۈك قارلۇقلار ياشاپ تۇرغان. دۇنخۇاڭدىكى يازما خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، «(كۆسەندىن ئۆتۈپ) يەنە غەربكە

ئۈچ كۈن ماڭغاندا ‹قارلۇق ئېلى› گە بارغىلى بولىدىغان» بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇ قارلۇق ئېلى ئاقسۇغا يېقىن يەردە بولسىمۇ، لېكىن قارلۇقلار قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى قەبىلىسى ياكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قارلۇق. ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر، ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ»[133]، دېگەن ئاددىي بايانى ئۇچۇق پاكىت بولىدۇ. (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۈركمەن ئوغۇزلار بولۇپ، بۇ ئوغۇزلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى.)

ياغمىلار (ياغما). ئەسلىي تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دەسلەپتە تېلىلارنىڭ غەربىي قىسمىغا تەۋە بولغان. ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتى ھونلار زامانىسىغا تۇتىشىدۇ[134]. «ياغما» قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى، ئۈچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «ئۈچ ياغما» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار ئۆزلىرى ئايرىم خانلىق تىكلىگەندىن باشقا تۈرك خانلىقى، تۈركەش خانلىقى تەۋەسىدە ھەم پائالىيەت قىلغان. ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىك قىسمى ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. شۇنداقلا تەدرىجىي يوسۇندا شەرقىي جەنۇبقا سۈرۈلۈپ سۇلې(كەشبالىق، كاشغەر)، ئۇدۇنغىچە سۈرۈلۈپ كەلگەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىمۇ ياغمىلار بولغان. بۇ ھەقتە ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە بايانلار بار. مانا مۇشۇ ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىن ياغمىلار غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىكى قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ سەردارى دائىم «تۇتۇق» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە «بۇغراخان» نامىنى قوللانغان بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارسچە «مۇجەل ئەل - تەۋارىخ ۋە - ل - قىسسەس» (تارىخ ۋە قىسسەلەر

توپلىمى) ناملىق كىتابىدا «ياغمىلارنىڭ پادىشاھى بۇغراخان دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. ئىلگىرى قارلۇقلار ياغما ۋە چىگىللەردىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە بىرلەشمىسىدىن تەركىب تاپقان دېيىلىپ كېلىنگەن[135]. كېيىنكى تەتقىقاتلار ياغمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنى تەشكىل قىلغان بىر مىللىي گەۋدە ئىكەنلىكى، ئۇ ئارسلان، بۇغرا ۋە بارچۇق (يولۋاس) تىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى، مۇشۇ ئۈچ قەبىلە قوشۇلۇپ ئۈچ ياغما دەپ ئاتالغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە[136]. بارچۇق قەبىلىسى بارچۇق ـ مارالبېشىدا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

جۇملىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بارچۇقتا ياغما، قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇزلار ئورتاق تىرىكچىلىك قىلغان. ياغمىلار بارچۇقتا ياشاش جەريانىدا بىرقاتار يازما ھۆججەتلەرنى قالدۇرغان. زامانىمىز ئالىملىرى بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى ياغما تىلى ياكى بارچۇق تىلى دەپ ئاتىماقتا. گەرچە ياغمىلار غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى زامانىسىدا تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ساھىلىدە، جۇملىدىن كاشغەر ـ مارالبېشى رايونىدا، ئىلى دەريا ۋادىلىرى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە خېلى كۆپ ياغما قەبىلىلىرى ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت ئەمەس ھەم خان جەمەتى چىقىدىغان قەبىلىمۇ ئەمەس ئىدى.

بىرقاتار تارىخىي پاكىتلاردىن باشقا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «ياغما تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئېتى. بۇلار ‹قارا ياغما› دەپمۇ ئېيتىلىدۇ» «ياغما ئىرازغا يېقىن بىر يېزىنىڭ ئېتى. بۇ سۆز يۇقىرىدىكى سۆزدىن كەلگەن»[137]، دېگەن ئاددىي باياني ئېنىق پاكىت بولىدۇ. يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئۇبدان چۈشەنچىگە ئىگە مەھمۇد كاشغەرى ياغمىلارنى ئالاھىدە

بىر قەبىلە سۈپىتىدە تىلغا ئالىنغان. پەقەت ياغمىلارنىڭ تىلى قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، توخسى، چىگىل، ئوغراق، چارۇق قەبىلىلىرىنىڭ تىلى قاتارىدا «ساپ تۈركچە» دېگەن ھەم تۈركىي تىللار ئىچىدە «توغرا تىل توخسى ۋە ياغما تىللىرى»[138] دېگەن سۆزنى قىلغان. ئۇ يەنە «يات» دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگىنىدە ئۇنىڭ بىر خىل سېھىرگەرلىك ئىكەنلىكىنى (ياداتاش سېھىرگەرلىكى) بۇ ئادەت ياغمىلاردا بارلىقىنى، ئۇنى بىر قېتىم ياغمىلاردا قىلىنىۋاتقاندا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ[139]. بۇ يەردە ئۇ ياغمىلارنى ئۆز جەمەتى بىلەن بىرەر يېقىنلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن بېشارەت بەرمەيدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ياغمىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى يوق دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى زامانىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ياغمىلارنىڭ مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇلار تولىمۇ يېقىن، ئىتتىپاق تۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولسا كېرەك. قاراخانىيلار خان جەمەتى ئارىسىدا ئارسلان، بۇغرا ناملىرىنىڭ سەلتەنەت نامى قىلىپ قوللىنىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغمىلارنىڭ تەسىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. پارسچە ھۆججەتلەردە، بولۇپمۇ «ھۇدۇدۇلئالەم» (مىلادىيە 982 - يىلى يېزىلغان) دە ياغمىلارنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ ھېسابلىغان ھەمدە ياغمىلارنىڭ خانى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانى بىر جەمەتتىن دەپ قارالغان. ھەتتا گەردىزى «زەينىل ئەخبار» ناملىق پارسچە كىتابىدا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى «ياغما» دەپ ئاتىلاتتى، دەپ يازغان. ۋ. مىنورىسكى «ھۇدۇدۇلئالەم» نى شەرھلەپ يازغان ئەسىرىدە تېخىمۇ تەكىتلىگەن ئاساستا «قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ياغمىلار گۇرۇھى

سەۋەبىدىن باش كۆتۈرگەن، بۇ شۇبھىسىز پاكىتتۇر» ، «توققۇز ئوغۇز ياغمىلىرىنىڭ خانلىرى مۇشۇ خەلقلەر خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى» دېگەن پىكىرنى ئىپتقان[140] .

ياغمىلار توققۇز ئوغۇزلار بىلەن مەيلى قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ[141] ، ئۇلارنىڭ نامى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ شۆھرەتلىك تەسىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغان. ئۇلارنىڭ قازاق، قىرغىز، ئۆزبېكلەرگە قېتىلغانلىقى توغرۇلۇق قەدىمكى زامان ھۆججەتلىرىدە ئۇچۇر يوق.

چىگىللەر، تۈركەشلەر، ئوغۇزلار، چۇمۇللەرنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىدە تۇتقان ئورنى ھۆكۈمرانلار سورۇنىدا ئەمەس، بەلكى پۇقرالىق ئورنىدا بولغان. شۇڭا، بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالمىدىم.

## 4) قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى

يۇقىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت ۋە خان جەمەتى چىققىدىغان قەبىلە — ئۇيغۇرلاردۇر، جۈملىدىن توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە، شۇنداقلا ئۇز زامانىسىدا خانلىق تەۋەسىدە مۇھىم ياكى يېتەكچىلىك رول ئوينىغان قارلۇق، ياغما، چىگىل، تۈركەش، ئوغۇزلار ۋە چۇمۇللەر توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. قاراخانىيلار زامانىسىدا ياشىغان ئاشۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغان دېگەن مەسىلىنى ئۇز يولىدا بايان قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

روشەنكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. بۇ ئالدى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇر

مىللىتىنىڭ مىللىي گەۋدىسىنى مۇستەھكەملىدى. چەت ئۆلكىلەر، سەھرا - قىرلاردىكى كۆچمەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان مەلۇم ساندىكى كۆچمەن خەلقلەرنى ۋە قوشنا رايون - مەملىكەتلەرگە كۆچۈپ كەتكەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدە ياشىغان ھەر قايسى قەبىلە - قوۋملار بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭغا بىرقاتار پاكىتلارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ (XIII ئەسىرنىڭ باشلىرى) تەخمىنەن 10 يىلدىن كېيىن چاڭچۇنلۇك ئەۋلىيا چۇچۇجى غەربكە سەپەر قىلغان چېغىدا، ئۇ ئىلى دەرياسى ۋادىلىرى (بۇگۇنكى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى)، يەتتەسۇ ۋادىسى (شەرقىي بۇگۇنكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى، غەربى چۇ دەرياسى، جەنۇبى ئىسسىقكۆلگىچە، شىمالى بالقاش كۆلى ساھىلىگىچە بولغان يەرلەر) ۋە ماۋەرائۇننەھر (بۇگۇنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت ئەتراپى) دە «زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار» نى كۆرگەن، سەپەر جەريانىدا ئۇنى كۆپلىگەن (大率多回纥人) «ئۇيغۇر سەردارلىرى» (回纥帅首) قوبۇل قىلغان[142]. چۇچۇجىدىن باشقا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغانلار ئىچىدە 1220 — 1221 - يىللىرى سەپەر قىلىپ قايتقان ئۇگۇسۇن جوڭدۇەن، 1259 — 1263 - يىلىغىچە سەپەر قىلغان چاڭدې قاتارلىقلارنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ چۇچۇجىنىڭكىگە ئوخشاش ئەھۋال سۆزلەنگەن. بۇنىڭدىن بۇنداق بىر نۇقتىنى بىلىمىز، يەنى شۇ چاغلاردا تۇزلەڭ رايونلاردا ياشايدىغان بىرقاتار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە قىتانلار ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىغان. شۇڭا، قىتانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا «ئۇيغۇر ئىلى» دەپ ئاتالغان[143].

يەنە بىر پاكىت مۇنداق: مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىم سۇڭ ليەن تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمالدىكى يەرلەرنىڭ قوشۇمچە خاتىرىسى» دە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۇيغۇرلار رايونى» نى چۈشەندۈرۈپ، غەزدە، كابۇل، بەدەخشان، تۇس، تېرمىز، بۇخارا، نەخشاپ، دىرىئان، سەمەرقەنت، خوجەند، مەرغىلان، كاشغەر، خوتەن، كات، ئوترار، پاپ، ئۆزكەند، ئۇچ، كۇچا، كاسان، ئاتباش، پارۋان، چاچ (تاشكەنت)، يىيۇنچ، ئىلىبالىق، بولاد، يىمىش، ئالمالىق، قاراخوجا، لۈكچۈن، بەشبالىق، توقسۇن، يېڭىبالىق، قۇتۇقباي، جانبالىق قاتارلىقلارنىڭ كىرىدىغانلىقىنى يازغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى قاتارلىق غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى سەلتەنەت سۈرگەن يىللارنىڭ ئاخىرىدا، جۈملىدىن قىتانلار ۋە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور بىر تۈركۈم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئۆز زامانىسىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا «تۈرك» نامىنى ئەمەس، بەلكى «ئۇيغۇر» نامىنى قوللانغان[144]. «تۈرك» نامى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ نوپۇزى تۈپەيلىدىن خېلى يىللار ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان.

مانا مۇشۇ ھالقىلىق يىللاردا قارلۇق، ياغما، چىگىل، ئوغۇز، توخسى، چۈمۈل، چارۇق، تۈركەش، سوغدى، قىتان قاتارلىق قەبىلە ـ قوۋملار نامى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە غايىب بولۇپ، پەقەت تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدە «ئۇيغۇر» نامىلا ساقلىنىپ قالدى. شۇنداقلا قىرغىز ۋە تاتارلارنىڭ ئاساسىي قىسمى موڭغۇل دالىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى تېررىتورىيىسىدىكى سانى ئاز بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيەتلىرى

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى.[1] قازاق ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ نامى تېخى تارىخ بېتىگە يېزىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» I - قىسىم، ئۇيغۇرچە، 1984 - يىلى، 315 -، 316 - بەتلىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مىللەتلەر — قازاق ۋە ئۆزبېكلەر XVI ئەسىرلەردە ئاندىن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ نۇقتىنى ۋ. ۋ. بارتولد ئالىمبۇرۇن قەيت قىلغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە نېمە ئۈچۈن بىرقاتار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشى ھېسابىغا ئۇيغۇرلار زورىيىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسىي مىللەت سۈپىتىدە تاللىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بۇنداق بىر قانچە سەۋەبى بار.

بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئۇزۇن. تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىخ سەھنىسىگە ئەڭ بۇرۇن، سالماقلىق ھالدا قەدەم قويغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تارىخىنى نىسبەتەن تولۇقلىق ۋە ئىزچىللىققا ئىگە قىلىپ كەلگەن مىللەت. ئۇلار مۇرەككەپ ۋە شىددەتلىك تارىخ ئېقىمىدا قاتتىق چايقىلىش ۋە داۋالغۇشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، شىنجاڭ، جۈملىدىن ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ كارامەت يالقۇنلۇق پېچتا تاۋلىنىپ چىققان.

ئىككىنچى، قاراخانىيلار، جۈملىدىن غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە قارىغاندا كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن ئىدى. مەسىلەن، «ھۇدۇدۇلئالەم»ناملىق كىتابتا: توققۇز

---

① ۋ. ۋ. بارتولد قىرغىزلار XVI ئەسىردە يەتتەسۇ ۋادىسىدا پەيدا بولغان، دېگەننى بۇنىڭغا پاكىت بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئوغۇزلارنىڭ يۇرتى «باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇرتىغا قارىغاندا چوڭ، شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى ھەم كۆپ. . . ئۇلارنىڭ ئادەملىرى جەڭگىۋار ۋە ياخشى قوراللانغان، توققۇز ئوغۇزلار باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ باي خەلقتۇر»[145] دەپ يېزىلغان بولسا، مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا: «توققۇز ئوغۇزلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ باتۇرلىرى، ئەڭ بايلىرى ئۇلار سىياسىي ئىشلارغا (خانلىق باشقۇرۇشقا) ناھايىتى ماھىر» خەلق دەپ يازغان. ۋ. ۋ. بارتولد بولسا « X ئەسىردە بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ھېسابلانغان (لار) توققۇز ئوغۇزلار ئىدى»[146] ، دېگەن.

ئۈچىنچى، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران قەبىلە يەنى خان جەمەتى چىققان قەبىلە ئىدى. بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندىن باشقا، يەنە بىر مەزمۇننى قىستۇرساق: تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن باشلاپلا بەزى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى يېتەكلەش، ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىدا ئۇيغۇرلار باشلامچىلىق رولىنى ئويناشقا باشلىغان. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياغلاقار ۋە ئادىز قەبىلىلىرى ئىلگىرى - كېيىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان. غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى زامانىسىغا كەلگەندە ئومۇمىي مىللەت ئۇقۇمىنى كۈچەيتىش بەدىلىگە ياغلاقار ۋە ئادىز قەبىلىلىرى باشقا قەبىلىلەرگە سىڭىشىپ، ئۆز نامىنى قايتا تەكرارلىمايدىغان ھالەتكە ئۆتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر، جۈملىدىن «توققۇز ئوغۇز» دىن ئىبارەت ئىتتىنىك نامى پۈتكۈل ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق مىللىي نامى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ۋاھالەنكى، دىنىي ئېتىقادتىكى پەرق تۈپەيلىدىن، قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل «تۈرك» نامىنى قوللانغان. مەھمۇد كاشغەرىمۇ بۇ نامنى كەڭ مەنىدە

بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ئىپادە قىلىشقا قارىتىپ، تار مەنىدە «ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنى ئىپادە قىلىشقا قوللانغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى بايانلار ۋە كاشغەردىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا[147] كاشغەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇشتىن ئىلگىرىلا «ئۇيغۇر» ياكى «توققۇز ئوغۇز» نامىنىمۇ ئىشلىتىۋەرگەن. ھەتتا، توققۇز ئوغۇز نامى ئاستىدىكى خەلقلەر خوتەنگىچە يېيىلىپ ياشىغان.

## 5) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى

غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، «كلاسسىك مەدەنىيەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدا ئاللىبۇرۇن تەكرار قەيت قىلىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك ئالىم ئا. ستەين «ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە قارىغاندا مەدەنىي ھاياتقا خېلى بۇرۇنلا قەدەم قويغانىدى»[148] دېگەن سۆزنى ئېيتقان بولسا، فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ر. گروسېت ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازلىرى» دىن بولۇپ كەلگەن[149]، فرانسىيىلىك يەنە بىر ئالىم خامىلتونمۇ «... ئۇيغۇرلار IX ئەسىردىن باشلاپلا يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان... ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشقا ئەگىشىپ، XIII ئەسىردىن ئىلگىرى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە باشقا تۈركىي، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ‹مەدەنىيەت پېشۋالىرى› دېگەن ئاتاقىقا ئىگە بولۇپ قالغان» دەپ ھېسابلىغان[150]. ئۇنداق بولسا ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «كلاسسىك مەدەنىيەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايسى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەنزۇ ئالىمى لى يوڭ مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان «ئۇيغۇرلار: تارىخىي شانۇشەۋكەت ياراتقان مەرىپەت ئۇستازلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئۈلگىلىك مەدەنىيىتى (1) يېزىق قوللىنىش ۋە تارقىتىشى، (2) ئەدەبىي تىلنى غەربكە تارقىتىش، (3) مەتبەئەچىلىكنى غەربكە تارقىتىش. (4) ياراتقان تارىخىي مەدەنىي ھۆججەتلىرىنىڭ موللىقى، (5) دىنىي مەدەنىيەتنى تارقىتىش، قاتارلىق بەش نۇقتا ئارقىلىق شەرھلەپ ئۆتكەن[151].

غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىر قانچە نۇقتىغا بۆلۈپ سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن:

① ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى يۈكسەلگەن. شىمالىي يايلاق قىر - سەھرالىرىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ئاساسلىقى كۆچمەن ئىگىلىك بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ھاياتىنى ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ، چارۋا توپىغا ئەگىشىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ، كىگىز ئۆيلەردە ئۆتكۈزگەن. تۈرك خانلىقى زامانىسىغا كەلگەندىمۇ كۆپچىلىك تۈركىي تىللىق قەبىلىلىرى بۇ ئادەتنى تاشلىمىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشى، شەھەر ھاياتىغا كۆنۈشى باشقىلاردىن بۇرۇن بولغان. بۇ توغرۇلۇق روسىيىلىك ئالىم ئا. ي. ياكوۋسكى ئۇيغۇرلارنىڭ «زور كۆپچىلىكى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق تۇراقلىق دېھقانچىلىق

ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇلار شامان دىنىنى باشقىلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق تاشلاپ دەسلەپتە مانى دىنىنى، كېيىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۆز يېزىقىنى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق يارىتىپ جۇڭگو بىلەن ماۋەرائۇننەھر ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بىرى بولۇپ قالغان.» دەپ يازغان[152].

تارىخ بىزگە خېلىلا مول ماتېرىياللارنى قالدۇرغان. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە ئالتاي تاغلىرى ساھىلىدىن تەڭرىتاغلىرى ۋادىسى، يەتتەسۇ، پەرغانە، تارىم ئويمانلىقلىرىغا سۇرۇلۇپ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن باشقا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى يۇرۇشلەشتۇرگەنلىكىنى بىلمەك تەس ئەمەس. مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دىڭلىڭ قەبىلىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردە يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولغان ئېگىز قاڭقىللار مىلادىيە V ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاۋۇزلۇ ۋە ئىنىسى چوڭچىنىڭ باشچىلىقىدا جۇڭغار ۋە تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئۇنۇملۇك پائالىيەت قىلغان ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جەم بولۇپ، ئېگىز قاڭقىللار خانلىقىنى قۇرغان ھەم تارىم بوستانلىقىدىكى قەلئەلىك خانلىقلارغا ئەسكەر چىقارغان. بۇ خانلىق ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 487 — 541 - يىللار ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولغان. ئېگىز قاڭقىللار جەمئىي ئالتە قەبىلە( 高车六部 ) ، 12 ئۇرۇقا ( 高车十二姓 ) بۆلۈنگەن. ئالتە قەبىلە ئىچىدىكى «يۈەن خې - 袁纥 » (On uigur) «ئون ئۇيغۇر» ، «ئۇخۇ - 乌护 » ، (Toguz uguz) «توققۇز ئوغۇز» دېگەنلىك بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ( 回鹘 ) نىڭ ئاساسىي گەۋدە قەبىلىلىرى ئىدى[153] . شۇنىڭغا

ئىشىنىشكە بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قاتناشقانلىقى ئالدىنقى شەرت بولۇپ، ئورقۇن، سېلىنگا دەريالىرى ۋادىسىنى مەركىزى رايون قىلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى 840 ـ يىللارغا كەلگەندە مۇنقەرز بولغانىدى، پانتېگىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلىنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا كېلىپ، تېز سۈرئەتتە يەرلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى مۇستەھكەملىشى تېخىمۇ تەس ئىدى. دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەتتەسۇ، ماۋەرائۇننەھر ۋە كاشغەر، خوتەن بوستانلىقلىرى ۋە ئۇلارغا ئەۋزەل ئىگىنچىلىك مۇھىتىنى ياراتقانىدى. ئۇزۇن يىللىق دېھقانچىلىق ئەمەلىيىتى شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئۆزگە رام قىلىۋالغان. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى قوشۇمچە ئىگىلىك بولۇپ قالغان، بۇ خىل ئەمگەك بىلەن قارلۇق، ياغما، چىگىل، ئوغۇز، توخسى قاتارلىق قەبىلىلەر شۇغۇللانغان بولۇپ، بۇ قەبىلىلەر بولسا يېزا ئىگىلىكىگە تېخى ماسلاشمىغانىدى. شۇڭا، بۇ قەبىلىلەر ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىق ھالدا كۆچمەن تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان.

② مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كىتابىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا «بەش شەھەر»ى بولغان دېگەن پىكرىنىڭ يىلنامىلىق ئارقا كۆرۈنۈشى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅳ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى بەك تەكىتلەپ كەتمىگەندىمۇ، ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا، يەنى بۇ خانلىق تېررىتورىيىسىدە نۇرغۇن شەھەرلەر قۇرۇلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد خانى بايانچۇر تەختكە چىقىپ قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قۇرغان شەھەرلەر ئىچىدە تۆت ئورۇندىكىسىگە «ئونغىن» («خانبالىق») ياكى «ئوردا ئونغىن» دەپ نام بېرىلگەن. بايانچۇرنىڭ ئوغلى ئىدىكىن

تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ بىر قانچە جايدا شەھەر بىنا قىلىنغان. ھەتتا ئۇ قاتۇن ـ خانىشلارغا ئاتاپ «قاتۇنبالىق» ناملىق ئايىم ـ قىزلار شەھىرى سالدۇرغان. ئېگىز قاڭقىللار قەبىلىلىرى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا خانلىق تىكلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قوچو ئىلى ( 高昌国 ) تەۋەسىدىكى شەھەرلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە خانلىق زېمىنىدە سەككىز شەھەر بولغان. شىمالىي جوۋ خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە 16 شەھەرگە كۆپەيگەن. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە 18 شەھەرگە يەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە 21 شەھەر بولغان. فون. لىكوك تەكشۈرۈپ نومۇر قويغان مانى يېزىقىدىكى بىر كەمتۈك ۋەسىقىنىڭ ئاخىرىدىكى «قوچو ئىلى ۋە 22 شەھەرنىڭ بەخت ھامىيسى» دېگەن جۈملىدىكى «22 شەھەر» قوچو ئىلىدىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ چۈشىنىش لازىم، ئەلۋەتتە. مىلادىيە VI ـ VIII ئەسىرلەردە يەتتەسۇ، ماۋەرائۇننەھىر ھەم كاشغەر بوستانلىقلىرىدا نۇرغۇن شەھەرلەر قۇرۇلغان. بولار قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەر ئىگى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە چوڭ رول ئوينايتتى، ئەلۋەتتە. ئومۇمەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر تۇرمۇش چۈشەنچىسى ئۆز دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن ياكى يېتىلگەن چۈشەنچە ئەمەس. ئۇنىڭ يىراق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار. بۇلار بىزنىڭ يېتەرلىك دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

③ ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى مەخسۇسلىشىش ۋە كەسىپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى ئىلگىرى باشلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تۈرلۈك يىمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىنى تەييارلاشتا، تۆت پەسىلگە مۇۋاپىق، ئەمگەك ۋە باشقا مەشغۇلاتلارغا ماسلاشقان، ئەر ـ

ئايالىق، ۋە تەبىقە پەرقىگە ئىگە كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىشتە، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا، زىبۇزىنىەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساشتا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان. تارىختىن بېرى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچكى جەھەتتىكى تۇرمۇش ۋە ئىستېتىك ئېھتىياجىنى قامداپ قالماستىن، بەلكى تاشقى ئالماشتۇرۇش، سودا ئىشلىرىدا يېتەرلىك ماددىي ماتېرىيال بولغان.

ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدىلا يىپەك يولىدىكى سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا ئاكتىپ ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىاشقا باشلىغان. تارىختا قىزىققۇچىلارغا شۇ نەرسە بەش قولدەك ئايدىڭكى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئات ـ يىپەك سودىسى بەك مەشھۇر بولغان. ئەسلىدىكى كېلىشىم بويىچە، ھەر يىلى ئۇيغۇرلار 1000 ئات تاپشۇرسا ئات بېشىغا 40 توپ يىپەك مال ئالماشتۇرۇشقا پۈتۈشۈلگەن بولسىمۇ، بەزىدە ئۇيغۇرلار ئېلىپ بارغان ئات 10 ـ 20 مىڭغا يەتكەن[154]. ئۇيغۇرلار يىپەك ـ ئات سودىسىدا غايەت زور پايدا ئالغان. ئۇلار مەركىزي جۇڭگو رايونىدىن ئاتقا تېگىشىپ كەلگەن يىپەك مال، چاي ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار شۇ مەزگىللەردە ئىنتايىن تېز روناق تاپقان. گابائىن خانىم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەتچىلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلار سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ ئۇزۇن شۇغۇللانغان (بۇ ھال شۇ چاغدا خەنزۇلارنى ناھايىتى ھەيران قالدۇراتتى)، سودا ئىشلىرى ئۇلارغا زور پايدا كەلتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ يىراقتىكى

مىللەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تاۋارغا بولغان تەلىپىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى»[155] دەپ ئېيتقان بولسا، روسىيىلىك مۇئەللىپ گ. ۋېرنادىسكىي «مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىدا سىياسىي جەھەتتە ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ رولى بەك چوڭ بولدى. جۇڭگودىن باشلىنىپ كاسپىي دېڭىزغا قەدەر سوزۇلغان سودا يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئىزگىلەپ تۇرغان ئۇيغۇرلار جۇڭگو بىلەن ھىندى ـ ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىغا كۆپ جەھەتلەردە ۋاسىتىچىلىك قىلدى[156] دەپ يازغان. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار مەيلى موڭغۇل يايلاقلىرىدا بولسۇن، مەيلى تەڭرىتاغ يامزاللىرىدا ياشاپ تۇرغان چاغلىرىدا بولسۇن سودا ـ تىجارەتنى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى سۈپىتىدە تونۇغان. سودا ۋاسىتىسى بىلەن قوشنا خەلقلەردىن يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە بۇ خىل يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئىدىيىنى قوشنا دۆلەتلەرگە تارقىتاتتى[157] .

④ تېبابەتچىلىك. بۇ ئىنسانلارنىڭ تەن ساقلىقىنى ئاسراش ۋە ئۆمۈرنى ئۇزارتىشقا زۆرۈر ۋاسىتىچىلىك رول ئوينايدىغان ئۈنۈملۈك كەسىپ. شىنجاڭدا روھىي ۋە ماددىي ۋاسىتىلەر بىلەن كېسەل ئازابىنى يەڭگىللىتىشنىڭ ئامالىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدىلا بىلگەنلىكىنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئەمچىلىك ئىشلىرىغا ئاۋانگاردلارچە ۋارىسلىق قىلغان ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ چىقارغان. غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەمچى ـ ئاتاساغۇنلىرى پەرھىز ۋە كۆڭۈلدە بوداپ كېسەل داۋالاشتىن رېتسىپ يېزىپ، تەجرىبە توپلاپ، كىتاب يېزىپ، نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئاساسىدا بىمارلارنى كېسەل ئازابىدىن

يەڭگىللىتىش سەۋىيىسىنى يارانقان. 1000 يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار يازغان تىببىي ئىلمغا ئائىت ئەسەرلەر ساقلىنىپ قالغان. 1000 يىل بۇرۇن سېھىرگەرلىك، پېرىخونلۇق بىلەن داۋالاش دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان چاغدا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل تەبىئىي ماددىلار (ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار، كان ماددىلىرى)نى دورا قىلىپ ئىشلىتىپ، كېسەلنى داۋالاش چارىلىرىنى ئىزدىگەنلىكى، ھەتتا داۋالاشنىڭ ۋاقتى، دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە مىقدارى ھەمدە مۇددىتىگىمۇ ئېتىبار بەرگەن ئەھۋاللار يېزىلغان. بۇ ماتېرىيالدىن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ خېلىلا بۇرۇن تاكامۇللاشقان بىر تېبابەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇرپاندىن تېپىلغان تېبابەتچىلىك ماتېرىياللىرىنى ئۆگىنىپ كەلگەن تۈركىيىلىك دوكتۇر ئا. سۈھەيىل ئۈنۋەر قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىگە باھا بېرىپ «يالغۇز ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ زور تەسىرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسىرداش مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ھەر جەھەتتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېرپانىنى، ئىلمىنى، تېبابەتچىلىكىنى ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مۇھاپىزەت قىلدى»[158]، دەپ يازغان.

غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تەبىئىي پەن ۋە تېبابەتچىلىك ساھەسىدە يەنە ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، بىناكارلىق، ۋە گۈزەل سەنئەت ــ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلگەن.

⑤ ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاڭ ۋە مىللەت چۈشەنچىسى ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدىن باشلاپ روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە



www.uyghurkitap.com

باشلىغان. تۈركىي تىللىق قوۋم ـ قەبىلىلەر ئىچىدە «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نامى ئەڭ بۇرۇن تونۇلغان. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىگە ئەگەشكەن يادرو قەبىلىسىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغانلىقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىلا مىللىي نام بولۇش شەرتىنى هازىرلاش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا «ئۇيغۇر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان زۇلقەرنەييننىڭ مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىش سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ چۈشىنىپمۇ كەلگەندۇق. ۋاهالەنكى، يەنە بەزى ئالىملار يېقىندا تىلغا ئالغىنىمىزدەك ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ شياڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىللار) نىڭ دەسلىپىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالىدا پائالىيەت قىلغان «گۈيفاڭ» (鬼方) دىكى «گۈي» بىلەن مەنىسىنىڭ ئوخشاشلىقىنى، «گۈي ـ گۇر ـ ئوگۇر» غا تەڭ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرمەكتە[159] . شۇنداق بولغاندا «گۇر ـ ئوگۇر» نىڭ «غۇر ـ ئوغۇر ـ ئۇيغۇر» غا تەڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بەزى تىلشۇناسلارنىڭ «ئوغۇر ـ ئۇيغۇر» نامى ئالتاي تىللىرى دەۋرىدىلا بار بولغان دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئىلمىي [160] پەرەز ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرلەردە «دىڭلىڭ» نامى ئاستىغا ئۇيۇشقان بولسىمۇ، لېكىن مىلادىيە V ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپلا «ئون ئۇيغۇر» (خەنزۇچە« 袁纥 ») دېگەن قەبىلە ئىگىز قاڭقىللارنىڭ 6 قەبىلە، 12 ئۇرۇقىغا يېتەكچىلىك قىلىشىغا شارائىت هازىرلاپ بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ دەۋردىلا «توققۇز ئوغۇز» (خەنزۇچە« 护骨 ») لارمۇ ئىگىز قاڭقىللارنىڭ 6 قەبىلىسى

ئىچىدە يىرىك بىر قەبىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ يادرو قەبىلىسى يەنى ئاساسىي گەۋدە قەبىلىلىرى سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تارىخىنى مۇرىنى - مۇرىگە تىرىگەن ئاساستا يارىتىشقا كىرىشكەن. ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە «ئۇيغۇر» ، بەزىدە «ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار» نى يادرو قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق مىللىي نامى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان بولسا، بەزىدە «ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز» نامىلىرىمۇ پاراللېل هالدا، گاهى يەككە، گاهى قوش شەكىلدە ئىشلىتىلىۋەرگەن. غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىن كېيىن «ئۇيغۇر» نامى بىر پۈتۈن مىللىي نام سۈپىتىدە قوللىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. «ئۇيغۇر» نامىنىڭ تارىخىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىلتىزىنىلا ئەمەس، بەلكى شەكىللىنىش جەريانىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار مەيلى يادرو قەبىلىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خانلىق تىكلىسۇن، مەيلى قېرىنداش ۋە قوشنا قوۋم - مىللەتلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا پائالىيەت قىلسۇن ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ، مىللىي ئالاهىدىلىكىنى مۇستەهكەملەپ كەلگەن. ياشاش روهىنى سۇسلاشتۇرمىغان، مىللىي مەدەنىيىتىنى داۋاملىق بېيىتىپ، ئىزچىللىقا كاپالەتلىك قىلغان.

⑥ ئۇيغۇرلاردىكى كىشلىك قاراش، جەمئىيەت قارىشى ۋە ئاسترونومىيە هەققىدىكى چۈشەنچىلىرىدە، ئېتىكىلىق ئەخلاق قاراشلىرىدا خاس ئىدىيە ۋە سىستېمىلىق تەپەككۇر ئەندىزىسى يىراق ئەسىرلەرنى مەنبە قىلغان ۋە مىللەتنىڭ ئورتاق پەلسەپىۋى قارىشى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا دۇنيانىڭ ماددىدىن پەيدا بولغانلىقىنى قىياس قىلغان، ئۇنى ئوت، هاۋا،

سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت «تۆت تادۇ» چۈشەنچىسى بويىچە ئىزاھلىغان. ئادەملەرنى تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى دەپ بىلگەن، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئادەملەرنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل ـ پاراستى سەۋەبىدىن ئىشقا ئاشىدۇ، دېگەن قاراشنى يېتىلدۇرگەن. ئەمگەك ۋە قەھرىمانلىقنىڭ رولىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بىلىم ئارقىلىق قۇت ـ بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن ئىتىكىلىق ئەخلاق نورمىسىنى دائىملاشتۇرغان ھەم ئۇنى مىللەتنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ يادروسى قىلغان.

### 7) تىل ۋە ئەدەبىيات

(1) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل — خاقانىيە تىلى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىل مەسىلىسى

قاراخانىيلار دەۋرىدە ھۆكۈمران قەبىلە ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى، جۈملىدىن كاتتا ئەدەبىي ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلىنى تەكشۈرگەن نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى، مەسىلەن، روسىيە ئالىملىرىدىن ۋ. ۋ. رادلوف (1837 ـ 1918)[161]، س. ئى مالوف(1880 ـ 1957)[162]، ئە. ر. تىشىف[163]، ئا. ن. كونونوف[164]، قازاقىستان ئالىمى ئۇ. مەمەتاخونوف[165]، ئېلىمىز ئالىملىرىدىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن[166]، گېڭ شىمىن، ۋېي سۈيى[167]، شىرىپىدىن ئۆمەر[168]، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى، مەمتىمىن يۈسۈپ[169]، خاۋ گۇەنجۇڭ، جاڭ خۇڭچاۋ، ليۇبىن[170]، ئىمىن تۇرسۇن[171]، لاڭ يىڭ[172]، لى يوڭ [173]، مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر، ئامىنە غاپپار[174]، ليۇ زىشاۋ[175] قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە بۇ

نۇقتىنى روشەنلەشتۈردى.

ئەمما، بەزىلەر ئىلىمغا ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولمىغانلىقى، يەڭگىللىك بىلەن ئىش كۆرگەنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا غەرەزلەرنىمۇ مۇناسىپ كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنى بىردە «چىگىل تىلى»[176]، «قارلۇق تىلى»[177]، «قارلۇق ئۇيغۇر تىلى»[178] دېسە، يەنە بىردە ئورتاق «تۈرك تىلى» دا يېزىلغان دېيىشىدۇ، ئايرىملار بولسا، قارلۇق - قىپچاق ئارىلاشما تىلى دەپ كلاسسىفىكاتسىيىلەشتۈرىدۇ[179]. بۇ خىل قاراشلار يەككە قاراش بولۇپ، ئۇلارنى ئىسپاتلايدىغان يازما ھۆججەت يوق. يەنى قەدىمكى زامان تارىخىدىن قارلۇق تىلى، چىگىل تىلى، قارلۇق - قىپچاق تىلىدا يېزىلغان بىرەر پارچە ھۆججەت يوق. دېمەك، بۇ خىل قاراش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قارلۇق بىلەن چىگىللەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاساسىي قەبىلە ئەمەس ئىدى، ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن تۈركىي تىلنىڭ قايسى شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇنىڭغا يازما پاكىتمۇ يوق. مەھمۇد كاشغەرى كىتابىدا بىر نەچچە سۆزگىلا «قارلۇقچە، چىگىلچە» دەپ يەشمە بەرگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر بىر پۈتۈن قارلۇق ياكى چىگىللەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىيالمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاساسلىق مىللەت تىلى بولۇش شەرتىنى ئادا قىلالمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىمۇ بۇ تىللار توغرۇلۇق بىرەر ئېنىق ئۇچۇر بەرمىگەن. شۇنداق ئىكەن، كېيىنكى زاماندىكى بەزى ئالىملار قوللىنىپ كەلگەن «قارلۇق ئۇيغۇر تىلى» دېگەن نام تۈركىي تىللار تەتقىقات ساھەسىدە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

بۇنى يەنىلا «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتاش ئورۇنلۇق قاراش.

تىل مەسىلىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رولىنى تارىخشۇناسلار تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئىلمىي يەكۈن چىقارغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۇنجى قېتىم بىر قاتار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق تىلى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن تىل ئاساسىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا قەدىمكى تۈرك تىلىنى بىۋاستە يازما ھۆججەتلەردە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ساقلاپ قالغان. بەزى ئالىملار تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەر ئوغۇز تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىن پەرقلىنىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ، ئوغۇزلارنىڭ جۈملىدىن قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر بىلمىگەنلىكى ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللىرىنى پىششىق تەتقىق قىلمىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. بىرقانچە فونېما پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قەدىمكى تۈركىي تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپلىق پەرق يوق. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناسى پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن «ئەمەلىيەتتە تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى ‹كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى›، ‹بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى›، ‹ئونگۈن مەڭگۈ تېشى›، ‹كۆلچور مەڭگۈ تېشى› قاتارلىقلار تىل جەھەتتە ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق»، «‹تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى› نى غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى دېيىشكە بولىدۇ» [180]، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەندى. نېمە ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە شۇنداق قارىلىدۇ. بۇنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بار. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر ئالىمى پروفېسسور لىن گەن ئەپەندىنىڭ قارىشىنى مىسال قىلىمىز: «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا «توققۇز ئوغۇز بۇدۇن كەنتۇ بۇدۇنۇم ئەرتى» (توققۇز ئوغۇزلار

www.uyghurkitap.com

ئەسلي ئۆز خەلقىم ئىدى) دەپ يېزىلغان. بۇ تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قارىشى. نۆۋەتتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك قاراش. ئۇيغۇرلار بىلەن تېلىلارنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ياكى ئاشىنا تۈركلىرى يەنى كۆك تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىرئوخشاش قوۋم (回纥与突厥同族) بولۇپ تۈركلەرنىڭ تېلىلارغا مەنسۇپلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئۇلار تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى [181]، يەنى ئاشىنا تۈركلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئېتنىك كېلىپ چىقىش جەھەتتە تېلىلارغا، تېلىلاردىن دىڭلىڭلارغا تۇتىشىدۇ؛ تۈرك خانلىقى مۇتەرىز بولغاندىن كېيىنكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تەقدىرى — ھاكىمىيەت ئورنىدىن چۈشۈپ قېلىپ، خانلىق سەلتەنىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر مەركىزي جۇڭگو رايونىغا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان، بىر قىسمى غەربكە كەتكەن. ئەمما، ئۇنىڭ يادرو قەبىلىلىرى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ مەسىلىنى گېڭ شىمىن ئەپەندى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن:

«‹تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى›نىڭ تەۋەلىكى (يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن) ئوۋ ياڭشۇەنىڭ ‹گۋاجەي توپلىمى. قوچولۇق شي جەمەتىنىڭ شەجەرىسى›، دىكى تونيوقۇق شي (偰) جەمەتىنىڭ ئەجدادى دېيىلگەن خاتىرىگە ئاساسەن تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ مەشھۇر ‹تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى›نى غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى دېيىشكە بولىدۇ»[182]. ئۇنداق بولسا تونيوقۇق بىلەن شي جەمەتىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ نېمە ئۈچۈن «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى» نى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرى دەيمىز؟

خەنزۇ ئەدىب ئوۋ ياڭشۇەن 1358 ـ يىلى «گۋاجەي

توپلىمى» ( 欧阳玄 « 斋文集挂 » ) ناملىق كىتابىغا «قوچودىكى شي جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» نى كىرگۈزگەن. بۇ نەسەبنامەدە قوچودىكى شي جەمەتىنىڭ 700 يىل جەريانىدىكى ئاساسلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە شي جەمەتىنىڭ ئەجدادلىرى قوچودا ئۇزۇن يىللار ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئەسلىي ماكانى بولسا غوبى يايلىقىدىكى سېلىنگا (契辇) دەرياسى ساھىلىدىن ئىبارەت. بۇ جەمەتنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى تونيۇقۇق بولۇپ، ئۇ تۈرك خانلىقى دەۋرىدە باش ۋەزىر بولغان، قىزى بوپۇنى تۈرك خانى بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلغان. تونيۇقۇق ئىككىنچى ئوردىدا تۇرىدىغان ئاقسۆڭەك قەبىلە ئاشىدىن قەبىلىسىدىن، تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغان چاغدا، قاتۇن بوپۇ بىر بۆلۈك قەبىلىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە كەتكەن. تونيوقۇق بولسا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قېلىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. كېيىن ئوردىدا مۇھىم خىزمەت ئىشلىگەن. بەزىلەر ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە باش ۋەزىر بولغان دەپ قارايدۇ. «قوچودىكى شي جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» دە «تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ كەلگەن» دېيىلگەن. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇيغۇر خانلىقىدا تونيوقۇق جەمەتى باش ۋەزىر بولىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت شەكىللەنگەن. 840 - يىللاردىن باشلاپ غوبى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى غەربىي جەنۇب، جەنۇب ۋە غەربكە كۆچكەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن 100 يىلغا يېقىن بىرلىكتە ياشىغان. بۇ جەمەت تۇرپانغا كېلىپ، بۇ يەردە تىكلەنگەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى زامانىسىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن. تونيوقۇق سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا دەۋر سۈرگەن بولغاچقا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ شان - شۆھرىتىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن. سېلىنگا

دەرياسى خەنزۇچە «偰辇河» (Xiejian he) دەپ ئاتالغان بولۇپ، يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپاندىن مەركىزى جۇڭگو رايونىغا بېرىپ ھەر خىل مەمۇرىي ۋەزىپىلەردە بولغان بىر قىسىم تونيوقۇق ئەۋلادلىرى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن فامىلە قوللىنىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ مۇقەددەس يۇرتىدىكى دەريانىڭ نامىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى «偰» (Xie) نى جەمەتىنىڭ فامىلىسى قىلىپ تاللىۋالغان. تونيۇقۇق جەمەتىنىڭ 700 يىللىق نەسەبنامىسى خاتىرىلەنگەن بۇ كىتابتىن مۇنداق بىر تارىخىي پاكىتنى بىلەلەيمىز، «قوچودىكى شي جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» خاتىرىلەنگەن پاكىتتىن قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئاشىد ۋە ئاشىنا دىن ئىبارەت ئىككى يادرو قەبىلىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەنلىكىدەك ئەھۋالنى بىلىۋالالايمىز. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ تارىخى يىلتىزى مانا مۇشۇنداق ئېتنىك مەنبەداشلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار. ئېتنىك جەھەتتىكى مۇنداق يېقىنلىق پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قويۇق كۆرۈلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، مەسىلەن، قىرغىز، تاتار، قازاق، ئۆزبېكلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىنىڭ ئالامەتلىرىنى روشەنلەشتۈرىدىغان بىرەر تارىخىي مەنبەنىڭ يوقلۇقى بىلەن روشەن ھالدا سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ تۈركىي تىل ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ تىلنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېيتىلمىغان. پەقەت قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئۇيغۇر تىلشۇناس، ئالىملار بۇ خىل تىلغا ئىسىم قويۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى

ئۈستىگە ئالغان. مەسىلەن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ماتىرى سىمىت» ناملىق ئەسەردىكى بايانلارغا قارىغاندا، «تەڭرى بۆگۈ ئېل بىلگە ئارسلان تەڭرى ئۇيغۇر خانى» ھۆكۈمرانلىقىدىكى «ئۇن ئۇيغۇر» خەلقىنىڭ تىلىغا «تۈرك تىلى» دەپ نام بېرىلگەن؛ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسى سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ بولسا ئىلمىي ئۇسۇلنى قوللىنىپ بۇ تىلنى «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» ، «تۈرك تىلى» دەپ ئاتىغان. تەرجىمىسى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇنراق ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان[183] ، «ئالتۇن يارۇق» («ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىغ قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئېلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ» )نىڭ بىرىنچى جىلدىنىڭ ئاخىرىدا تەرجىمان ئۇچۇق ئىبارىلەر بىلەن «مەن تۇبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئەۋىردىم» (مەن تۇبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈدۈم) دېگەن جۈملە بار. بۇ بايانلار قوچو ئۇيغۇرلىرى ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» («تىرخىن مەڭگۈ تېشى» ، «سۇجى مەڭگۈ تېشى» ، «ئۇغۇزنامە» ۋە باشقا ماتېرىياللارغا قاراڭ) ھەم ئۆزىنىڭ تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغانلىقى ئايان بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىمۇ بۇ تىلنى «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تىلغا «ساپ تۈركچە» دېگەن ئېنىقلىمىنى بەردى. ئۇ يەنە قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىنى شىمالدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن شەكىل جەھەتتە پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «تۈرك تىلى» دېگەن ئىسمنى ئىشلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۈرك تىلى» دېگەن نامنى ئىشلەتكەندىن باشقا «قۇتادغۇبىلىك» دە «بۇغراخان تىلى» ۋە «خان تىلى» دېگەن ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن شائىر ئەھمەد يۈكنەكى ھەققانىي ھالدا «كاشغەر تىلى» دېگەن نامنى قوللانغان.

يۇقىرىقىلاردىن تارىختا «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» غا پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملارلا دەسلەپتە ئىسىم قويغان. بۇنداق ئاتاش تۈرك تىلى، ئورقۇن تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قوچو ئۇيغۇر تىلى، قاراخانىي ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ سۆز تومۇرىلا ئوخشاش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاساسىي قىسمى ئوخشاش. تارىخقا نەزەر تاشلىساق، ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدىلا بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، جۈملىدىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنىشلىك چوڭ بىر تىل بولۇپ قالغان. يىپەك يولى ئالاقىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى خەلقلەر مۇشۇ تىلنىڭ بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك رولى بىلەن شەرقتە قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى، تۈبۈتلىكلەر، غەربتە پارسلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن سودا، مەدەنىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئالاقىسى قىلىشقان. يۈز نەچچە يىل بىرلىككە كېلىش ۋە يۈكسىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئوڭايلا بىكار قىلغىلى بولمايدىغان ھالەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يادرولۇق بىر ئىلمىي دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، قەبىلىلەر پارچىلىنىپ كەتكەن ئاشۇ كۆلپەتلىك يىللاردا ئۇيغۇر تىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن قارا خانىي ئۇيغۇرلىرىنى بىر ــ بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان قېرىنداشلىق رىشتىسى سۈپىتىدە ئۆز رولىنى ئۈتۈقلۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ ئىككى خانلىق تەۋەسىدە ياشىغان ئاساسىي قوۋملارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە يەنە بىر قاتلام مۇھىم ئىتىنىك تەركىب بولۇپ، زېمىن ھازىرلىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

گېپىمىزنىڭ ئورامىغا كەلسەك مىلادىيە IX — XIII ئەسىرلەردە،

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىككى خىل ئەدەبىي تىلنى قوللانغان، يەنى بۇ ئۇيغۇر (قوچو ئۇيغۇر) ئەدەبىي تىلى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، بۇنى ئادەتتە شىمالىي قىسىم ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ؛ قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەدەبىي تىلى كاشغەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان، بۇنى جەنۇبىي قىسىم ئۇيغۇر تىلى دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ. ئىككى خىل ئەدەبىي تىل قوللىنىش دائىرىسى جەھەتتىن جەنۇب ۋە شىمال تەرەپكە ئايرىلىسمۇ، ئەمما ئاساسىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە، روشەن پەرقى كۆرۈلمەيدۇ، پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى خىل ئەدەبىي تىلى بولۇپ ئايرىلىپ قالغانلىقى مەسىلىسىلا مەۋجۇت[184]. قاراخانىيلار ئەدەبىي تىلى بىلەن قوچو ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئوخشاش بولۇشىدىكى سەۋەبى نىمە؟ بۇ ھەقتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى ن. ئا. باسكاكوفنىڭ مۇنداق بىر قارىشىنى ئەسكە ئېلىش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن: «تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ھەر بىر تىل نەسەپ جەھەتتىن ئالدىنقى ئەۋلاد تىلىنىڭ بىر سابىق دىئالېكتى ياكى ئالدىنقى ئەۋلاد تىلىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشۇ ئالدىنقى ئەۋلاد تىلىغا تەۋە بولىدۇ ھەمدە گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لېكسىكا ئاساسىنىڭ ئەڭ تۇراقلىق ئېلېمېنتلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەزكۇر تىل بىلەن ئالدىنقى ئەۋلاد تىلى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈشلەر ھەم پەرقلەرمۇ بولىدۇ. تىلنىڭ تۇراقلىق ئېلېمېنتلىرى ۋە ۋارىس تىلدىكى ئالدىنقى ئەۋلاد تىلغا نىسبەتەن پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەر مەزكۇر تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات مۇساپىسىنى خېلى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ھەمدە تىللارنىڭ ئايرىم پاكىتلىرى ۋە ھادىسىلىرىگە قاراپ، بۇ

گۈرۈپپىدىكى ھەممە تىللارنىڭ ئەسلىدىكى بىرلىكىنى ئىنقىلاپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ»[185] . بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئاشۇ خانلىق تەۋەسىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەر ئاساسىدا قۇرۇلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدە بىر خىل ئەدەبىي تىلنىڭ قوللىنىلىشى يەنى ئىككى خىل ئەدەبىي تىلنىڭ ئوخشاش بولۇشى ئىنسانلارنىڭ تىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن.

ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىككى خىل ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدا زادى پەرق يوقمۇ، پۈتۈنلەي پەرق يوق دەپ ئېيتىش ئىلمىي ـ پەنگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئەلۋەتتە مەلۇم پەرق بار. ئىككى خانلىق ئۇزۇن مۇددەت دىن جەھەتتە قارىمۇ قارشى ھالەتتە تۇرغان بولغاچقا بىردىنبىر تىل ئالاقىسى قىلىدىغان چاغدا مۇئەييەن توسالغۇ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، جەنۇب بىلەن شىمالدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا چەكلىكلىكى بولمايدىغان پەرق كېلىپ چىققان. بۇ دېمىسىمۇ چۈشىنىشلىك بىر مەسىلە.

مەيلى جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولسۇن، مەيلى شىمالدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولسۇن، بىر پۈتۈن ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ قالماستىن، بەلكى باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. بۇ توغرۇلۇق «سوۋېت چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» (4 ـ توم، 1956 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت ) دە ئېنىق ھالدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە مەدەنىيەت ئالاقىلىشىش تىلى

بولۇپ كەلدى» دېگەن بايانى بىلەن تۈركىيىلىك مەشھۇر ئالىم شەمسىدىن سامى ۋە ئەھمەد زەكىلەرنىڭ مۇشۇ مەزمۇندا ئېيتقان بايانلىرى مىسال بولىدۇ.

ئومۇمەن، «مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېگىن ھىكايىسى»، «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئامما باب ھۆججەتلەر» ۋەكىللىكىدىكى شىمالىي قىسىم ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ھۆججەت، ۋەسىقىلەر بىلەن «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋەكىللىكىدىكى جەنۇبىي قىسىم ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ھۆججەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر تەرەپلىمە خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ئىپادە قىلغان كلاسسىك ئەسەرلەر بولۇپ ئۇلار، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سىستېمىلىق يازما ھۆججەتلىرى سۈپىتىدە داڭلىقتۇر. چاغاتاي تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋارىسى، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنى بۇ تىلنىڭ ھەقلىق ئىگىسى. باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا پەقەت ۋاستىلىك ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

(2) ئەدەبىيات. بىر مىللەتتە يازما ئەدەبىياتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بەلگىلىك ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. تەتقىقاتچى لاڭ يىڭ خانىم مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ئەسەر ئوخشاشلا دەۋرنىڭ مەھسۇلى. غايەت زور داۋالغۇش ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق بىر دەۋر گىگانت ئەسەرلەرگە موھتاج بولىدۇ.»

ئۆلمەس ئەسەر ‹قۇتادغۇبىلىك› ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس ياكى تاسادىپىي ھالدا يارىلىپ قالغان ئەمەس. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى مۇئەييەن باسقۇچقا يېتىپ بارغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇر

مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان داڭلىق ئەسەر»[186].

مىلادىيە IX ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىدا مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بولغان ۋاقىت ئىدى. يەنى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ غوبى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە غەربكە كۆچكەن قەبىلىلەر شىمالىي شىنجاڭ، يەتتەسۇ، ماۋەرائۇننەھر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئەسلىدە بار ئۇيغۇر قەبىلىلىرى باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، ئارىيانلار، توخارلار، سوغدىلار ۋە شىنجاڭ تەۋەسىدە ياشاپ تۇرغان خەنزۇلار بىلەن بىرلىشىپ يېڭى بىر ئىجتىمائىي ۋە مىللىي گەۋدىنى يەنى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنى ئاساس قىلغان ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تۈزۈمى باسقۇچىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودال مىللەت شەكلىدىكى بىر تارىخىي دەۋرگە كىرىپ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدە ئۇيغۇرلار فېئوداللىق مىللەت شەرتىنى باشلامچى بولۇپ ئورۇنلاپ، ئۆزىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشلىغان. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مۆجىزىلەرنىڭ يارىتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ۋاسىتە قىلغان ئەدەبىياتى ئورقۇن ۋادىسىدىلا چاپچىپ تۇرغان ئاتقا ئوخشاش تېزلىكتە يۈكسىلىشكە شەرت ھازىرلىغان. لېكىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولسا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە گۈللەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلى نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشقا پۇختا مۇمكىنچىلىكلەرنى تەييارلاپ بېرەلەيتتى. غوبى ئۇيغۇرلىرى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىن يۇقىرى بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلدى. ئەمما،

جاسارەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە غايىلىك ئۇيغۇر مىللىتى بۇ خىل يۈكسەك مەدەنىيەت ئالدىدا تەمتىرەپ ياكى يەم بولۇپ كېتىش ھېسسىياتىدا بولماستىن، بەلكى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، يايلاقتىكى چەۋەندازلاردەك مەغرۇرلۇقىنى ساقلىغان ھالدا ھەم ئۇزۇن يىللىق بوستانلىقتىكى قوۋملارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنلىكىدەك ئىلغار ئىدىيە ۋە كەڭ قورساقلىقنى نامايان قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرقتە تاڭ سۇلالىسى، غەربتە ئىران، ئەرەبىستان، جەنۇبتا ھىندىستانغا ئوخشاش مەدەنىيەتلىك ئەللەر بىلەن قويۇق دوستانە ئالاقە قىلىش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتەك بىر قاتار ئامىللار قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پسىخىكىسىدا «ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، ئاستىرتىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش» تەك روھى مۇستەھكەملەنگەن. ئۇلار شىنجاڭنىڭ روناق تاپقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت باغچىسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق باغۋەنلىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن بۇ گۈلزارلىقتىكى مەرىپەت گۈللىرىنى ئۈششۈتۈپ قويماستىن، بەلكى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلدى، ئۆزلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېچىلدۇرغان خۇشپۇراق گۈللەردىن ھۇزۇرلاندى ھەم تېخىمۇ كۆركەم مەرىپەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، ئۆز دىيارىنى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك چىمەنزارلىققا ئايلاندۇرۇشقا ئىرادە تىكلىدى.

غەربى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يادرو قەبىلىلىرى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى قوچو، كۇسەن، كاشغەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى مەركەز قىلغان ھەر قايسى بوستانلىقلاردا مول مەزمۇنلۇق رەڭگارەڭ ئەدەبىيات بەرق ئۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى. مەيلى دىن مەزمۇنىدىكى ئەدەبىيات، مەيلى ئاممىباب ئەدەبىيات يەنى ئۆرپ ـ ئادەت ئەدەبىياتى بولسۇن

ئومۇمىي خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىياتتىن باشقا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازغۇچىلار ئەدەبىياتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئوخشىمىغان دەرىجىدە يېقىنلاشقان. بۇ يەرلەردىن پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى، بولۇپمۇ تىل ـ ئەدەبىيات، تەرجىمە، شەرھشۇناسلىق ساھەسىدە مەشھۇر ئالىملار ئۆتكەن. كوماراجىۋا، فۇتۇدىڭ، سىكساناندالارنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن سەل ئىلگىرىلا سۇلى خانلىقىدا چوڭ ئالىم خويلىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوخشىنىغا ئوخشاش كاتتا ئالىملار ياشىغان.

دەل قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغان چاغلاردا خانلىقنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىلىرى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارىتى يۇكسەلگەن، شەھەرلىشىش جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر يۈزلىنىشى بولۇپ قالغان بىر ئۇلۇسقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئېلىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بىر بالداق يۇكسەلدۈرۈشتەك يۇكسەك مەجبۇرىيەتنىمۇ تارىخىي يوسۇندا ئۈستىگە ئالغان.

غوبى ئۇيغۇرلىرى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن قۇرۇلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى IX ئەسىردىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر 400 يىلغا يېقىن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى. 400 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى ھەم دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەتتىكى گۈللىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيا

ۋە پۈتۈن شەرق دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى[187].

مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ھالبۇكى، ئىدېئولوگىيە يەنە ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشمۇ ئىقتىسادىي گۈللىنىشنىڭ ئىپادىسى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئەل فارابى، جەۋھەرى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش شەرتىنى ھازىرلىغانلىقىنىڭ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىپ، پۇختا، سىستېمىلىق مەدەنىيەت، مەنىۋى ئاساس يارىتالىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. بۇ بىر روشەن پاكىت، «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدىلا بارلىققا كېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ھازىرلىغان نادىر ئەسەر. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىر قاتار مەسىلىلەردىن باشقا، ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇرلار يەنە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە بولغان دىن مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ نېگىزى ۋە ئەمىر مەرۇپلىرىنى ئىگىلەپ، جارى قىلدۇرۇشتا، قانۇن - تۈزۈم ۋە ئەل - يۇرت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا، باج - مالىيە، پۇل - مۇئامىلە كەسپىدە ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ پىشقان ۋە سىناقتىن ئۆتكەن

مول تەجرىبىلىرىگە ئىگە ئىدى. ئۆز زامانىسىدا «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»[188] (جۇ چىڭباۋ سۆزى) بولۇپ قالغانلىقى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ياكى غەلىتىلىك ئەمەس.

## 8) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرى

### (1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «B مۇقەددىمە» 57 ـ بېتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تەكتى ياخشى نەسەبتىن» دېگەن جۈملە ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تە «خاس ھاجىپ» قانداق بولۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىگە بېرىلگەن مۇپەسسەل ئۆلچەملەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھۆكۈمران قەبىلە ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقان «ياخشى نەسەب» لىك جەمەت قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى ئاساسىي مىللەت ۋە ھۆكۈمران قوۋم ئۇيغۇر بولۇپ، قانداقتۇ يەنە باشقا بىر قەبىلىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، فېئودال قەبىلىچىلىك تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر خانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ھۆكۈمران قەبىلە بولغان ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن باشقىسىنىڭ ياخشى — «ئېسىل نەسەبلىك» بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇنداقلا «ماھىر ئەر، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى»، «تۆرلۈك پەزىلەت ۋە پاراسەت بىلەن بېزەلگەن ۋە خۇشال ئۆتكەن»، «توغرىلىقى، ھۆرمىتى ۋە خۇداكۆيلىقى سەۋەبىدىن تەقۋادار، بىلىملىك، پاك ئۆتكەن»، «سۆزگە ماھىر» بۇ ئادەمنىڭ پادىشاھقا كىتاب تەقدىم قىلىپ، «خاس ھاجىپ» نامىنى ئېلىپ ھەم پادىشاھ تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ، «مۇكاپات ئېلىپ، قەلەم ھەققى ۋە ئەقىل ـ

پاراستى ئۇچۇن ھۆرمەتلىنىپ» پادىشاھقا «تېخىمۇ يېقىنلىششى» («قۇتادغۇبىلىك»، «B مۇقەددىمە») مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. بولۇپمۇ، شائىر داستاننى تاماملاپ، قاراخانىي پادىشاھىغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن تابغاچ قارا بۇغرا خاقان مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن شائىرغا «يۇسۇپ خاس ھاجىپ» (نەسرى مۇقەددىمە 27 ـ، نەزمىي مۇقەددىمە 28 ـ بېيىتلار) ئۇنۋانى بەرگەنلىكى شائىرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بەلگىلىشىمىزگە ۋاستىلىك ماتېرىيال بولۇشى كېرەك. دەرۋەقە، كېيىنكى بېيىتلەردە بۇ سۆزگە «ئۇلۇغ» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ، «ئۇلۇغ خاس ھاجىپ» يەنى بارلىق ساراي ئەھلىلىرىنىڭ باشلىقى دەپ ئاتالغان.

بۇ ئۇنۋاننى ئالغان كىشىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئىمتىيازى داستاندا «ۋەزىپىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ نازۇك ۋەزىپە ھاجىپلىق ۋەزىپىسىدۇر» (2524 — 2435 ـ، 2484 ـ بېيىتلار) دەپ كۆرسىتىلىدۇ. «ھاجىپلىق ئۈچۈن ئۇنلىغان پەزىلەت بولۇشى كېرەك؛ ئۆتكۈر كۆز، دىڭ قۇلاق، سېخى كۆڭۈل، كۆركەم چىراي، كېلىشكەن قامەت، گۈزەل قىياپەت، شېرىن سۆز، ئەقىل ـ ئىدراك، بىلىم» دېيىلىدۇ (2487 — 2488 ـ بېيىتلەر).

ئۇلۇغ خاس ھاجىپ — ئەلنىڭ كۆرەر كۆزى. ئۇ قانۇنلار ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، كاتىپلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە خەزىنىچىلەرنى باشقۇرىدۇ. رەسمىي مۇراسىملارنىڭ، زىياپەتلەرنىڭ تەشكىللىنىشىنى كۆزىتىدۇ، كەمبەغەللەر، تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇللارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەلىگكە دوكلات قىلىدۇ، ۋەھاكازالار. . .

بۇنداق خىزمەتلەرنى خان جەمەتى ۋە قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىن چىققان ئېسىلزادىلەر قىلىشقا تېگىشلىك.

«قۇتادغۇبىلىك» دە ئۆز زامانىسىنىڭ رىئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، قايتا قۇرۇش ۋە بىر باداق يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە بىر قاتار غايىۋى ئارزۇ - ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ۋە جانلىق، تىپىك بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن. «قۇتادغۇبىلىك» دە بۇ ئىككى خىل يۆنىلىشلىك كۆز قاراشنىڭ ئىجتىمائىي مەنىۋى ئاساسىي سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي قاراشلىرى قويۇق ۋارىسلىق قىلىنغان ئاساستا، ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئىپادە قىلىنغان. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىلىلا بىرلىككە كەلگەن ۋە سىستېمىلاشقان كىشىلىك قارىشى، ئالەم قارىشى ۋە پەلسەپىۋى قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى قارىشى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. «قۇتادغۇبىلىك» دە ئىپادىلەنگەن بۇ خىل قاراش كۆپ لىنىيە ۋە كۆپ تارماقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە بارلىق ھاياتلىقنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى كۈللى جانلىقلارنىڭ سەرخىلى ئىنساننى سۆيۈش، ئىنساننىڭ زورىيىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسى ئەمگەكنى قەدىرلەش، ئەقىل ۋە پاراسەتنىڭ غايەت زور دەرىجىدە قويۇقلاشقان جەۋھىرى — بىلىم - ھېكمەتنى ئۇلۇغلاش، مېھنەت ۋە بىلىم ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىدا يېتىشكە تېگىشلىك رىئال تۇرمۇشتىكى بەخت (قۇت)، بۇنداق بەختتىن بىر مەزگىل لەززەتلىنىش بىلەن كۇپايىلەنمەي، ئۇنىڭدىن ئۈزۈنغىچە ھۇزۇرلىنىش، پەيزىنى سۈرۈش ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى دېگەنگە ئوخشاش

ئاكتىۋال مەسىلىلەر جانلىق، ئوبرازلىق ۋە روشەن هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇبادا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇشۇ مەسىلىلەردە بىرلىككە كەلگەن سىستېمىلىق ئىدىيىۋى قاراش بولمىغان بولسا ئىدى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى سىستېمىسى مۇنچىلىك دەرىجىدە مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق بولمىغان بولاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە، پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۇزاق تارىخنى بويلاپ، ئىزچىل زورىيىپ كەلگەنلىكى، ئوتتۇرا جۇڭگو، هىندىستان، ئەرەب، پارس ۋە گىرىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئېسىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ بارغانلىقى، ئۆز زامانىسىدا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە ئورتاق ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس هاجىپ تەرىپىدىن هەقلىق يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە بېيىتىلىپ، سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، دەستۇر تۈسىنى ئالغان هالدا ئوتتۇرىغا چىققان.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۈسۈپ خاس هاجىپتىن كېيىنكى تارىخىدا ئۆتكەن بىر قاتار ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە شائىر، يازغۇچىلىرى ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىرى ياكى «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىرى بولسۇن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى هەرخىل ئۇسلۇب ۋە يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىرى يوق دېيەرلىك. بۇ نۇقتا يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ يىراق تارىخى بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇشتا مەركىزىي باغلىغۇچىلىق رول ئوينىغان كاتتا مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## (2) مەھمۇد كاشغەرى

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۇرك»ناملىق ئەسىرىدە «. . . مەن شۇ تۇركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن .» ( I توم، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر) دەپ يېزىپ، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان قەبىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ.

بىر مۇنچە ئالىملار، بولۇپمۇ ئومىلياك پرىتساك مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتىدا ( I توم، 152 ـ بەت) «تۇرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن قايتۇرۇۋالغان بۇۋىمىزنى، خەمىرتېگىن (ئەمىر تېگىن) دەيدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئىبنى ئەل ئاتھىرنىڭ قاراخانىيلار جەمەتى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ھىجرىيە 389 ـ يىلى (992 ـ يىلى) بۇخارانى ئالغان ئەبۇل ھەسەن ھارۇن بىننى سۇلايمان خوتەننى ئالغان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بوۋىسى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەدنىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەد مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى، «ئارسلان ئىلىك» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ھىجرىيە 448 — 449 ـ (مىلادىيە 1056 ـ 1057) يىللىرى بارسغان ئەمىرى بولۇپ تۇرغان ۋە «شەمسىد دۆلەت ئارسلان ئىلىك» دېگەن نام بىلەن شۇ دەۋردە سوقتۇرۇلغان ئاقچىلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن تەرىپىدىن سوقتۇرۇلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قاراخانىيلار خان جەمەتىدىكى ئورنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ چىقىلدى.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تولۇق نامى — مەھمۇد ئىبنى ئەل ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەلى كاشغەرى تەخمىنەن مىلادىيە

1020 ـ يىللىرى كاشغەرنىڭ غەربىدىكى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق كەنتىدە تۇغۇلۇپ، تەخمىنەن 1117 ـ يىللىرى يەنە شۇ يېزىدا ۋاپات بولغان. ئۇ مىلادىيە 1072 — 1075 ـ يىللىرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق ئۈچ جىلدلىق كىتابنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ قالدۇرغان يەنە «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋفى لۇغەتت تۈرك» ناملىق بىر ئەسەرنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەر هازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

مەھمۇد كاشغەرى توغرىسىدا ئىلىمىزدە يېقىنقى 20 نەچچە يىل مابەينىدە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن ئارتۇقچە چۈشەندۈرمىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 7. قىتانلار ۋە ئۇيغۇرلار

قىتانلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ رولى

قىتانلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ئاپىرىدە بولغان ۋە شەكىللەنگەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار شەرقىي غوزلارنىڭ ئەۋلادى، بەزىلەر توڭغۇس تىپىدىكى خەلق دېسە، بەزىلەر موڭغۇل تىپىدىكى، يەنە بەزىلەر تۈركىي تىپتىكى قەبىلە دەپ قارايدۇ[189].

مىلادىيە Ⅳ ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى خۇاڭخې دەرياسى (سارمورېن دەرياسى) ۋە توخې دەرياسى (لوخا دەرياسى) ۋادىلىرىدا قىتانلار بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. قىتانلار تۈرك خانلىقى (552 — 744) كۈچەيگەن چاغلاردا ئۇلارغا بېقىنغان. تاشقى موڭغۇلىيىنى ئاساسىي بازا قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) قۇرۇلغاندا قىتانلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا 100 يىلغىچە ياشىغان[190]. شۇ چاغدا ئۇيغۇر خانلىقى رۇسى (思糯) دېگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارنى قىتانلارغا ھۆكۈمران قىلىپ ئەۋەتكەن. 840 ـ يىللىرى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن قەبىلىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە پىترىراپ كەتكەن. قىتانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار موڭغۇلىيىدىكى ئورقۇن دەرياسى ساھىلىغا قايتىپ كەتمەي، ئاۋۋالقىدەكلا قىتانلار بىلەن بىرىدە قېلىپ، قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان. بىر مەزگىللىك ياشاش ۋە تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار

بىر قەبىلە بولۇپ زورايغان ۋە بىر قانچە جەمەتكە بۆلۈنگەن، «شۇلۇ» بىر جەمەتنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇلار قىتانلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇشالايدىغان يۇقىرى ئىمتىيازنى مۇستەھكەملىگەن. شۇلۇ يولىدۇ خانىشنىڭ ئوغلى قىتانلارنىڭ تۈيزوڭ خانى بولمىش ياللۈغ دېگۇاڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ «خانىش (ئانىسى شۇلۇ يولىدۇنى دېمەكچى ـ نەقىلچىدىن) نىڭ جەمەتى چوڭ قېرى ئارچىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس» («ئومۇمىي ئۆرنەك» 286 ـ جىلد، «كېيىنكى خەن سۇلالىسىغا ئائىت خاتىرىلەرنىڭ بىرىنچىسى»، «后汉纪» 卷286 «通鉴» ) دېگەن.

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى. خانىشلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «تەيزۇڭنىڭ چۈن خانىشى شۇلۇ ئۇرۇقىدىن، يوشۇرۇن ئىسمى پىڭ، ئەركىلەتمە ئىسمى يولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى (مۇنۇلار). ئۇيغۇر رۇسى ۋېي نىڭ شىبلىنى تاپقان، ۋېينىڭ (شىبلى) جىنسى مىيلىنى تاپقان، جىنسى (مىيلى) پوگۇمىيلىنى تاپقان، پوگۇ (مىيلى) يۈندى جياۋاڭ (لياۋ تەيزۇ ياللۈغ ئاباگىنىڭ بوۋىسى يۈندىشى — نەقىلچىدىن) نىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇلار قىتانلارنىڭ ئوڭ تەرەپ قەبىلىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۆگۈنىڭ ئىسمى يۇەن بولۇپ، ياۋلىيەن ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى بولغان». دېمەك، شۇلۇ يولىدۇ مىلادىيە 879 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، رۇسى ئۇنىڭ چوڭ بوۋىلىرى، يەنى تۆتىنچى بوۋىسى بولۇپ، ئارىلىقتا ئۈچ ئەۋلاد ئۆتكەن. ھەر بىر ئەۋلاد 30 يىلدىن ھېسابلانغاندا، بۇنىڭغا تەخمىنەن 100 يىل بولغان. يەنە بۇنىڭغا رۇسىنىڭ ئۈستۈرۈلۈپ، يۆتكىلىپ ماكانلاشقان ۋاقتىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئومۇمەن شۇلۇ يولىدۇ خانىشنىڭ ئەجدادى قىتانلارغا بېرىپ ماكانلاشقان ۋاقتى مىلادىيە 750 — 760 ـ يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ

پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچەيگەن چاغلىرى ئىدى. شۇلۇ يولىدۇ قىتانلارنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى خانى لياۋ تەيزۇ — ياللۇغ ئاباگىغا ياتلىق بولغان. دادىسى يۈەن ياۋلىيەن قەبىلىلىرى بىرلەشمىسىنىڭ ئازاگىېزىسى (ئەمەل نامى — ئاتامان مەنىسىدە بولسا كېرەك) بولغان. ياللۇغ ئاباگى 907 ـ يىلى خان دەپ ئاتالغاندا، ئۇ «زېمىن خانىش» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرنى توپلاپ، ھەربىي تەييارلىقلارنى ئىشلىگەن. 913 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىنىسى لاگى ئاباگىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئىسيانچىلار بىرقانچە قەبىلىلەرنى ئەگەشتۈرۈۋالغان بولغاچقا كۈچىمۇ خېلى زور ئىدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە ئاباگى ئالدىن يۈرەر قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، لاگى قاتارلىقلارنى قوغلاش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. شۇلۇ يولىدۇ ئوردا مۇھاپىزەت لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، يېنىدىشى باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. يەنە يارەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئاباگى خانلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان تۇغ — سۇتۇقنى ۋە ئاباگىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «قۇتلۇق چېدىرى»نى قايتۇرۇۋېلىپ كېلىدۇ[191]. 916 ـ يىلى ئاباگى (لياۋ تەيزۇ) قىتان قۇلدارلىرىنىڭ باش رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى خانلىق تۈزۈمىنى تىكلەيدۇ، پادىشاھلىق نامىنى قوللىنىپ، «ئۆزىنى تەڭرى خان» دەپ ئاتايدۇ. خوتۇنى شۇلۇ يولىدۇغا «لاياقەتلىك، دانىشمەن زېمىن خانىش»ى دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قىتان پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي، دۆلەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا شۇلۇخانىش قاتنىشىدىغان بولغان ۋە سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلىگەن.

ئۇ ئەقىللىق، باتۇر، لەشكىرى ئىشلارغا پىششىق

بولغاچقا، يېڭىدىن تىكلەنگەن ئاباگى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن لەشكىرىي تەييارلىقلارنى پۇختىلىغان. ئەينى چاغلاردا قىتانلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلىغان. قەبىلىلەر ئاۋۋالقىدەكلا ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمنى ئاساس قىلغان. قىتان ئارمىيىسىنىڭ غوللۇق قىسمى پادىشاھنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى زەربىدار قوشۇندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاباگى بۇ قوشۇننى «پىشى قوشۇن» ( «پىشى» قىتانچە سۆز بولۇپ، قەيسەر، باتۇر دېگەن مەنىدە) ۋە «خاس قوشۇن» دېگەن قىسىملارغا بۆلگەن. «پىشى قوشۇن» «زېمىندىكى نادىرلاردىن تاللانغان» بولۇپ، 30 مىڭ چەۋەندازدىن تەشكىل تاپقان. «خاس» ( 属珊 ) «ئەتىۋارلىق» دېگەن مەنىدىمۇ بولۇپ، بۇ شۇلۈ خانىش تەرىپىدىن تاللانغان 20 مىڭ چەۋەندازدىن تەشكىللەنگەن. ئەمەلىيەتتە «خاس قوشۇن» شۇلۈخانىشنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا بولاتتى.

شۇلۈ يولىدۇ ئاساسىي قوشۇننى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقتىن لياۋ تەيزۇ ئاباگى داڭشاڭ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان، بۇ چاغدا سىرۋېيلارنىڭ خۇاڭ تو (سېرىق باشلار) ، چوپۇ ئىككى ئۇرۇقى مەخپىي پىلان تۈزۈپ، قىتانلارنىڭ خان ئوردىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇلۈ خانىش خەۋەرنى تاپشۇرۇۋېلىپلا دەرھال قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ، قەھرىمانلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەڭ قەبىلىداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

شۇلۈ يولىدۇنىڭ قىتان خانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرى سان ـ ساناقسىز. بۇنىڭ ئىچىدە 925 ـ يىلى قىتانلارنىڭ شەرقىي بۇخەيگە يۈرۈش قىلىشىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. شۇ يىلى

قىتان خانى ئاباگى، خانىش شۇلۇ يولىدۇ، شاھزادە بېي، ئىككىنچى ئوغلى دىگۇاڭ قاتارلىقلار بىرگە بارغان. بۇ ئۇرۇش دەھشەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا قىتانلار پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىغان. ئاخىرى قىتان قوشۇنى غەلىبە قىلغان. خانىش بۇ ئۇرۇشتا كۆپ ئەقىل كۆرسەتكەن.

926 - يىلى 7 - ئايدا لياۋتەيزۇ ئاباگى بوخەيلىكلەرنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن فۇيۇ دىيارىدا ئۆلىدۇ. ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن خانىش شۇلۇ يولىدۇ نايىب شاھ بولۇپ، خاقانلىقنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ. 927 - يىلى 11 - ئايدا ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان ئەمىر لەشكەر ياللۈغ دىگۇاڭ خانىش شۇلۇ يولىدۇنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. خانىش شۇلۇ يولىدۇ 953 - يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پۈتۈن ئوي - پىكرى قىتانلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىشىپ، ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسىتىش، ھالقىلىق پەيتلەردە تەدبىر بەلگىلەش بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق بىر قانچە مىسال كۆرسەتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. خانىش ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى يېڭىپ ۋە باشقا تېگىنلەرنى قايرىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئوغلى ياللۈغ دىگۇاڭنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇزدى، شۇ چاغدا ئاباگىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ياللۈغ بېي ھەم خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. دىيلى قاتارلىق يۇقىرى ئابرۇيلۇق قىتان ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى قوللايتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، خانىش دىيلىنى «شەرقىي قىتان خانىغا يان باستى» دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، دىگۇاڭنىڭ ئورنىنى ئوڭۇشلۇق قوغداپ قالىدۇ. دىگۇاڭ تارىختا لياۋتەيزۇڭ دەپ ئاتىلىپ، 947 - يىلىغىچە خان بولىدۇ. بۇ جەرياندا، خانىش ئوغلىنىڭ دۆلەت

باشقۇرۇشى جەھەتتە كۆپ مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. دىگۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن خانىش ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئارزۇلۇق ئوغلى لىخۇنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولۇپ نۇرغۇن ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەتتا لىخۇ بىلەن ئىككىسى سارمۇرىن دەرياسى بويىدا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، ئۆكتىچى گۇرۇھ بىلەن ھەل قىلغۇچ ئېلىشماقچى بولىدۇ. ئەمما، قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى سەۋەبلىك، چوڭ شاھزادە يوڭكاڭۋاڭ (بۇنىڭ ئانىسى باشقا، لىخۇ بىلەن دادا بىر) تەختكە ئولتۇرىدۇ ۋە لياۋشىنزۇڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

لياۋ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاباگى خان دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا شۇلۇ خانىشنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ پاكىتى يەنە مۇنداق: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 6 ـ توم، 68 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «خانىشنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئايماق ـ ناھىيىلىرى بولاتتى. خانىش شۇلۇ (يولىدۇ ـ نەقىلچىدىن) كۇنچىقىشتىكى جايلارنى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا، ئەسىر ئالغان قۇللارغا يىكۇن ئايمىقىنىڭ گۇاڭيى ناھىيىسىنى قۇرۇپ بەرگەنىدى (ئۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يايلىقى ئىدى). بۇ ئەسىرلەر شۇلۇ خانىشنىڭ ‹خۇسۇسىي قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغان› ئىدى». «پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ قول ئاستىدىكى قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭمۇ ‹قارام› قۇللىرى بولاتتى».

لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى يالىلۇغ ئاباگى قىتانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم ھەسسىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ ھوقۇق ئىگىلىشى قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىسىمۇ، ئەمما ئەينى تارىخىي شارائىتتا قىتان جەمئىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، شۇنداقلا قىتان خەلقىنىڭ قىزغىن ۋە ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. لياۋ

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمالىدىكى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان كەڭ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، قىتانلارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ قالماستىن، بەلكى خانلىق تەۋەسىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ئارىلىشىشىنى ياخشىلىدى ۋە تېزلەتتى. ئاباگىنىڭ ئايالى شۇلۇ يولىدۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر خان بىلەن بىرگە بولدى. چارە ـ تەدبىرلەرنى بىرلىكتە تۈزدى. ئالدىنقى سەپتە بىللە جەڭ قىلدى، قىتانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى قاتتىق ۋە دەھشەتلىك توساقلارنى باتۇرلارچە بۆسۈپ ئۆتۈپ، قىتانلارنىڭ سەككىز قەبىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تېزلەتتى. ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن، لياۋ سۇلالىسىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھەم ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى داۋاملىق ئىلگىرىلەتتۈرگەن. پروفېسسور سۇ بىيخەي خانىشقا مۇنداق باھا بەرگەنىدى: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆچمەس تۆھپىدۇر، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۇ ئۇنتۇلمايدىغان مۇھىم ئايال سىياسىئون، ھەربىيشۇناس، بىر ئەۋلاد مەشھۇر ئاياللار سەھىپىسىنى ئاچقۇچى».

## 1) قىتانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا خانلىق تىكلىشى ۋە ئۇيغۇرلار

بىز ئەمدى قاراقىتان — لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتى توغرۇلۇق توختىلىمىز.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى قاراقىتانلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى ۋە قۇدرەت تېپىشى بىلەن

ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇردى. موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن قوچو ئىدىقۇتى، سىياسىي ۋەزىيەتنى دەرھال مۆلچەرلەپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى (1211 ـ يىلى) ، قاراخانىيلارمۇ بۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن غايىب بولغانىدى.

ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە موڭغۇللار باش كۆتۈرۈشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ئېتنىك تەركىبلەر ئۆزلۈكسىز زورايغانىدى. قاراقىتانلارنىڭ بۇ رايوننى غادىرۇسكۆل قىلىشى، بۇ خىل ئەھۋالنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. شۇڭا، قاراقىتانلار ۋە موڭغۇللار دەۋرىدىكى يەتتەسۇ ھەم ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى يېكمۇاشتىن بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قاراقىتانلارنىڭ غەربىي رايوندا قۇرغان ھاكىمىيىتى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «غەربىي لياۋ دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. بۇ دۆلەت مىلادىيە 1124 ـ يىلدىن 1211 ـ يىلغىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنىڭدەك شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدە ھۆكۈم سۈرۈپ، بۇ رايونلاردا چوڭقۇر تارىخىي ئىز ۋە تەسىرلەرنى قالدۇردى.

بۇ دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇش، ئىتتىپاق تۈزۈش، بەيئەت قىلدۇرۇش، پارچىلىنىش، مۇنقەرز بولۇش، خانلىق سىستېمىدا ئالمىشىش يۈز بېرىش قاتارلىق بىرقاتار ئىجتىمائىي، سىياسىي ھادىسىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر بۇ ئۈچ ھاكىمىيەت بىرلا ۋاقىتتا (مىلادىيە 1211 — 1212 ـ يىللىرى) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن ئايرىلدى.

www.uyghurkitap.com

بىز غەربىي لياۋ دۆلىتىنىڭ يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىدا ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرغان مەزگىللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ ئورۇندىكى ئورنى ۋە پائالىيەت تەسىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش ئارقىلىق، موڭغۇل دەۋرىدىكى خۇددى شۇ خىل ئەسلەشكە مۇقەددىمە ھازىرلاپ چىقىمىز.

قىتانلار يەتتەسۇ، ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى بىر مەزگىل ئىگىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۇيغۇرلار غەربىي لياۋ دۆلىتى چېگراسى ئىچىدىكى ئاساسىي مىللەتلەرنىڭ بىرى»[192] بولۇپ قېلىۋەرگەن. چۈنكى، بۇ ئىككى مىللەت خەلقى تارىختىن بېرى ئۆزئارا دوستانە ئۆتۈپ كەلگەن، ئۇرۇش ـ تالاشمۇ قىلغان. بىر خانلىق تەۋەسىدە ھايات كەچۈرگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قىتانلار ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان[193]. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قىتانلار بىلەن سودا ـ ئالاقە، دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. غەربىي لياۋ دۆلىتى ئۇيغۇرلارغا ئۆز تەۋەسىدىكى ئاساسىي ئاھالە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇنىڭدا بىرقانچە خىل سەۋەب بار. قىتانلار ئانا جەمەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك قىتان قاغانلىرى ئانا جەمەت تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئاساسلىقى ياللۇغ تاشىنىڭ قىتان قوشۇنلىرىنى باشلاپ، غەربكە سەپەر قىلىشىنىڭ دەسلەپكى مىنۇتلىرىدا قوچو ئۇيغۇر خانى بىلگە ئىززەت ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ ئۆز ئېلىدىكى يولدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويغان. يەنە بىر جەھەتتىن، «ئۇيغۇرلارنىڭ. . . ماۋەرائۇننەھردە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىگە 300 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالغان»[194]، يەنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن پامىرنىڭ

غەربىدىكى يەرلىك ئاھالە ئاساسەن ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭغا نۇرغۇن پاكىت كەلتۈرۈش مۇمكىن. بىز بەزى پاكىتلارنى باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندىن باشقا يەنە خەنزۇچە هۆججەتلەردىن جىن خانلىقى (1115 — 1234) نىڭ يىلنامىسى «جىن سۇلالىسى تارىخى» ( 金史 ) دا پامىرنىڭ غەربىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئۆز يېرىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر قوۋمى ( 回纥部 ) دىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. «جىن سۇلالىسى تارىخى» ، 121 ـ جىلد «نيەن خەن گېنۇ تەزكىرىسى» دە «دادىلىك يىللىرى (1116 — 1198) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن ئىسلام ( 移习览 ) قاتارلىق ئۈچ ئادەم غەربىي جەنۇبقىچە بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلىشقا كېلىشكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ زوكۇفەن ( 回纥邹括番部 چىگىل؟ ) قەبىلىسىدىكىلەردىن بولۇپ، تۇرىدىغان شەھىرى قۇزئوردۇ (بالاساغۇن) ئىكەن» دېيىلگەن.

ياللۇغ تاشىن غەربىي لياۋ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، بالاساغۇنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، تېخى، شۇ مەزگىللەردە بالاساغۇننىڭ هۆكۈمدارى قاراخانىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى[195]. جۇۋەينى «بالاساغۇن، موڭغۇللار قۇزبالىق دەيدۇ. بۇ رايوننىڭ هۆكۈمدارى ئۆزلىرىنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دېيىشەتتى. . . »[196] دەپ يازغان. دېمەك، ياللۇغ تاشىن بالاساغۇنغا كىرگەندىن كېيىن ئافراسىياپ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆتۈنۈپ بېرىشى بىلەن[197] بۇ ئورۇندا خان بولغان. دېمەك، مۇشۇ چاغدا بالاساغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار ياشايدىغان يەر ئىدى.

ياللۇغ تاشىن يەتتەسۇ ئۆلكىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئىگىلىگەندىن كېيىن مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى تابغاچ ئىبراھىم III نى سەمەرقەنتنىڭ قاراخانى ئورنىغا تىكلەپ، ئۆزىگە قارام قىلىپ قويغان. يەنى ئۇ ماۋەرائۇننەھرگە

www.uyghurkitap.com

بارغاندا ئۇ يەردە ئۇچراتقان ئاھالە ئۇيغۇر بولغان. مەسىلەن، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. تيەنزۇخان تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن، «ياللۇغ تاشىن. . . غەرب تامان سەپەر قىلدى. . . لەشكەرلەر 10 مىڭ چاقىرىملاپ يول يۈرۈپ، نۇرغۇن ئەللەرنى بەيئەت قىلدۇردى. خۇراسان دېگەن يەرگە بارغاندا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. . . قوشۇن سەمەرقەنتتە 90 كۈن تۇردى. خۇيخۇي — ئۇيغۇر( 回回 ) خانى كېلىپ بەيئەت قىلدى، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام تارتۇق قىلدى» دېيىلگەن. دېمەك، «بۇ يەردىكى ئۇيغۇر( 回回 )لار ئەينى چاغدا غەربتە قارلۇقلار ئارىسىغا كەتكەن ئۇيغۇر[198] ( 回鹘 )لار ۋە يەرلىك مىللەتلەرنى كۆرسىتەتتى»[199]، [200].

يېغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قاراقىتانلار غەربىي يۇرت بولۇپمۇ يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا دۆلەت قۇرغاندا، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر، قارلۇق قاتارلىق قوۋملارنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شەھەر بولۇپ قۇرۇلغاندىن باشلاپ نەچچە ئەسىر ئىزچىل يوسۇندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرى ۋە خانلىق پايتەختى بولغان بالاساغۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ تۇرغان.

بۇ دۆلەت تېررىتورىيە جەھەتتە كەڭ دائىرىگە ئىگە. مىللەت تەركىبى جەھەتتە كۆپ خىل بولۇشىغا قارىماي، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇر قوۋملىرى ئۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ دۆلەت تەركىبىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار ۋە باشقا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ (چوڭ مىللەتنىڭ نامى بىلەن) «ئۇيغۇر» ( 回纥 ) دەپ ئاتالغان[201]. يەنە دۆلەت ئىچىدىكى بۇ قوۋملار پەرقلەندۈرۈلۈپ «مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار» ( 没速鲁蛮回纥 )، «ھىرات ئۇيغۇرلىرى» ( 遗里诸回纥 )، «ھىندى ئۇيغۇرلىرى» ( 印都回纥 ) دەپ ئاتالغان. دېمەك، ئەينى چاغدا «غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ‹ئۇيغۇر خانلىقى› ( 回纥国 ) دەپ ئاتالغان»[202].

# 8. موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلار

غەربىي لياۋ دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلاقلىرىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ رايون بىر قانچە ئەسىر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەسىدە بولدى. سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۇلۇس ـ ئايماقلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. شۇڭا، بۇ مەزگىللەردىكى شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاپتور بۇ يەردە يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتاپ تۇردى) دىكى ئۇيغۇر ئۇلۇسلىرىنىڭ ئەھۋالىنى يىغىنچاقلاشتىن بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

چىڭگىزخان كرولون دەرياسى بويىدا ئۇچۇم بولۇپ، ئەتراپقا كۆز تىكىۋاتقان مىنۇتلاردا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانزادىسى بارچۇق ئارتتېكىن، ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ، بەيئەت قىلىش ئىپادىسىنى بىلدۈردى. 1211 ـ يىلى شەخسەن ئۆزى چىڭگىزخان ئوردىسىغا بېرىپ، چىڭگىزخانغا تاۋاپ قىلدى، چىڭگىزخان بارچۇق ئارتتېكىنگە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ئىنئام قىلدى. 5 ـ ئوغۇلىنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن بىرگە قىزى مەلىكە ئەلئالتۇننى ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى[203].

قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقتى دەل چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى باشلىغان مەزگىل ئىدى. شۇڭا، ئۇ چىڭگىزخاننىڭ تارىخىي ھاياتىدا ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان پائالىيەتلەرگە — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتنىششقا نائىل بولدى.

1219 ـ يىلى، چىڭگىزخان يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ، ئېرتىش دەرياسى بويىغا كەلگەندە، قوچو ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېكىن 10 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇننى باشلاپ، موڭغۇل قوشۇنىغا قوشۇلدى. يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن سىر دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنى چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىنىڭ قوماندانلىقىغا ئاجرىتىپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر قوشۇنى سىر دەرياسى سېپىدىكى سىگناخ قەلئەسى، ئۆزكەنت قەلئەسى، ئىشناس قەلئەسى، خوجەند قەلئەسى، يېڭى كەنت قەلئەسى قاتارلىق جايلاردا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشتى.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى جەڭلەردە كۆرسەتكەن ئىپادىسىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇلارنى «ئىنتىزامى قاتتىق، ھەممە يەردە غالىب» دەپ مەدھىيىلىگەن[204].

سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاخىرقى جەڭ يېڭى كەنت جېڭى تۈگەپ، جوجى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ خارەزم قەلئەسىگە يۈزلەنگەندە، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنىپ، تۈركمەن قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا خارەزم قەلئەسىگە تارتىلدى. لېكىن، تۈركمەن قوشۇنى خارەزمگە كېتىۋېتىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئۇيغۇر قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى جەڭ بولغان خارەزم جېڭىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئالتە ئاي

داۋام قىلغان خارەزم جېڭىدە موڭغۇل قوشۇنىغا ئوخشاشلا، قاتتىق چىقىم تارتتى.

1220 - يىلى، چىڭگىزخان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىران ئېگىزلىكىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلغاندا، 10 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يېڭى ئاساسىي قوشۇن تەشكىللىدى. شۇنداق قىلىپ بارچۇق ئارتتېگىن قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىللە ئىران ئېگىزلىكىگە كەلدى.

ئىران ئېگىزلىكىدە ئۇيغۇر قوشۇنى تولىنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇپ، مەرۋى، نىشاپۇر، ئېلا قاتارلىق قەلئەلەردە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرگە قاتناشتى[205].

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتى، چىڭگىزخاننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ماۋەرائۇننەھر رايونى، (ئىران ئېگىزلىكى)، خېشى كارىدورى قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشتىكى ھەربىي پائالىيىتىدە مۇھىم بىر ھەربىي كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭگىۋارلىقتا ئىگە قوشۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتىزامىمۇ كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ھەممە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى[206].

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللار بىلەن كەڭ كۆلەملىك شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى، ئورقۇن دەۋرى، قوچو دەۋرى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى 4 - قېتىملىق كىرىشى ئىدى. ئالدىنقى ئۈچ قېتىمدا، ئۆز قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز پۇقرالىرىنى يېتەكلەپ، بارغان بولسا، ئاخىرقى قېتىملىق يۈرۈشتە، قوشنا قوۋملارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئاساسەن ئەسكىرى خىزمەت تۆپەيلىدىن بېرىشتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قېتىمقى سەپەر ئالدىنقى قېتىملىق يۈرۈشلەرگە ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك بولدى.

موڭغۇللارنىڭ بۇ رايونغا يېتىپ كېلىشىنىڭ ھارپىسىدا،

يەتتەسۇ ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مىللىي قۇرۇلمىسىدا يەنىلا ئۆزگىرىش، مۇرەككەپلىشىش ھادىسىلىرى ئۈزلۈكسىز سادىر بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا بەزى يېڭى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ئۇلغىيىپ، سىياسىي سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشى، قىتان مىللىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانى، خارەزم شاھلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى، سالچۇقلار (1031 — 1157) ۋە غەزنەۋى (960 — 1189) لەرنىڭ جانلىق پائالىيەتلىرى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي چېگراسىنىڭ تارىيىشى، قاراخانىيلارنىڭ پارچىلىنىپ، غەربىي قىسمىدىكى باشباشتاقلىق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاۋاتقان باشقا خەلقلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈركلەشتۈرۈش، ئۇيغۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، شۇنىڭغا تەتۈر تاناسىپ ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تەدرىجىي يېرىك قوۋملارغا تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۇلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. موڭغۇللارنىڭ بۇ رايوندا پەيدا بولۇشى يۇقىرىقىدەك ھەر ئىككى خىل ھادىسىنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىغا ياخشى شەرت - شارائىت ھازىرلىماقتا ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ XIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى موڭغۇللارنىڭ غەربكە (ئوتتۇرا ئاسىيا) غا يېتىپ بارغان چاغدىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلىدىغان ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە بىر قانچە پارچە ساياھەت خاتىرىلىرى بار. ئەينى چاغدىكى غەربكە ئەلچىلىككە بارغانلارنىڭ يىل - دەۋرى مۇنداق ئىدى.

يالۇغ چۇسەي — 1218 - يىلى غەربكە يۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بارغان، ئۇ غەربىي يۇرتتا 6 - 7 يىل تۇرغان، قايتقاندىن كېيىن «غەربكە ساياھەتتىن ئەسلىمىلەر» (西游录)

دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

ئۇگۇ سۇن جۇڭدۇەن ( 乌古孙仲端 ) — 1220 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غەربكە ساياھەت قىلىپ، 1221 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسەن ليۇچى ( 刘祁 ) قەلەم تەۋرىتىپ «شىمالغا ئەلچىلىكتىن خاتىرىلەر» ( 北使记 ) دېگەن كىتاب مەيدانغا كەلگەن.

چۇچۇجى — چاڭچۇنلۇك ئەۋلىيا چۇچۇجى ( 长春真人丘处机 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ 1221 ـ يىلى غەربكە سەپەر قىلىپ، 1223 ـ يىلى شەرققە قايتقان، ئۇ «غەربكە ساياھەتتىن خاتىرىلەر» ( 西游记 ) دېگەن كىتابنى يازغان، تۇغقىنى لى جىرچياڭ دېگەن كىشى رەتلەپ چىققان.

چاڭ دې ( 常德 ) — 1259 ـ يىلى پېرسىيىگە سەپەر قىلغان. 1263 ـ يىلى قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن ليۇيۇ ( 刘郁 ) دېگەن كىشى «غەربكە ئەلچىلىكتىن خاتىرىلەر» ( 西使记 ) دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا سۇڭ ليەن يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارقىلىش ئەھۋالى توغرۇلۇق كۆپ مەلۇماتلار بار.

تۆۋەندە بىز يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن قىسقىچە ئۈزۈندىلەرنى كەلتۈرىمىز.

ئۇگۇسۇن جۇڭدۇەن مۇنداق سۆزلەيدۇ: «. . . يەنە بىر نەچچە 10 مىڭ چاقىرىم يول يۈرگەندە ئۇيغۇر دۆلىتىدىكى ئىلى شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرخانى ( 回纥王 ) مۇشۇ يەرنى پايتەخت قىلغانىكەن. . . قاراقىتان خانى ياللۇغ تاشىن مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇرۇپتىكەن. »[207]

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىلى شەھىرى ( 益离城 ) ئىلى بالىق بولۇپ[208]، ئۇ ئالمىلىقنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.[209] دېمەك، مۇشۇ يەردە ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ،

ئۇدۇل جۇ ۋادىسىغا بارسا، ياللۇغ تاشىن تۇرغان قاراقىتانلارنىڭ پايتەختى قۇز ئوردۇ شەھىرىگە بارغىلى بولاتتى. بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى، قەدىمدىن بېرى ياشاپ كەلگەن ئاھالىسى توغرۇلۇق يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. دېمەك، بۇ شەھەردە ئۇيغۇرلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دە ئۇلار «ئۇيغۇرلار ئىچىگە بارغان، ئۇلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىپ خانلىق قۇرغان» دېيىلگەن[210]. يۇقىرىقى ئابزاسلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراقىتانلار خانلىق قۇرۇپ، پۇت تىرەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئۇلارنىڭ سانىغا قارىغاندا كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئۇگۇسۇن جۇڭدۇەن رېن زۇڭ خان (ياللۇغ يىلى) نىڭ ئوغلى تەختكە چىقتى. ئۇ لاكات ئادەملەرنى ئەتىۋارلاپ، چىرىكلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يوقىتىلغانىكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ ئادەملىرى يوقاپ كېتىپتۇ، كىيىم - كېچەكلىرى ئۇيغۇرچىلىشىپ كېتىپتۇ... ئۇيغۇر ئېلى (回纥国) نىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ ئىكەن، ئۇنىڭ غەربىي چېگراسىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن» دەپ كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاھالىلەرنى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، ھىرات ئۇيغۇرلىرى، ھىندى ئۇيغۇرلىرى دەپ پەرقلەندۇرۇپ ئاتىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلغان[211]. يۇقىرىدىكى خاتىرىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى: غەربكە كۆچكەن قاراقىتانلار ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ تۈگىگەن. قاراقىتان ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇرلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ۋە ئۇزلۇكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، كۆرەشلەر بولغان. «ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان» دېگەن سۆز كۆرەشنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ[212]. لېكىن، قاراقىتان خانلىقىنى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، موڭغۇللار بىلەن



www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە يوقاتقان.

غەربىي لياۋ (قاراقىتان) خانلىقىنىڭ مەركىزى قۇزئوردۇدىن يەنىمۇ غەربىي جەنۇبقا ماڭسا تالاس ۋە سايرامغا بارغىلى بولاتتى. چاڭ دې «غەربكە ئەلچىلىكتىن خاتىرىلەر» دە 1259 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تالاستىن ئۆتتۇم، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سايرامدىن ئۆتتۇم، ئۇ يەردە بۇت بار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىكەن①، 3 - كۈنى تاشكەنتكە باردىم، ئۇيغۇرلارنىڭ سودىسى بازارنى قاپلاپ كېتىپتۇ» دېگەن[213]. چۇچۇجى «غەربكە ساياھەتتىن خاتىرىلەر» دە «يەنە تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبىي تاغ بىلەن بەش چاقىرىم ماڭسا سايرام شەھىرىگە بارغىلى بولىدىكەن، ئۇ يەردە كىچىك مۇنار بار ئىكەن. ئۇيغۇر خانى (回纥王) مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى»[214]. دېگەن بۇ خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان تالاس (塔剌寺) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تالاس (恒逻斯) تۇر، سايرام (赛篮، 塞蓝) بولسا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمالدىكى يەرلەرنىڭ قوشۇمچە خاتىرىسى» (元史.西北地附录) دېگەن كىتابتىكى سايرام شەھىرىدۇر. بۇ ھازىرقى چىمكەنتنىڭ شەرقىگە 13 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئەۋلىيا ئاتادىن تاشكەنتكە بارىدىغان مۇھىم يولدۇر. دېمەك، ئەينى چاغدا مۇشۇ يەردىن سەمەرقەنتكە بارىدىغان يولنى بويلاپ ئالغا قاراپ ماڭسا يول بويى ئۇيغۇر يېزىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ دېگەن[215]. تۆۋەندە چۇچۇجىنىڭ مۇشۇ يول توغرىسىدىكى ئەسلىمىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

«غەربكە قاراپ يەنە ئۈچ كۈن ماڭسا يەنە بىر شەھەرگە بارغىلى بولىدىكەن[216]. ئۇنىڭمۇ خانى ئۇيغۇر ئىكەن ، ئۇ ياشىنىپ قاپتۇ. بىزنى قارشى ئېلىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. . . يەنە بىر

① مۇشۇ خاتىرىدىن قارىغاندا XIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا شۇ يەرلەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بار ئىكەن.

شەھەرگە باردۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىۋېشى قارشى ئالدى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا غىزالاندۇردى، ئۈزۈم شارابــى تەقدىم قىلدى، بىر بالا مومىغا چىقىپ، پىچاق ئويۇنى كۆرسىتىپ بەردى»[217]. چۇچۇجى ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر بولغان سەمەرقەنتكە باردۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، تالاستىن سەمەرقەنتكە قەدەر بولغان يول بويى ئاساسەن ئۇيغۇر يېزا شەھەرلىرى ھېسابلىناتتى[218].

ئەينى چاغدا سەمەرقەنتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى كىملەر ئىدى؟ چۇچۇجىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ئۇيغۇر (回纥) لار بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇ «غەربكە ساياھەتتىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ: «10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، دەريادىن ئۆتۈپ، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ شىمالىغا باردۇق... دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئىككى دەريادىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىدىكەن، شەھەردە 100 مىڭدىن ئوشۇق ئاھالە بار ئىكەن، دۆلەت بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغاندىن بىرى تۆتتىن بىرىلا ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇ (شەھەردىكىلەرنىڭ) كۆپچىلىكى ئۇيغۇر (回纥) لار ئىكەن»[219]. چۇچۇجى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شېئىر بىلەن «2 ـ ئايدا سەپەرگە چىققان كىشى 10 ـ ئايدا غەربتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دەپ يازغان. دېمەك، ئۇ سەمەرقەنتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى «ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھىرى» (回纥大城) دەپ ئاتىغان.

چۇچۇجى سەمەرقەنت توغرۇلۇق خېلــى كۆپ مەلۇمات ئىگىلىگەن. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى بايان قىلىــدۇ. «ھارۋا ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭيۈەن) تىن پەرقلىنىدىكەن، ئاھالىلەر قاش تېشــى ۋە مىس جابدۇقلارنى ئىشلىتىدىكەن ... بازاردا تىللا خەجلىنىــدىكەن ... تىللانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە خەتلەر (回纥字)

چۇشۇرۇلىدىكەن» . ئۇ شېئىر بىلەن «ئۇيغۇرلار توپىدىن 10 مىڭ چاقىرىملىق سىپىل سوقۇپ دەريا ئارىسىدىكى بۇ شەھەرنى بەكمۇ مۇستەھكەم قىلىپ چىقىپتۇ» دەپ يازغان.

سەمەرقەنت شەھىرىدىن جەنۇبقا ماڭسا تۆمۈر قاپقىدىن ئارتىپ ئامۇ دەرياسى ساھىلىغىچە بولغان يەرلەردىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، چۇچۇجى تۆمۈر قاپقىدىن ئۆتكەندە «. . . تاغلاردا خۇددى تاشتەك قىزىل تۇزلار بار. . . بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار كۆپىنچە قوتۇرماچ ( 饼食 ) يەيدىكەن، تۇز ئىستېمال قىلىدىكەن، سوغ سۇ ئىچىدىكەن، . . . » دەيدۇ. دېمەك، تۆمۈر قاپقا ئەتراپلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلار ياشىغان. شۇنداقلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇرلار بولغان[220] .

يۇقىرىدىكى بىر مۇنچە خاتىرىلەردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكرار ـ تەكرار ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشى ۋە ئاساسىي ئاھالە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە شۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ، باشقا تۈركىي تىللىق قوۋملار ئەينى چاغدىكى بەزى ئەھۋاللارغا ئاساسەن «تۈرك» (تۈركىي) نامىنى ئەمەس، بەلكى «ئۇيغۇر» نامىنى قوللانغان[221] . «تۈركىي» نامى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ئاجىزلاشتۇرغان.

بىز بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتەيلى، چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغان چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ «ئۇيغۇر يېرى» دەپ ئاتىلاتتى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» 151 ـ بۆلۈمىدە «. . . ۋاڭخان . . . قاراقىتانلار خانى گورخان تەرەپكە قاچتى. ئۇ يەنە گورخان بىلەن چىقىشالماي، ئۇيغۇر شەھەرلىرى ئارقىلىق تاڭغۇتلار ئىچىگە كەتتى» دېيىلگەن، 198 ـ بۆلۈمدە «ئۆي يىلى (1205) ئەتىيازدا نايمان خانى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك (ئادەم ئىسمى) قارلۇق قەبىلىسىنىڭ يېرىدىن ئۆتۈپ، سارت ئاۋۇللارنىڭ يېرى

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق قاراقىتان خانى گورخان تەرەپكە كەتتى» دېيىلگەن. بۇ يەردە چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر رايونى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىرقەدەر يىرىك تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ بىرى بولغان قارلۇقلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بايانىمىزنىڭ تۇتاملىق يېرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. 63 ـ جىلد. غەربىي شىمالدىكى يەرلەرنىڭ قوشۇمچە خاتىرىسى» ( « 元史 · 63 卷 · 西北地附录 » ) دە ئۇيغۇر يېرى — ئۇيغۇرىيە» دېگەن ئۇقۇم ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ دائىرىسىدە تۆۋەندىكى 35 شەھەرنىڭ بارلىقى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتۈلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىمىز: سۇ بېيخەي ئەپەندى بۇ خاتىرىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ شەھەرلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ماۋەرائۇننەھر رايونى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرى ھەم پامىر ئەتراپلىرىدا ئىدى[222]. بۇ راشىددىن (1247 — 1318) نىڭ «جەمئۇل ـ تەۋارىخ» دا تۈركىي تىللىق قوۋملار ياشايدىغان يەرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەر قايسى تۈركىي تىللىق قوۋملار «... تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرىستان رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن»[223]، دېگەن غەربچە تەبىرى بىلەن توغرا تاناسىپ ھاسىل قىلالايدۇ.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سويۇرغاللىققا تەرەققىي قىلىشى، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسى بولۇپ، تەشكىل تېپىشى بۇ رايوننىڭ مىللىي قۇرۇلمىسى ئىجتىمائىي ھەم سىياسىي مۇھىتىدا تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ تەكرار ئۆزگىرىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئوخشاش نۇرغۇن ۋە كۆپ قىرلىق ئۆزگىرىشلەر بولغان.

## 9. ئىلخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

تۆۋەندە ئىلخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

ئىلخانىلار دۆلىتى (1258 — 1388) چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تولۇينىڭ ئوغلى ھىلاكۇ( 1259 — 1265 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) غا سويۇرغال قىلىنغان تېررىتورىيە بولۇپ، 1258 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى باغدادنى ئالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن.

بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسى پېرسىيە ۋە كىچىك ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە ئامۇ دەرياسىغىچە (بىز مۇشۇ ماۋزۇدا سۆزلەۋاتقان تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى زېمىن دائىرىسىگىچە) غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، شىمالدا كاۋكازغىچە، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرلار كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەتراپلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دەۋرىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى نەۋرىلىرى دەۋرىدىمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان.

1258 ـ يىلى ھىلاكۇخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار باغداد خەلىپىلىكىنىڭ ھوقۇقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، شۇنداقلا

www.uyghurkitap.com

ئىراننىمۇ بويسۇندۇردى. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ خانلىق ئورنىنى تالىشىش نەتىجىسىدە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلاندى، 1259 ـ يىلى مۆڭكېخان ئۆلدى. ھىلاكۇخان يېڭىدىن موڭغۇللارنىڭ دۆلىتىنى قۇردى. ھىلاكۇخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان «ئېلخانىلار خانلىقى دەۋرى» دە ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا پائال ئارىلاشتى، قېرىنداش موڭغۇل خەلقىگە يېقىندىن ياردەمدە بولدى.

ئىران ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى توپ ـ توپ ھالدا رەي، قۇم ۋىلايەتلىرىگە، ئاناتولىيىدە بولسا قەيسەرى، كونيا ۋە قارامان، ئىگدى قاتارلىق جايلاردا يەرلەنگەن.

ئىران چېگراسىغا ھىلاكۇخان كېلىشتىن بۇرۇن خوراسان ۋە شەرقىي ئىران قاتارلىق جايلارغا مۆڭكېخان تەرىپىدىن چىن تۆمۈر، كوركۇز ۋە ئارغۇن ئاكا قاتارلىق ئۇيغۇرلار ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن. كوركۇز چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئۇستاز بولغان. ئۇ ئەسلىدە، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىن ئىسلام دىنىغا كىردى. ئارغۇن ئاكا يېتىشكەن شائىر ۋە خەتتات ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئىسلام دىنىغا بەكلا مايىل كىشى بولغاچقا، دائىم ئىران شائىرى شەيخ سەئىدى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئىسلام دىنىغا كىردى. ئۇنىڭ ئوغلى نەۋرۇز ئېلخانىلار خانى خازانخاننىڭ (1295 — 1304) ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولغانىدى.

فرانسىيە كارولىنىڭ موڭغۇللارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى روبرۇكنىڭ 1253 ـ يىلىدىكى خاتىرىسىگە قارىغاندا، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئىراندىكى «مۇسۇلمانلار شەھەرلىرى» دە ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي پاكىتلار سۆزلەنگەن[224]. تارىخچى

راشىددىننىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، ھىلاكۇخان دەۋرىدە 1000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئۆز ئېلىدىن كېلىپ ئىراندا پوچتا ـ ئۇلاقە ئىشلىرى بىلەن شوغۇللانغان.

دىيار بەكرىگە بارغان بىر قانچە ئۇيغۇر «ئامىل» (مەمۇرىي ۋە مالىيە ئەمەلدارى — باسقاق) دېگەن ۋەزىپىگە قويۇلغان. چورماغۇن رەھبەرلىكىدە ئاناتولىيىگە كەلگەن ئۇيغۇرلار بۇددىست ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلارغا سارىجى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن قاراسۇدەر، سىنشى باخشى، ئالىي باخشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مىلىك ئىگەتمىش قوماندان بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئاجاي، ئۇنىڭ ئوغلى توغرۇل ۋە سوبۇكتاي قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قوماندانى ۋە بەگلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ[225].

ئاباقاخاننىڭ ئىرانغا باش ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن ئەمەلدارى ئەنگىيانۇ ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى جالالىدىن خوتەنى بولسا تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. بۇ دەۋردە ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ياردەملەشكەن ئۇيغۇرلاردىن خېلى بار ئىدى.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، 1260 ـ يىلى ھىلاكۇخاننىڭ سۇرىيە (شام) نى بويسۇندۇرغان موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بار ئىدى[226]. شۇنداقلا XIV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگىچىمۇ، ئېلخانىلار قوشۇنلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بارلىقى توغرۇلۇق خاتىرىلەر بار. يېزىلىشىچە ئېلخانىلار دۆلىتىنىڭ خانلىرىدىن ھىلاكۇخان ۋە ئاباقاخان دەۋرلىرىدە (1265 — 1282) ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر كېنىزاللىرىدىن سوقۇن چار دېگەن كىشى بولغان[227].

قازانخان دەۋرى (1295 — 1304) دە ئۇيغۇرلاردىن

نەۋدار «مىڭبېگى» لىك ۋەزىپىنى بېجىرگەن ۋە سۈرىيىگە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، نەۋدارنىڭ دادىسى ئوردۇقايا بولسا ئەسلىدە ئاباقاخاننىڭ مۇھاپىزەتچى چېرىكى ئىدى، كېيىنچە، ئارغۇن خان (1284 — 1291) نىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىگە ئايلانغان. ئارغۇن خان دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، توقچار (秃合察儿)، كۆچ بار (宽彻巴勒) لار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغاندا، ئوردۇقايا ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن. قازانخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوردۇقايانىڭ جىيەنى بولادقايا (مىڭبېگى مەنسىپىدە ئىدى) بىلەن قۇتلۇق قايا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى قازانخان دۈشمەنلىشىۋاتقان كۈچلەرگە قارشى ھەرىكەتكە ۋە سۈرىيىگە يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئوردۇقايا جەمەتىدىن تامتامىش دېگەن كىشىمۇ قازان خان دەۋرىدىكى ئەمىرلەردىن بىرى بولۇپ، سۈرىيىگە يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئوردۇقايا جەمەتى بىردەك سىياسىي كۈرەشنىڭ مەركىزىدىكى شەخسلەر توقچار، كۆچ بارلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتىگە قارشى تەرەپتە تۇرغان، ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن چىققان ئەمىرلەر شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا خۇراساندىن يۈرۈشكە ئاتلانغان خاندان بېگى قازانخانغا يۆلەنگەن. قازانخان دەۋرىدىكى نەۋدار رەھبەرلىك قىلغان مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇر، قارلۇقلاردىن تەشكىل تاپقان «ئەزەربەيجان ئارمىيىسىنىڭ ئۇچىنچى دەرىجىلىك 10 مىڭ تۈتۈنلۈك قوشۇنى» دىن كېلىپ چىققاندى. مەزكۇر 10 مىڭ تۈتۈن قازانخان دەۋرىدە بىردەك تاتار قوشۇنىغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھىلاكۇخان دەۋرىدىكى «ئۇچىنچى دەرىجىلىك 10 مىڭ تۈتۈن» تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن قازانخان بۇ قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى نەۋدار، بولادقايا، قۇتلۇق قايا، تامتاش قاتارلىق ئۇيغۇر جەمەتىدىكىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن.

ئولجايتۇخان دەۋرى (1304 — 1316) دە ئۇلار 18 ـ، 17 ـ، 16 ـ دەرىجىلىك ئەمىرلىككە ئايرىلغان. ئەمما، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بولادقايا ئابۇسېيىد دەۋرى ( 1317 — 1335 ) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە مەلۇم پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇلارنىڭ كونكرېت پائالىيەت ئەھۋالى ئۇچرىمايدۇ[228].

ئىلخانىلار دەۋرىدە ئەمىرلەر تەبىقىسىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىنمۇ بار ئىدى.

ئولجايتۇخان دەۋرىدە سۈنىچ ( 失温只 ) 5 ـ دەرىجىلىك ئەمىر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئىدى، خۇراساننىڭ خاندان بەگلىكىنى ئۇستىگە ئالغان ئولجايتۇخاننىڭ ئۇستازى بولغان، كېيىن باغداتقا كەتكەن، كېيىنچە يەنە خۇراسانغا ئەۋەتىلىپ، ئولجايتۇخاننىڭ ئورنىغا خىزمەتكە تەيىنلەنگەن ئوغلى ئابۇسېيىدنىڭ ئۇستازى بولغان. ئەھمەدخان دەۋرىدە سۈنىچنىڭ دادىسى شەمس باخشى ( 失昔巴克失 ) مۇ خۇراسان رايونىدا ئولجايتۇخاننىڭ دادىسى ئارغۇن خاننىڭ خىزمىتىدە بولغان. ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قازانخان دەۋرىدە سۈنىچ سۈرىيىگە يۈرۈش قىلىشقا قاتناشقان، ئولجايتۇخان دەۋرىدىن باشلاپ ئۇ شەۋكەتلىك ئەمىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ ئابۇسېيىدخان دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىنىسى ئاقرانچ كېيىنچە ھەر قايسى گۇرۇھلارنىڭ كۈرىشىگە قاتناشقان. قازانخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن بولادقايا، قۇتلۇق قايا، نەۋدار، تامتاشلار تايانچ مەنبەگىلىرى بولغانىدى. ئولجايتۇخان دەۋرىدە بولسا سۈنىچنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ كېتىپ، (تايانچ مەنبەگىلىرى) 16 — 18 ـ دەرىجىلىك ئەمىرلەر دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان[229].

ئابۇ سەئىد دەۋرىدە پۈتۈن ئىلخانىلار خانلىقىنىڭ ئەمىر چوپان مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇلۇس بېگى ئىبسەن قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com

نويان ئۇيغۇر ئىدى. بۇ چاغدا ئابۇ سەئىدنىڭ ئۇيغۇر نائىبى ئەمىر چوپان يۇلدۇزنىڭ ئوغلى تەمۇرتاش (1317 — 1327) روم ۋىلايىتىنىڭ ئەمىرلەشكىرى ۋە باش ۋالىسى بولغان. تەمۇرتاش 1327 ـ يىلى دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندە ئابۇ سەئىدكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىسىرغا قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرلاردىن چىققان جەپەر ئوغلى ئەرتەنە روم ۋىلايىتىگە (ئاناتولىيىگە) باش ۋالىي بولدى، مىلادىيە 1335 ـ يىلى ئابۇسەئىدخان ئالەمدىن ئۆتكەندە ئەرتەنە ئاناتولىيىدە مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ «ئەرتەنە سۇلالىسى» نى قۇردى. ئۇ مىلادىيە 1353 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئالىي بەگ (1352 — 1380 ـ يىللار)، ئالىي بەگدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد بەگ چەلەبى (1380 — 1381) قاتارلىقلار ئەرتەنە سۇلالىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان. مىلادىيە 1381 ـ يىلى تۈركمەنلەرنىڭ سالور ئۇرۇقىدىن بولغان ھەمدە ئەرتەنە ئەۋلادلىرىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغان كادى بۇرھانىددىن 46 يىل دەۋر سۈرگەن ئەرتەنە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىدۇ. ئەرتەنەنىڭ ئىنىسى تاخرەتەن بولسا تۆمۈرلەڭ ۋە يىلدىرىم بايەزىد دەۋرىگە قەدەر ئەزەربەيجانغا ۋالىي بولغان. روم ۋىلايىتىدە يەنە ئۇيغۇر بەگلىرىدىن تارىمتا ۋە سەنەكتەيلەرمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن[230].

ئەرتەنە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن قەيسەرىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى «ئەرتەنە» دېيىشەتتى. ئۇ موڭغۇللارنىڭ روم (ئاناتولىيە) گە تەيىنلىگەن باش ۋالىيلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارنى توپلىغان. مۇھەممەد بىننى شاباگەرە ئەرتەنە توغرىسىدا: «ئەمىر ئەرتەنە ئەمىر سەئىدخان (ئەبۇسەئىدخان — نەقىلچىدىن) نىڭ يارلىقى بىلەن روم ۋىلايىتىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەندى. ئەبۇ سەئىدخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ مەملىكەتنى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىپ خەلقنى

باياشات قىلدى. شەرىئەتنىڭ كۆچىيىشىگە، سەييىد، ئۆلىما ـ ئالىم ۋە ماشايىخلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە بەكلا ئەھمىيەت بەردى[231] » ، دەيدۇ. ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبىن بەتتۇتا ئەرتەنەنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە ئەرتەنەنىڭ ئۆزى بىلەن ئەرەب تىلىدا سۆزلەشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن. ئەرتەنەنىڭ دەۋرداشلىرىدىن ھەلەبلىك نۇرىددىن ھەسەن: «ئەرتەنە ئادىل، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئېغىر ـ بېسىق، ئىنتايىن غەيرەتلىك ۋە جاسارەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ ھەرقانداق كىشىگە خۇشخۇي مۇئامىلە قىلاتتى» ، دەپ يازغان. مىسىرلىق سالاھىددىن سابادى ئەرتەنەنىڭ دىندار، ياخشىلىق قىلغۇچى، پاكىز، پەرھىزكار، ئالىم ۋە پازىللار بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىپ تۇرىدىغان بىر پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ ئىككى مۇئەللىپنىڭ ئەرتەنە توغرىسىدا يازغان شېئىرلىرىمۇ بولغان[232] .

ئېلخانىلار دەۋرىدە ئەلچىلىك ۋە دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىككى نەپەر داڭدار ئۇيغۇر شەخس ئۆتكەن. ئۇلار رابان سائۇما ۋە ماركوسلار ئىدى. بۇ ھەقتە كىتابنىڭ بېشىدا تەپسىلىي توختالدۇق.

ئېلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغان. بۇ ھەقتە پېرسىيىلىك تارىخچى جۇۋەينى «تارىخىي جاھان گۇشاي» دا مۇنداق يازغان: «دۇنيانى ۋەيران قىلغان بۇ كۆرەشلەر نەتىجىسىدە مەدرىسلەر خاراب بولدى، ئالىملار ئۆلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ توپلانغان يېرى ۋە ئوچىقى بولغان خوراسانمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچار بولدى.

بۇ يەردە قەلەمكەشلىك قىلىدىغان ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ھايات قالغانلىرى ئۇچۇن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشتىن باشقا چارە قالمىدى» .

راشىددىنىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، خوراسان ۋە

ھىندىستانلاردا ئەمر ـ پەرمانلار ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەن چۈشۈرۈلگەن. ئارغۇن خاننىڭ فرانسىيىنىڭ كارولى فىلىپ IV كە ئەۋەتكەن دۆلەت خېتى موڭغۇل تىلىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا شېئىر يېزىپ داڭق چىقارغان كازۋىندەك داڭلىق شائىرلار ياشىغان. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن.

ئېلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ رەسساملىق ساھەسىدە ئاجايىپ شاھانە ئەسەرلەرنى ياراتقانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇرلار بار. مۇشۇ مەزگىللەردە «جەمئىئۇل ـ تەۋارىخ» دېگەن ئەسەرگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ قولىدىن چىققان. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ تۈرتكىسىدە غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا رەسىم سىزىش دولقۇنى ۋە دەۋرى شەكىللەنگەن[233].

«ئېلخانىلار» دېگەن دۆلەت نامىدىكى «ئېل» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يەنى تۈركىي تىلدىكى «ئەل» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، دۆلەت ئىسمىدىن تارتىپ، نۇرغۇن ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى، دەرىجىسى ۋە ئۇنۋانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەنلىكى ۋە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىرقاتار ئەھۋاللار ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئېلخانىلار دۆلىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

# 10. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە

## 1) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (ئورقۇن ـ يەنسەي ئۇيغۇر تىلى ۋە قوچو ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت[234].

XIII ئەسىردىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى، غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەم خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى بىر خىل تىل شەكىللەنگەن. بۇ خىل تىل ئەڭ دەسلەپتە چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان. XV ـ XVI ئەسىرلەردىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى، جەنۇبىي روسىيە ياپلاقلىرى ۋە تۆمۈر (1370 ـ 1405) نىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئافغانىستان، ئىراننىڭ شەرقىي ھەم شەرقىي شىمالىي قىسمى، ھىندىستان رايونلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرمۇ چاغاتاي تىلىنى قوللانغان[235].

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

رۇس شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد «ئەگەر موڭغۇللار بۇ يەرگە ئىستىلا قىلىپ كەلمىگەن بولسا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى»[236] ، دېگەن. چۈنكى، موڭغۇللار غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈشلىرى بۇ رايونلاردىكى بىر مۇنچە مۇستەقىل تاجۇتەختلەرنى، دۆلەت بايراقلىرىنى، دۆلەت چېگرا سەھرالىرىنى ۋە بىر مۇنچە مىللەت، قەبىلە ئايرىملىرىنى ناھايىتى تېز ئارىدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت، بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ رايوندىكى خانلىقلار خېلى ئۇزاق زاماندىمۇ ھەل قىلالمىغان زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆتىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى رايونلاردا ئاساسەن تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل شېۋىلىرىدە، پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر ياشايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىن، شەرقىي ياۋروپادىكى دوناي دەرياسىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان[237] ، ۋە ئەسلىدە ئىران تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر شېۋىسى بولغان تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خارەزملەر ناھايىتى تېز تۈركلەشمەكتە ئىدى. ئەرەب تىلى بولسا، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب مۇھاجىرلىرى ھەم دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىر خىل ئالاقە قورالى ئىدى. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بۇ جايغا موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر كېلىپ ئورۇنلاشتى. لېكىن، بۇلارمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۈركلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا، ھۆكۈمران تائىپىلەر ھەممە قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل تىلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. يەرلىك تۈركىي تىلنى (ئۇيغۇر تىلىنى) ئاساس قىلىپ، ئەرەب، پارس ۋە موڭغۇل

تىللىرىدىن نۇرغۇن تىل ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بۇ تىل تارىختا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالدى[238].

كۆپچىلىك ئالىملار ۋە چاغاتايشۇناسلار «چاغاتاي تىلى» نى ئەينى زاماندا تۈركىي تىللىنىڭ ئىچىدە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر شىۋىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشتۇر.

ئۇيغۇر تىلى نېمە ئۈچۈن چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي غولى بولغان؟ ئالدى بىلەن بۇ تىلنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ سۆزلەپ باقايلى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە قىيان سۇدەك كېلىۋاتقان چاغدا، ئىمپېرىيىنىڭ يۇقىرىلىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلار يوق ئىدى. شۇڭا، يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە تەسىس قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كاتىپلىقىغا ۋە ھېساب - كىتاب خىزمەتلىرىگە كۆپىنچە ئۇيغۇرلار قويۇلغان. چىڭگىزخاننىڭ 13 - ئەۋلادى ئەبۇلغازى باھادۇرخان بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ، «چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، ھەتتا ئىراق قاتارلىق جايلاردا مۆھۈردارلىق بىتىكچىلىك ۋە ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىدى»[239] دەپ يازغان. ئەگەر بىز بۇ ئورگانلارنىڭ مىليونلىغان يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ مەزگىللەردە بۇ رايونلاردىكى

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نەقەدەر كەڭ ئارىلاشقانلىقىنى ئاسانلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەگەردە، بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق تارىخىي ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بىز يەنە X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سامانىيلار سۇلالىسى (874 ـ 999) گۇمران بولغاندىن كېيىن قاراخانىيلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قىلچە مۇرەسسەسىز ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە تاجىك تىلىنىڭ ئورنىنى باسقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىللار دائىرىسىدە ئاساسەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھالەت ساقلاپ قېلىنغان. بۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە كەلگۈسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇرۇقى ئەمەلىيەتتە سېلىنىپ بولغان. ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىگە سۈيۈنۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قايتا ئومۇملاشقاندا، بۇ ئومۇمىي تىلنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېزلىتىلدى[240].

چاغاتاي تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

XIX ئەسىردىكى تۈركىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى شەمسىدىن سامى «چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇيغۇر تىلى بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان ھەم چاغاتاي تىلى دەپ ئالەمگە مەشھۇر بولغان.»، يەنى «چاغاتاي خانىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ چاغاتاي تىلى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان»[241] دەپ يازغان. مەشھۇر ئالىم ئەھمەد زەكى ۋەلىدى بولسا «ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تىلى بارلىق تۈركىي تىللىق

قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان»[242]، دەپ يازىدۇ. شەمسىددىن سامى يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى»[243] دېسە، رۇس ئالىمى ۋ.ۋ. رادلوۋ «چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر»[244] دەپ كۆرسىتىدۇ. مەشھۇر رۇس ئالىمى بارتولد چاغاتاي دەۋرىدىكى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنى سۆزلىگەندە «مەدەنىي خەلقلەر ئىچىدە، مۇسۇلمانلار (بولۇپمۇ تاجىكلار) ۋە ئۇيغۇرلار، پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئۇلۇسلارنىڭ ئۇلۇس باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يەرلىك ۋاڭ، گوڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى»[245]، دەيدۇ.

چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەزائىنۇلمەئانى» غا يازغان «كىرىش سۆز» ىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىمىز. ئۇ چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىللىرى بولغان مەۋلانە سەككاكى بىلەن مەۋلانە لۇتفىي توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر ئىبارەتنىڭ فۇسۇھاسىدىن ۋە تۈركىي ئەلفازىنىڭ بۇلاغاسىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈركىي سۆزلەرنىڭ ماھىرلىرىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى). بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر ئىبارەتى» بىلەن «تۈركىي ئەلغازى» ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى» ياكى «تۈركىي تىل» دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ. «فۇسەھا» بىلەن «بۇلەغا» مۇ ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ھەر

ئىككىلىسى «تىل ماھىرى، تىلدا يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ تەرىپىنىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى تۈركىي تىلىنىڭ يېتىلگەن ماھىرلىرىدىن» دېگەندىنلا ئىبارەت. نەۋائىينىڭ نەسرى ئەسەرلىرىدە مۇنداق ئوخشاش مەنىلىك قۇرۇلمىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى سەككاكى بىلەن لۇتفىنىڭ تەرىپىدە ئۇلار قوللانغان چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ياكى تۈركىي تىل ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن[246].

تارىخشۇناس لىيۇ جىژشاۋ ھەققانىي ھالدا «ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۇرغۇن مىللەتلەر ۋە رايونلار مۇشۇ تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تارىخىنى خاتىرىلىگەن ھەم تارقاتقان»[247]، دەپ كۆرسىتىشى دەل جايىدا ئېيتىلغان باھادۇر. چاغاتاي تىلى تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىندىن بېرى بەزى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىلىرى، مەسىلەن، ئابدۇرۇپ پولات ئەپەندى قاتارلىقلار بۇ تىلنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا[248] ھەم ئۇ قوللاشقا ئىگە بولماقتا[249].

## 2) چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋاقىت جەھەتتە چاغاتاي ئۇلۇسى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بولغان ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزمۇن ۋە كۆلەم

جەھەتتە ئىنتايىن زور ئاپتورلار قوشۇنى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەسەرلەر بىلەن بېيىتىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ماكرو جەھەتتىكى چۈشەندۈرۈشكە قارىتىلغان. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تىل «چاغاتاي تىلى» نىڭ ئايرىم لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئېيتىلغان ئىزاھات خاراكتېرلىك تەبىرلەر يىغىندىسى. ۋاھالەنكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادە قىلىنىدىغان ئىنسان خاراكتېرى، زامان ۋە دەۋرنىڭ ئېستېتىك ئارزۇسى، خاھىشلىرى تولىمۇ ئۇزاق (تەخمىنەن 600 ـ 700 يىللىق ئارىلىق) دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇنداق بىر ئەدەبىياتقا توغرا تاناسىپ بولۇشنى تەلەپ قىلىش ئىلمىيلىك بولمىسا كېرەك. شۇنداق ئىكەن، بىز «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى شەكىل ئۇقۇمى بويىچە چەكسىزلەشتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز، ئىسمى بىلەن جىسمىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى ساقلىغان ئاساستا، مەڭگۈلۈك ماكان دائىرىسىگە تۇراقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۇنداق بولسا، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قايسى دەۋردىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا بىر ئۆلچەم بولۇش كېرەك.

مۇشۇ مەسىلىدە مۇنداق ئىككى ئۆلچەمنى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتى بار.

بىرىنچىدىن، تىل مەسىلىسى. ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالىملىرى كۆپ يىللاردىن بېرى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ۋاقىت چېكىنى بەلگىلەشتە تىلنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ كەلدى. بۇنداق قىلغاندا بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى پارچىلىۋېتىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىيات قىلىپ بېرىشكىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىشكىمۇ بولاتتى.

www.uyghurkitap.com

شۇنى ئۇنتۇسلىقمىز كېرەككى، تىلنى چەتكە قېقىش، چاغاتاي ئەدەبىياتىنى چەتكە قاققانلىق ياكى ئىنكار قىلغانلىق. بىز ئالدى بىلەن تىلنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شەكلى دەپ بىلىشىمىز لازىم.

بۇنداق بولغاندا، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، ئېستېتىك خاھىش ۋە ئىدىيىۋي مەزمۇن. چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يۇزلىگەن تەسىرلىك ئەدىبلەر ياشاپ، ناھايىتى كۆپ ھەجىمدە بەدىئىي ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. لىرىك شېئىرىيەتتە «يار» ئوبرازىنى، داستانلاردا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ۋاپادارلىقىنى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، گۇمانىزم، مەرىپەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقلەر دوستلۇقى قاتارلىق بىر قاتار تېپىك مەسىلىلەرنى باي تەسەۋۋۇر، كامالەتكە يەتكەن تىل تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشتە بىر خىل يوشۇرۇن ئورتاقلىق كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىر ئەدىبنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ياشىغان مۇھىتى، ئىدىيىۋى خاھىشى، سىنىپىي مەيدانى، مەۋقەسى قاتارلىق تەرەپلەردە خاسلىقنى، ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل خاسلىق، «ئەدەبىي ئەسەرلەردە دەۋر روھى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ» دېگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا قويۇلىدىغان بىر ئۆلچەمگە يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئۆلچەم ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىتىلغان.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئىلگىرى چاغاتاي ئەدەبىياتىنى ئايرىغاندا، بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇقۇملاشتۇرۇۋېتىلىپ ياكى ئومۇملاشتۇرۇۋېتىلىپ، ئاپتورلارنىڭ ئىدىيىۋى

خاسلىقى، دەۋر پۇرىقى، قاتارلىقلار ئېتىبارغا ئېلىنىمىدى.

مەن، چاغاتاي ئەدەبىياتىنى مەزمۇنىغا قاراپ دەۋرگە ئايرىغاندا، ئومۇملۇقنى قوشۇمچە، خاسلىقنى ئاساس قىلىش بىر قەدەر ئىلمىي قاراش دەپ قارايمەن. بۇنداق بولغاندا، ئالدى بىلەن، بىز «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى چەكسىزلىكىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز، دەۋر جەھەتتىكى كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرقلەندۇرەلەيمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ دەۋر پۇرىقىنى ئايرىپ، تېخىمۇ ياخشى بەدىئىي لەززەتكە ئىگە بولالايمىز.

مەزمۇنغا قاراپ بۆلۈشكە توغرا كەلسە، چاغاتاي ئۇلۇسى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» ياكى «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، بىر قاتار ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىش، شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا بۇ خىل خۇسۇسىيەت بىرقەدەر گەۋدىلىك. بەزى ئالىملار چاغاتاي ئۇلۇسى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەۋائىي ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ XV — XVI ئەسىرلەر ئەدەبىياتى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن باسقۇچى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭمۇ مەلۇم ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار. مەن بۇ خىل قاراشقا باشقىچە پىكىردە ئەمەس. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم دەۋر روھىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈش ئەھۋالىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. بۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئۆلچىمى قىلىنىشى لازىم دېگەندىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاندا، خاس كىتابلار ياكى دەرسلىك كىتابلاردا چاغاتاي ئەدەبىياتى

ھەققىدە بايان بەرگەندە، چاغاتاي ئۇلۇسى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنى بىر بايان قىلىۋېتىپ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەر ئەدەبىياتىنى ئايرىم - ئايرىم ئۆز دائىرىسى بويىچە بايان قىلىش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۇسۇل دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ھەم ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلغىلى، ھەم ھەر بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي تىلى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يارىتىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چاغاتاي ئەدەبىياتى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى داۋاملىق راۋاجلىنىپ تۇردى. بۇنىڭ چوڭقۇر تارىخىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار.

چاغاتاي خانلىقى ئىلگىرىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەلۇمكى بۇ ئىككى خانلىقنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. مەسىلىنىڭ تۈگىنى يالغۇز بۇلا ئەمەس. ھەممىگە مەلۇمكى، موڭغۇللار ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، چىڭگىزخان «غەربىي شىمال خانلىقلىرىنى ئىستېلا قىلدى، بۇ خانلىقلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولغان (قوچو) ئۇيغۇر خانلىقى ھەممىدىن ئاۋۋال ئەل بولدى. چىڭگىزخان شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئىدىقۇتنىڭ 5 - ئوغلىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز شاھزادىلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا بىر قانچە

خانلىقنى باشقۇرغۇزدى. ئۇ ئىستىبداتلىق سەنئەتكار بولۇپ، ئوردىدا ئۆمۈر بويى سادىقلىق بىلەن ئىشلىدى»[250]. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇيغۇرلار، «يېنىدا ئىشلىگەندە يېقىن بىرىۋالماي، تاشقىرىدا قاتار تۇرۇپ»[251]، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتتى ھەمدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۆز دەۋرىدىكى ئالىملارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارلا ئەمەس، موڭغۇللارنىڭ خان جەمەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغانلىقىمۇ مۇھىم سەۋەب بولغان[252]. چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب كې شاۋمىن «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» دا «موڭغۇللار نايمانلارنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردىن دانىشمەنلەر كۆپ چىقىدۇ» دەپ يازغان. يۈەن دەۋرىدىكى ئالىم يۈي جى «داۋيۈەن يادنامىلىرى» دا ئۇيغۇرلار «تىل - يېزىق جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى» دېگەن. شۇنداق بولغاچقا، موڭغۇللار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تىل - يېزىقى چوڭ ئېتىبارغا ئىگە بولغان.

XIII ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيىلىك تارىخچى جۇۋەينى موڭغۇللار «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىلمىلىرىنى بىلىم ۋە ئىلىمنىڭ چوققىسى دەپ ھېسابلايدۇ»، دەپ يەكۈنلىگەن[253]. موڭغۇللار يالغۇز يېزىق ۋە تىلدىلا ئەمەس. بەلكى، دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن - تۈزۈم ۋە باشقا ساھەلەردىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور ياردىمىگە ئېرىشكەن.

چىڭگىزخان دەۋرىدە ئەنئەنىۋى جامائەت قانۇنىدىن ئىبارەت بولغان «تورۇ» دىن تارتىپ، چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇن - تۈزۈم، ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ ھەممىسى

ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ياساق» (جاساق) دەپ ئاتالغان. ئۆگدايخاندىن كېيىن رەسمىي رەتلىنىشكە باشلىغان. بۇ ياساق كېيىنكى تارىخىي مەنبەلەردە «موڭغۇل ياسىقى» ، «چىڭگىزخان ياسىقى» ، «چىڭگىزخان كىتابى» ، «بىلىك ياساق» ۋە «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دېگەن ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ ھەقتە جۇۋەينى، راشىددىن، ئىبنى ۋاتتۇتا قاتارلىقلار خاتىرە قالدۇرغان.

بۇ يەردە «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دەپ ئاتالغان ئەسەرگە نېمە ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» ئاتالغۇسىنىڭ قوشۇلۇپ ئىپتىلغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس بروككىلمان ۋە رۇس ئالىمى مېلئورانسكىيلەر ئالاھىدە توختالغان. گېرمانىيىلىك بروككىلمان 1942 ـ يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسىغا يازغان كىرىش سۆزى «يۇسۇپ خاس ھاجىب ۋە قۇتادغۇبىلىك» تە «تارىخچى ئىبنى ئەرەبشاھ چىڭگىزخان زامانىسىدا موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىغا ‹قۇتادغۇبىلىك› نامىنى بەرگەنلىكىنى سۆزلىگىنىگە ئوخشاش، راشىددىننىڭ ‹جەمئۇل ـ تەۋارىخ› ناملىق كىتابىدىمۇ ‹چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى› دىن مەلۇمات بېرىلگەنلىكىنى بىلىمىز» دەپ بايان قىلىنغان.

مېلئورانسكىي بولسا، ھىندۇشاھ شەمسۇل كاتىبنىڭ «دەستۇرۇل كاتىب فى تايىنىل مەراتىپ» ( XIV ئەسىر) ناملىق كىتابىدا ئىلخانىلار دۆلىتىدە ئادالەت ئىشلىرىغا ئاساس بولغان «يارغۇچى» دەپ ئاتىلىدىغان، خەلق ھاكىمىيەتلىرىگە ئائىت تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابقا «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دېگەن نامنىڭ بېرىلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى موڭغۇللارغا مۇئەللىملىك ۋە كاتىپلىق قىلغان ئۇيغۇرلار ئارقىلىق موڭغۇللارنىڭ ئوقۇپ ئۆگەنگەنلىكىنى ۋە ‹يارغۇچىلار› غا

ئائىت تەلىماتلار توپلىمىغا بېرىلگەن ‹چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى› دېگەن ئىسىمنىڭ شۇبھىسىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› دېگەن كىتابىدىن كۆچۈرۈپ قوللىنىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى»[254].

ئەپسۇسكى، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» ناملىق ئەسەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى بايانلار چىڭگىزخاننىڭ قولىدا ۋە ئېلخانىلار خانلىقىدا موڭغۇللارغا مۇئەللىملىك ۋە كاتىپلىق قىلغان ئۇيغۇر باخشى ـ بىتىكچىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، كۆچۈرۈلگەن ياكى موڭغۇللارغا ئوقۇتۇپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ بارلىقىنى، بەلكى موڭغۇللارنى ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تەسىرىگە ئۇچراتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر يېزىقىغا ‹قۇتادغۇبىلىك› نامىنى بېرىپ قوللانغانلىقىنى، نەتىجىدە داستاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدە تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[255]، [256].

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن نۇرغۇن ئالىم، ئەدىب، سىياسىئونلار يېتىشىپ چىقتى. جانىبەگ، يۇسۇپ سەككاكى، جامال قارشى، ھېسامىددىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى، رابغۇزى، ئەھمەدىبىن ئەييۇپ ئەل بالاساغۇنى، ئەييۇب بىننى ئەھمەد بالاساغۇنى، ھەيبەت ئالا (؟) ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرى، مۇھەممەد خارەزمى، ئابدۇرېھىم ھاپىز، پالۋان مەھمۇد، سەيفى سارايى، «تەئەششۇقنامە» نىڭ ئاپتورى سىدى ئەھمەد (1435)، «قىسسەئى يۇسۇپ» نىڭ ئاپتورى ئەلى (XIII ئەسىر)، «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» نىڭ مۇئەللىپى قۇتب (1340)، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» نىڭ مۇئەللىپى دۇربېك (XIV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياشىغان) قاتارلىقلار.

ھېسامىددىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى ئۆز زامانىسىنىڭ

كاتتا ئالىمى ئىدى. جامال قارشىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇ ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللاردا ئەسەر يازغان. بارتولدنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئىسلام دۇنياسىدا بۇ ئۈچ خىل تىلنىڭ سىڭىشتۈرۈلۈشى، شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم بولغان[257].

ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرى ئەينى شارائىتتا كاشغەردىن مىسىرغا بېرىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىسىرنىڭ «باي بارسىيە» مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان ۋە 1363 ـ يىلى «تاجۇلسائادەت ۋە ئەنۋانۇلسىيادات» (سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى) دېگەن بىر كىتاب يازغان.

پالۋان مەھمۇد (1247 ـ 1326) خارەزمىنىڭ كونا ئۈرگەنچ شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ شېرىن سۇخەن شائىر، دانا پەيلاسوپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ھىندىستانلاردا داڭق چىقارغان پالۋان ئىدى. ئۇ مەسنەۋى ۋە رۇبائىي ژانىرىدا گۈزەل ھەم چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان[258].

ھەيبەت ئالا ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بولۇپ، تۈركىي تىلى ۋە سۈرىيە تىلىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ئەسلىي تۈركىستان رايونىدا تۇرغان، كېيىن پىرسىيىگە بېرىپ خازانخان ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە شۇ يەردە تۇرۇپ، 1295 — 1304 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئۆلگەن. راشىددىن فەزلۇللاخنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇ بارلىق بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئادەم ئىكەن. ئىلخانىلار خانى قازانخان ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، «. . . ئومۇمەن ئۇ بىلىدىغان نەرسىلەردىن مەن بەك خۇشال، شۇڭا ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن، بىز بۇ يەردە خۇلاسە چىقارماقچى بولساق، ھەيبەت ئالا ۋە ئۇ ئېيتقان روھانىي ئادەتتىكى ئالىملارغا ئوخشىمايتتى»[259].

# 11. تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى

## 1) بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تۆمۈرىلەر دۆلىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىككى مەنبەدىن كەلگەن. بىرى، يۇقىرىقى ماۋزۇدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئەزەلدىن ئاشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار؛ يەنە بىرى، تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ياكى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇگۇنكى كۇندە شىنجاڭ دەپ ئاتالغان مۇشۇ زېمىندىن تۆمۈرىلەر دۆلىتى تەۋەسىگە بارغان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت. ئەمدى بىز تۆمۈرىلەر دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۆتكىلىشى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

غەربىي چاغاتاي خانلىقى ۋە ئىلخانىلار خانلىقىنىڭ قۇيرۇقىنى تۆمۈرلەڭ يىغىشتۇرۇپ، دەسلەپتە ماۋەرائۇننەھر رايونى، كېيىنچە خۇراسان رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇدقا كېلىپ، شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخىدا يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىلدى.

تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسىمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش ھەر خىل خەلقلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا، بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولى داۋاملىق

www.uyghurkitap.com

جارى بولۇپ تۇردى.

لېكىن، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى بەزى ۋەقەلەر ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ۋەقەلەرگە ئوخشىماي قالدى.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۆز دۆلىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىدىن داۋاملىق پايدىلانغاندىن باشقا، غەربىي چاغاتاي، موگۇلىستان (ھازىرقى شىنجاڭ، يەتتەسۇ رايونى ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار) خانلىقلىرى بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئاممىسىنى داۋاملىق تۇردە ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان رايونىغا يۆتكەپ، ئۇلاردىنمۇ پايدىلانغان.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەيلى. شەرقشۇناسلاردىن دوكتور بېللىۋ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى كاشغەرىيە دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلغان بۇ ئۇلۇس تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ‹يەتتە ئۇلۇس› دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر پەنجاپتا ياشاۋاتقان يەتتە ئۇلۇسلار ياكى جاتلار قەبىلىسى ئەسلىدە كاشغەرىيىدىن چىقىرىلغانلارنىڭ پۇشتىدۇر، بۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كاشغەرىيە ‹يەتتە ئۇلۇس› دەپ ئاتىلىدىغان چاغلاردا بۇ ئۇلۇستىن كېتىپ قالغانلار» دۇر[260].

1365 - يىلى تۆمۈر سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى چىناز بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرىسىدا شەرقىي چاغاتاي قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان، 1370 - يىلى ئۇ سەمەرقەنتنى ئىگىلەپ، ماۋەرائۇننەھردىكى توپىلاڭلارنىمۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە بېسىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ماۋەرائۇننەھر شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. تۆمۈر بۇ جايلاردا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. تۆمۈرلەڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، شەرقىي چاغاتاي ئۇلۇسى بىلەنمۇ داۋاملىق ھەپىلىشىپ ئۆتكەن.

شىرىپىددىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» ۋە نىزامىددىن شەمئىمۇ «زەپەرنامە» (1404 ـ يىلى يېزىلغان) دېگەن كىتابلاردا تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ شەرقىي چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى شەھەرلەرنى تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان. شىرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ يېزىشىچە، تۆمۈرلەڭ 1375 ـ يىلدىن 1379 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەرگە بەش قېتىم ھۇجۇم قىلغان، بىر قېتىم تۆمۈرلەڭ قوشۇنلىرى بىلەن چاغاتاي قوشۇنلىرى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا قاتتىق ئۇرۇشۇپ، چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ يېڭىلىشى بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاخىرلاشقان، تۆمۈرلەڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئالمىلىق ۋە كاشغەرگىچە ماڭغۇزغان ۋە بۇ شەھەرلەرنى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، مال ـ مۈلۈكتىن باشقا، بىر قىسىم ئاھالىلەرمۇ ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا تۆمۈرلەڭ دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىلگەن. ئابدۇرازاق سەمەرقەنتى «مەتلە ئۇسسەدايىن ۋە مەجمەئۇل ـ بەھرەيىن» (ئۇنلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ئىككى دەريانىڭ بىرلىشىشى) (1471 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدا ئۆمەر شەيخنىڭ 1370 ـ يىللىرى (بىر قىسىم) كاشغەر ئاھالىسىنى ئەنجانغا كۆچۈرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان.

موغۇلىستان خانلىرىدىن ئىسەن بوقا دەۋرلىرى (1432 ـ 1462) يىللىرىدا دوغلات قەبىلىسىدىن سەئىد ئەھمەد كاشغەرنى نازارەت، مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئەمما، ئۇ ئادەم ئىقتىدارسىزراق بولغاچقا خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن دېگەندەك چىقالماي قالغان، مۇشۇنداق بولغاچقا يەرلىك خوجىلار سەمەرقەنتتىكى تۆمۈرلەڭنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغ

www.uyghurkitap.com

بەگ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنى كاشغەردىن قوغلىۋەتكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كاشغەر ئۇلۇغ بەگنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان، ئۈچ يىللىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا سەئىد ئەھمەد كاشغەرنى قايتۇرۇۋالغان. قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئالدى-كەينىدە سەمەرقەنت تەرەپكە ھېسسىداشلىق قىلغۇچى ۋە قايمۇققان بىر قىسىم كاشغەر ئاھالىسى ماۋەرائۇننەھر تەرەپكە كېتىپ قالغان.

يۇقىرىقىدەك ئۇرۇش سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى خېلى بىر مەزگىل تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىدە خاتىرجەملىك، ئىلىم-پەنگە ئېرىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ، كۆڭۈل مايىللىقى بىلەن قوشنا ئەل ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بارغان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بولۇشى تۇرغان گەپ.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە كىرىشى تارىختىكى كىرىشنىڭ داۋامى ئىدى. بۇ قېتىم كىشىلەر، ئىلگىرىدىن باشلاپلا، مەزكۇر رايوننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلار بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە تارىختا ئالاھىدە خاتىرىلىنىشكە نائىل بولغان. بۇ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ نامى-نىشانى تارىختا قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرىنىڭ تۆھپىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا، تارىخىي دېرەكلەر ئارقىلىق زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە.

### 2) تۆمۈرىلەر دۆلىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر مەمۇرىي ئەمەلدارلار

بۇ دەۋردە بىر مۇنچە ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى تۆمۈرىلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان.

دۆلەت شاھ باخشى ئۇيغۇر — تۆمۈرىلەرنىڭ دەسلەپكى

مەزگىلىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل تۇتقان مەنسەپدار ئىدى.

غىياسىدىن باخشى (؟ — 1452)، بۇ ئادەم مەنبەلەردە غىياسىدىن كىچىك ياكى كىچىككىنە باخشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينىڭ دادىسىنىڭ بەزى ماتېرىياللاردا شىنجاڭلىق ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن[261]. ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسى كاشغەرىيەدىن مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. غىياسىدىن باخشى سەبزۋار (ھازىرقى تاجىكىستاندا) شەھىرىگە ھاكىم بولغان. خۇراسان ھۆكۈمدارى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ چاغاتاي (ئۇيغۇر) تىلى ۋە ئەرەب تىلى بويىچە باخشى ـ كاتىبى بولغان. ئۇ شېئىرىيەتكە قىزىققان. ئۇز دەۋرىدە «تارىخىي خانى» ناملىق بىر كىتاب يېزىلغان. XVI ئەسىر ئاپتورلىرىدىن ئابدۇللا بىن ئەلى نەسرۇللا «زۇبدۇت ـ ئول ـ ئەسەر» دېگەن تۈركىي تىلدىكى كىتابىدا «‹تارىخىي خانىيە›، تۈركىي ئۇيغۇر باخشىلىرى ئۇنى ئۇيغۇر خېتى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن بىتىبدۇرلەر» دەپ يازغان[262]، [263]. تۆمۈرنىڭ تارىخىنى يازغان شېرىپىدىن ئەلى يەزدى (؟ ـ 1454) «زەپەرنامە» دېگەن كىتابىنى يېزىشتا بۇ كىتابتىن پايدىلانغان. بەزى ئاپتورلار «تارىخىي خانى» نى غىياسىدىن باخشى يازغان بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ[264]. ئەپسۇسكى بۇ كىتاب ھازىرغىچە ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم ئەمەس.

دەرۋىش ئەلى — ئۆز زامانىسىدا ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەلخ شەھىرىگە ھاكىم بولغان. ئۇ نەۋائىينىڭ ئىنىسى ئىدى.

ئەھمەد ھاجىبەگ. ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» تا ئەھمەد ھاجىبەگ[265] توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «سۇلتان مالىك كاشغەرى كى زامانىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشى (سى) ى ئىدى. شۇنىڭ ئوغلىدۇر. ‹ۋە فائى› دەپ تەخەللۇس قىلاتتى. ئەخلاقى گۈزەل، كۆڭۈللۈك، ھەممىگە پەسەنت

(قادىر) يىگىتتۇر. ئۇ، خۇراساندە تەربىيە تاپىدى. خۇراسان مەركىزى ھىراتتا 10 يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.
سەمەرقەنتتە بىر مەزگىل ھاكىم بولدى. ۋە بىر قەرنە ـ 30 يىلدىن بۇيان مۇستەقىل ئەمىرلىك ئورنى بىلەن پادىشاھ (سۇلتان ھۈسەيىن) گە نايىب (ۋەكىللىك) لىق قىلماقتا. ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئېتىراز قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ھەيۋەت ـ باھادىرلىقىنى ھەممە كىشى تونۇيدۇ ۋە تەسلىم قىلىدۇ. تەبىئىي غايەت گۈزەل نەزمىلەرگە كۆپ ساز چالىدۇ. بۇ مەتلەئە ئۇنىڭدۇركى:

مەتلەئە

گىرىفتى جانىمەن ئەزتەن بەزۇلفى پۇرشىكەن بەستى،
كوشادى پەردە ئەزرۇخسارى خىشۇ چەشمى مەن بەستى.
(ئەي سۇيۇملۇك! مېنىڭ جېنىمنى تېنىمدىن ئېلىپ بۇدرە چېچىڭغا باغلىۋالدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ يۈزۈڭ ـ جامالىڭنى پەردىدىن ئېچىپ كۆزۈمنى باغلىدىڭ)»
بۇ مەتلەئەدىن ئەھمەد ھاجىبەگنى ئىقتىدارلىق دۆلەت ئەربابى ھەم مۇزىكانت ۋە ئۇيغۇر، پارس تىللىرىدا شېئىر يازالايدىغان شائىر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز[266].
نەۋائىي يۇقىرىقى ئەسىرىدە مەۋلانا زامانى توغرىسىدا توختالغاندا، «مەۋلانا زامانى مەۋلانا مۇھەممەد ئامىلىينىڭ ئوغلىدۇركىم، ‹ۋەفائى› تەخەللۇسى قىلۇر ئەردى، پەقىر ‹زامانى› قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تەكلىپ بەرگەندۇر. سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئۇ سۇلتان بەدىئۇز زامانىنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئەھمەد ھاجىبەگنىڭمۇ ‹ۋەفائى› تەخەللۇسى بولۇپ، دىۋانى ھەم بار ئىدى»، («مەجالىسۇننە فائىس» 98 ـ بەت) دەيدۇ. «بابۇرنامە» دە بولسا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەھمەد ھاجىبەگ — سۇلتان مالىك كاشغەرىنىڭ ئوغلى ئىدى.

سولتان ئەبۇ سەئىد مىرزا (1451 — 1469 ـ يىللىرىچە خان بولغان) ھىرى(ھىرات) ھۆكۈمىتىنى بىر مەزگىل ئۇنىڭغا بەرگەنىدى، كىچىك ئاتىسى جانىبەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بۇنىڭغا بېرىپ، سەمەرقەنتكە ئەۋەتتى. خۇشخۇي، مەردانە كىشى ئىدى. تەخەللۇسى ۋەفائى ئىدى، شېئىرنى يامان ئەمەس يازاتتى. بۇنداق بىر بېيىتى بار:

مەستەم، ئەي مۇھتەسىب[①]، ئىمرۇز زى مەن دەست بىدار،
ئىھتىسابەم بىكۇن ئان روزكى يابى ھوشيار.
(ئەي مۇھتەسىب مەن مەستمەن، بۈگۈن مېنى تۇتما،
مېنى ئەقلىم كاللامدا بولغان كۈنى سوراق قىل).

مىر ئەلىشىر نەۋائىي ھىرىدىن سەمەرقەنتكە كەلىسىلا ئەھمەد ھاجىبەگ بىلەن بىللە بولاتتى»[267]. نەۋائىي سەمەرقەنتتە «تۇرغان بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنىڭغا مۇرەببە ۋە ھامى بولدى»، ئۇ «مەردانە كىشى ئىدى»[268].

دېمەك، ئەھمەد ھاجىبەگ ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق دۆلەت ئەربابىلا ئەمەس، بەلكى شېئىرىي دىۋانى بار، مەشھۇر شائىر ئىكەن. ئۇيغۇر «12 مۇقام تېكىستلىرى» دە «ۋاپائىي» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ بىر قانچە كۇپلېت غەزەللىرى ئورۇن ئېلىپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇ غەزەللەرنى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ غەزەللىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز.

ئەھمەد ھاجىبەگ سەمەرقەنتتە ھاكىم بولۇپ تۇرغان چاغدا سەمەرقەنتتە ئوقۇۋاتقان ئەلىشىر نەۋائىيغا ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئىلىم سۆيەرلەرنىڭ ھامىيسى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

جانىبەگ دولداي. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئۇنىڭغا

---

① مۇھتەسىب — دىنىي قائىدىلەرنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگۈچى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەمەرقەنتنىڭ هاكىملىقىنى تاپشۇرغان. سۇلتان ئەھمەد بولسا (ئوردىنىڭ) ئىشىك ئىختىيارلىقىنى تاپشۇرغان. «بابۇرنامە» دە ئەمىرلەر تەبەقىسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان ۋە «ئىنتايىن ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، . . .» ، «مەرد كىشى ئىدى» ، «سۇلتان مالىك كاشغەرىنىڭ ئىنىسى ئىدى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ يەنە ناھايىتى باتۇر ئادەم ئىكەن[269] .

نەۋائىي ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر، ئۇ 1472 — 1476 ـ يىللىرى هۆسەيىن بايقارا ئوردىسىدا باش ۋەزىر بولۇپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

يەنە هاپىز مۇھەممەد بەگ دولداي، ئابدۇلكەرىم ئەشرىت قاتارلىق ئۇيغۇر ئەمىرلەرمۇ خۇراساندا ئەينى زاماندا مەنسەپ تۇتقان.

دېمەك، بۇ دەۋردە بىر مۇنچە ئەمەلدارلار ئۆتكەن.

### 3) تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئورنى

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە بىر قانچە خىل تىل ـ يېزىق ئىشلىتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركى تىل ـ يېزىقىنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان.

بىرىنچى، تىل. ئەينى چاغدىكى تۈركى تىل يەنە «چاغاتاي تىلى» ، «ئۇيغۇر ئىبارىتى» ، «ئۇيغۇر تەلەپپۇزى» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان، كېيىنكى چاغلاردا «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىدا رولىنى جارى قىلدۇرغان. بۇ دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى نوپۇزى تۈپەيلىدىن ئەرەب تىلى ۋە پارس تىللىرى ئۆزىنىڭ

يۇكسەك ئورنى بىلەن ھەممىشە كىشىلەرنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغان. بىر مۇنچە ئىلمىي خادىملار ئىلمىي ئىجادىيەتتە ئۇ تىللارنى قورال قىلىشنى شەرەپ ۋە ئىستىبداتنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىۋېلىشقان. ئەمما، تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەردىن چىققان بەزى ئالىملار، جۈملىدىن تۆمۈرىلەرنىڭ ھۆكۈمران جەمەتى «تۈركىي تىلى» نامى ئاستىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى جان تىكىپ قوغدىغان ۋە ئۇ مىللىي تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىغا مۇناسىپ ھالدا مۇئامىلە قىلىنغان.

نەچچە ئونلىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە مەنسۇپ ۋە باشقا خەلق شائىرلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دېيىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەرلەر يېزىشقان. ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر مەۋلانا لۇتفى، مەۋلانا سەككاكى، ئاتائى، ھەزرەتى نەۋائىيلاردىن باشقا يەنە ھەرەمى، قەلەندەر، يەقىنى، مۇقىمى، كەمالى، لەتىفى، پالۋان ھۇسەيىن، مەۋلانە ھىلال، مىرسېيد، مۇھەممەد ئېلى، مىرزا بەگ، سەئىد ھۇسەيىن ئەردەشىر، مەۋلانە ئاشىقى، شەۋقى، گەدائى، يەنە مەجلىسى، يۇسۇپ ئەمىرى، ئەھمىدى قاتارلىقلارنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغانلىقى توغرىسىدا نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» تا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن.

بۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ناھايىتى زور تەسىرىنى شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، تۆمۈرىلەر خاندانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خېلىل مىرزا، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بايقارا مىرزا (ھۇسەيىنى)، شاھ غېرىب مىرزا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىشنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ تۈركىي تىلدا شېئىر يازاتتى. ئەلىشىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

نەۋائىي ئەنە شۇ يۇقىرىقى ئىسىملار زىكرى قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار ئالغان «ماجالىسۇن نەفائىس» دا ھۈسەيىن بايقارا شېئىرلىرىغا مەخسۇس باب ئېچىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ، كەڭ تونۇشتۇرىدۇ. ھەتتا ھۈسەيىن بايقارانىڭ تۈركىي تىلدا يېزىلغان «ھۈسەيىنىي» تەخەللۇسلۇق شېئىرىي دىۋانى بولغان[270]. نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس »نىڭ VII مەجلىسىدە ھۈسەيىن بايقارا توغرىسىدا توختىلىدۇ.

تۆمۈرىلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھىرات ۋە سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، بۇ شەھەرلەر ھەشەمەتلىك، ئىلىم ئەھلىلىرى توپلانغان، ئاجايىپ گۈللىنىش مەزگىلىدە تۇرغان. ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلىما ـ زىيالىيلار ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن چوڭ نوپۇزغا ئىگە بولغان ئەرەب تىلىنى بىردىنبىر ئەدەبىي تىل دەپ ھېسابلىمايدىغان ھەمدە پارسچە بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تىل چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن.

ھىرات ۋە سەمەرقەنتتىكى كۆپچىلىك تۈركىي تىللىق خەلقلەر، موغۇل ئەۋلادلىرى (باشقا خەلقلەرمۇ بار) سىياسىي جەھەتتىكى سادىقلىقىدىن، ھەتتا دىنىي جەھەتتىكى سادىقلىقىدىن، ۋاز كېچىشكە رازى بولغانىكى، ئۆز خەلقىنىڭ تىلى، ئەدەبىياتىدىن ۋاز كەچمىگەن.

شۇنداق بولغاچقا، خۇراسان ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىدا ئەرەب تىلى ۋە پارس ـ تاجىك تىلى ئىلمىي تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن تولۇق غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن. بولۇپمۇ ئەرەب تىلى

يېقىن شەرقتىكى كەڭ رايونلار ۋە ياۋروپادىكى بەزى جايلارغا ئوخشاش جانلىق تىل بولۇشى ۋە غەلىبە قازىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان. ھىرات ۋە سەمەرقەنتلەرنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتتى بالدۇرقىدەكلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنە بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق ئەنئەنىنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن مەزمۇنلاردىن بەلگىلىك بىر ئەقلىي خۇلاسىنى چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا ھىرات ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەر يۇرتلىرىدىكى قوۋم ـ ئايماقلارنىڭ ئەنئەنىسى دەسلەپتە ئەرەبچىلەشتۇرۇۋېتىلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارسچىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەمما، يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىر خىل مىللىي ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىش تەسكە چۈشكەن. XIV ئەسىردىن باشلاپ، ھەر خىل مىللىي تەركىبتىكى ئاھالىلەردىن قايتا تەشكىل تاپقان ھىرات، سەمەرقەنت قاتارلىق تۆمۈرىلەر چوڭ شەھەرلىرىنىڭ يېڭى شەھەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلى تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى كۆپچىلىك زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي قورال رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى شۇنىڭدىن كېيىن بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ توغرىسىدا ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىنى ئۆگەنگەن ئاتاقلىق ئالىم ئا، شىرباك تۆۋەندىكى پىكىرنى ئېيتقان. «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا سىرتقى

ئامىللار دائىرىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مىراسىنىڭ تەسىرى بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئىگىدۇر. XI — XIV ئەسىرلەر مابەينىدە كاشغەردە شەكىللەنگەن ئەدەبىي ئەنئەنىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزۇن مۇددەت داۋامىدا ئەدەبىي ئۈلگە سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان ئومۇمىي تىلنىڭ تەرەققىياتىغا زېمىن ياراتتى»، دەپ تەكىتلىگەن(«سوۋېت تۈركلوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1945 - يىلى 4 - سان) [271].

ئىككىنچى، يېزىق. تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى تۈركىي - ئۇيغۇر يېزىقى ئىككى خىل ئىدى. بىرى، ئۇيغۇر يېزىقى. بۇ ئادەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولۇپ، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە داۋاملىق ئىشلىتىلىپ تۇرغان يېزىق. يەنە بىرى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى. بۇ ئۆز زامانىسىدا تۈركىي يېزىق ياكى چاغاتاي يېزىقى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يېزىقلار توغرىسىدا يۇقىرىقى بابلاردا مەخسۇس توختالغاندۇق.

## 4) ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ تۆمۈرىلەر دۆلىتى تەۋەسىدىكى ئىدېئولوگىيىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۆلىما - زىيالىيلارغا تەسىر قىلغان ئىدېئولوگىيە خىلمۇخىل مەنبەلەرگە تۇتىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى دەۋر ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرى بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلەيتتى.

ئۆز زامانىسىدىكى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، فارابى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈگنەكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر شۇ چاغ ئالىملىرىنىڭ ئىدىيىلىرىدە ھەر خىل رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھەقتە بىز «ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس توختىلىمىز. شۇنداق بولسىمۇ مۇنداق ئىككى



www.uyghurkitap.com

مىسالنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ ئەڭ مۇجەسسەم قامۇسى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «ۋېينا» نۇسخىسى دەپ ئاتالغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى، 1439 ـ يىلى ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سائىل شەمسى دېگەن كاتىپ تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ ھال، بۇ داستاننىڭ ئۆز زامانىسىدا ھىراتتىكى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئوقۇلۇپ تۇرغانلىقى مەلۇم. يەنە بىرى نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نى كۆرگەنلىكى توغرۇلۇق ئۇچۇرلار بار.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تەسىرى مەسىلىسىدە دەسلەپ قىلىپ، سەئىددىن كاشغەرى توغرىسىدا توختىلىمىز.

سەئىددىن كاشغەرى (1377 — 1456). كاشغەردە ئۇلۇغلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان. «ئۇلار تەبىقىسىدە ئالىملار ئەھلى، تەقۋادار ۋە ئەۋلىيالار بولغان»[272]. مەسىلەن، زەيىندىن كاغىراقى (كاشغەرى) سەئىددىن كاشغەرىنىڭ دادىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى ئىدى؛ بۇ كىشىنىڭ ئەۋرىسى شەيخ ئالامىدىن پارس تىلىدا «مۇناقىب خوجا زەيىندىن» ناملىق كىتاب يازغان. بۇ كىتابنى ئابدۇئەلى سەرمەنى (كاشغەرى) 1797 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. سەئىددىن كاشغەرىنىڭ نەۋرىسى مەۋلانە مىرفازىل پارس تىلىدا «سىررەل ئەسرار» ناملىق سوفىزم ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە تەرىقەت قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب يازغان.

سەئىددىن كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان يىللىرى كاشغەر ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك يىللىرى ئىدى. چۈنكى، مىلادىيە 1369 ـ يىللىرى ئەمىر قەمەرىدىن كاشغەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادى ۋە ئۇنى ياقىلايدىغان

www.uyghurkitap.com

ھەر قايسى تەبىقىدىكى ئادەملەرنى قىرغىن قىلغان. ئۇنىڭ كېيىندىنلا، يەنى 1375 ـ يىلى تۆمۈر قەمەرىدىنگە قارشى قىلغان ئۇرۇشتا كاشغەر شەھىرىنى تامامەن خاراب قىلغانىدى. نەتىجىدە كاشغەر خەلقى، جۈملىدىن سەئىددىن كاشغەرىنىڭ ئائىلىسى ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىغان. سەئىددىن كاشغەرى ئىلىم خۇمار ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، سەپەر مەنزىلىنى ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەمەرقەنتكە نىشانلىغان. ئۇ سەمەرقەنتكە بارغاندىن كېيىن بىر مەزگىل تولىمۇ قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن. ئۇ يەردە كاشغەردىن بارغان ئۆلىما مەۋلانە مۇھەممەد بىلەن بىرلىكتە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشكەن [273]. بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئوغلى مىر سەئىد ئىلىنى شەيخ ھەبىب دېگەن ئۆلىمانىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى بۇخارادىكى خوجا مۇھەممەد باھائىددىن نەقشىبەندى (1318 — 1389) يىللىرى مۇدەررىسلىك قىلغان بۇخارا مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خوجا باھائىددىن نەقشىبەندىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ سادىق مۇرىتىغا ئايلانغان. ئۇستازى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ جايدىكى شەيخلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن خۇراسان ئۆلكىسىگە بېرىپ، «خۇراسان ئالىمى مەۋلانە نىزامىددىننى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن پۈتۈن ئەنئەنىۋى بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى تاماملىغان، ئۆز زاماندىشلىرى ئارىسىدا زور ئاتاققا ئىگە بولۇپ تونۇلغان[274]». ئۇ يەنە جالالىددىن ئەبۇ يەزىد بۇرابى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ پىرلىرىدىن تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ، تەسەۋۋۇپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان[275]. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈچلۈك

تەسىر قوزغاپ شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن خوراساندا (ياكى ھىرات شەھىرىدە) ھۇسەيىن بايقارا سالدۇرغان «مەلىكان مەدرىسى» دە مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇن تالىپ ـ ئۆلىمالارنى تەربىيىلىگەن.

سەئىددىن كاشغەرى ھاياتىدا بىر قانچە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇلار «مۇنيەتۇل مۇسەللى ۋە غەينەتۇل مۇفتەدا»، «تۆھفەتۇل مۇسەللى، مۇنيەتۇل مۇسەللى»، «كەلىمەت خوجا باھائىددىن»، «رىسالەئى لەتائىف»، «ۋۇجۇدنامە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 15 خىل نۇسخىسىدىن كۆپرەك قوليازمىسى ھازىر ئىلمىي خادىملارنىڭ قولىدا ساقلانماقتا ئىكەن[276].

بىزنىڭ بۇ يەردە سەئىددىن كاشغەرىنى ئالاھىدە سۆزلىشىمىزدىن مەقسەت، كاشغەردە قىرانلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ۋە كاشغەرنىڭ مەرىپەت مۇھىتىدا ئۆسكەن ۋە ياشلىق چاغلىرىدا، قەلب چوڭقۇرلۇقىدا مۆھۇردەك ئويۇلغان پەلسەپۋى بىلىملىرىنى سەمەرقەنت، بۇخارا، ھىرات قاتارلىق جايلاردا يەنمۇ پىششىقلاپ، چوڭ بىر ئۆلىما، ئالىمغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىلىملىرىنى ھىرات مەدەنىيەت مەكتىپى (ئېقىمى) دىكى شاگىرتلىرىغا تارقىتىپ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى، قىسقىسى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ بىر بايراقدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى ئىدېئولوگىيىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ ئابدۇراخمان جامىغا بولغان تەسىرىنىلا ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز. ئا. جامى (1414 — 1492) ئىسلام دۇنياسى، پۈتكۈل پارس ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا سىمالانىڭ بىرى، ياۋروپا ئەللىرىگە داڭق كەتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىر بولۇپ، ئۇ دەل سەئىددىن كاشغەرىنىڭ

شاگىرتى ئىدى. ئۇ ئۇستازىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا شېئىرىيەت، مۇسىقا (مۇزىكا) ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئا. جامى تەرىقەت سۈلكىنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي دۇنيا قاراش جەھەتتە سەئىددىن كاشغەرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە[277] سەئىددىن كاشغەرىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى شەرھلىگەن، ئۆزىنىڭ پىرى ھەم شەيخى سەئىددىن كاشغەرىگە يۈكسەك باھا بەرگەن. ئۇستازى ۋاپات بولغاندا، قاتتىق قايغۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، سەئىددىن كاشغەرىنىڭ لۇتفى، سەككاكىلارغىمۇ كۈچلۈك تەسىرى سىڭگەن.

سەئىددىن كاشغەرى ۋاپات بولغاندا، ھىراتنىڭ ھىيابان دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغان[278].

سۇلتان مالىك كاشغەرى. بۇ كىشى توغرۇلۇق ئەلشىر نەۋائىي «مەجالىسۇننەفائىس» تا «... زامانىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشى ئىدى» دېگەن مەلۇماتنى بېرىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ كىشىنىڭ كاتتا ئالىم ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ئەمما، باشقا ئۇچۇرلار يوق.

مەۋلانە فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامى، يەنى «فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم». ئۇ ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئۇستازلىرىدىن ئىدى. بۇ زات ھەققىدە خاندەمىر «خۇلاسەتۇل ئەخبار» دا مەلۇمات بېرىلگەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە «ئاخۇن» سۆزى كۆپ قوللىنىلىدۇ[279]. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا ئاساسەن فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم ئۇيغۇر زاتىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك، دەپ قارالماقتا.

ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي ھەم ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىگە تولغان ئەسەرلىرى خوراسان

ئۆلكىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى ساھەسىگە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي پىكىرلەرنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

مۇھەممەد بىن رەشىد ئەلى كاشغەرلىك داڭلىق ئالىم. XV ئەسىردە غەربىي ئاسىياغا سەپەر قىلغان ھەم سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆزىنىڭ كەڭ بىلىمى ئاساسىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى، مەسىلەن، ھېدىق نەسىرىنىڭ «ئەلھەينان» ناملىق كىتابىغا، قازى نىيازىنىڭ «سۇبھى» دېگەن كىتابىغا ۋە خېلىل بەگ ئىمىن نىيازىنىڭ ئىككى پارچە كىتابىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ زات 1466 ـ يىلى مەككىدە ۋاپات بولغان[280].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەينى زاماندا ھىراتتا سەئىدۇلمىللەت ۋەلەدىل كاشغەرى دېگەن بىر ئالىم ئۆتكەن بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇ نەۋائىينىڭ ئۇستازلىرىدىن ئىدى، دېيىلىدۇ. بۇ سەئىددىن كاشغەرى بىلەن بىر ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن دېگەن پەرەزنىڭ تۇغۇلۇشىغا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. لېكىن پاكىتلار ئازراق.

## 5) تۆمۈرىلەر ئوردىسىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇزىكا تارىخىدا ئۆلگىلىك، نەمۇنىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ مەزمۇنىدا كۈي ئاھاڭلىرى ۋە مۇزىكا رىتملىرى بولغاندىن باشقا، لىرىك غەزەل يەنى ئەدەبىي ئەسەر جەۋھەرلىرى ساقلانغان. بۇلار شائىرلارنىڭ ئوتلۇق ئىلھامى، ۋەزىنلىك ئىجادىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقىدا شۇبھە يوق. مۇقامنىڭ زامان ـ زامانلاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىشىدە بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، ئالەمشۇمۇل ئىمپېراتور تۆمۈرىلەر ئوردىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «12 مۇقامى» نىڭ ئورۇندىلىپ تۇرغانلىقى. تۆمۈر پۈتۈن ئۆمرى ھەربىي سەپلەردە ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي، ھەر خىل مۇناسىۋەت بىلەن خىلمۇخىل تويلارنى، بەزمىلەرنى ئۆتكۈزۈشنىمۇ ياخشى كۆرگەن. شۇڭا، ئۆزى ئىشغال قىلغان شەھەرلەردىن باشقا شەھەرلەردىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ھۈنەرۋەنلەر قاتارىدا ئاتاقلىق سەنئەتكارلار، ناخشىچىلار ۋە سازەندىلەرنىمۇ سەمەرقەنتكە توپلىغان. تارىخچى ئىبنى ئەرەبشاھ تۆمۈر توغرىسىدىكى خاتىرىسىدە شۇ دەۋردە تۆمۈر ئوردىسىدا داڭق چىقارغان مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن ئابدۇللەتىف دامخانىي، مەھمۇد ۋە جامالىدىن خارەزمى، ئابدۇقادىر غايىبى مەراغالى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

شۇ دەۋردە، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن چىققان ئابدۇلقادىر مەراغالى مۇزىكا ساھەسىدە ئۇلۇغ ئۇستاز ھېسابلانغان. ئەنجانلىق ئاتاقلىق ھاپىز يۈسۈپ ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە ناخشا ئېيتىش سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغان. پارس ھاكىمى بۇ ئادەمنى بىر قانچە قېتىم بايسۇنقارادىن بېرىپ تۇرۇشنى سورىغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

ئابدۇلقادىر مەرغالى ساز چېلىشتىلا دەۋرنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارى بولۇپ قالماي، مۇزىكا نەزەرىيىسى ساھەسىدىمۇ ئاتاقلىق ئالىم بولغان. ئۇ پارس تىلىدا بىر قانچە پارچە كىتاب يازغان. «مەقاسىددۇلئەلخۋان» («ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانى») (1418 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدا شۇ دەۋردە تۆمۈرىلەر سارىيىدا ئورۇندىلىپ تۇرىدىغان «12 مۇقام» نىڭ نامىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

1. ئوشاق، 2. نەۋا، 3. بۇسەلىك، 4. راست، 5. هۇسەينىي، 6. هىجاز، 7. رەماۋى. 8. زەنگۇلە، 9. ئىراق، 10. ئىسفۇھان، 11. زىرئەفكەند، 12. بۇزرۇگ.

ئابدۇلقادىر مەزغالى، شۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەر غەزەل، ناخشا، مۇقام دېگەن ئاتالغۇلار ئورنىدا «كۇگ» (كۈي) دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدىغانلىقى، تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەردە ناھايىتى كۆپ «كۇگ» بارلىقى، بۇلاردىن توققۇز كۇگ بەك داڭلىق ئىكەنلىكى، خان سارايلىرىدا ھەر كۈنى بىر كۇگ ئورۇندىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇلاردىن بىر مۇنچىسى «ئۇلۇغ كۇگ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ»[281].

بۇ دەۋردە ئۆتكەن بىر قىسىم ئەدىبلەر تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدىن ئورغۇن ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسىلەرنى قوشقان.

## 6) ئەلىشىر نەۋائىي

ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ھەزرىتى ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501 يىللىرى) [282]ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئىنتايىن يۈكسەك ۋە پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە. ئۇ خوراسان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي ھىرات شەھىرىدە شىنجاڭلىق غىياسىدىن باخشى (غىياسىدىن كىچىك، كىچىككىنە باخشى دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1500 — 1551 يىللىرى) «تارىخى رەشىدىي» (1541 — 1546 يىللىرى) ناملىق كىتابىدا «1 خىل وي ئاز بخشيان اويغۇر است پدر اورا كىچىكىنە بخشى ميكفتند» يەنى «ئەلىشىرنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن، ئاتىسىنىڭ ئېتىنى كىچكىنە باخشى

www.uyghurkitap.com

دېيىشەتتى»[283] دەپ يازغان.

نەۋائىي ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، بىر مۇنچە ئەدىبلەردىن تەلىم ئالغان. شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن[284].

نەۋائىي ئۆزى ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىي مۇھىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ زېھنىنى سەرپ قىلغان.

غىياسىددىن ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى — ئۇيغۇر سۈپەتلىك باخشىلار، ئۇيغۇرى مەرتىۋىلىك باخشىلار (نەۋائىينىڭ ئۆز سۆزى) دىن كىچىك باھادىر غىياسىددىن «باخشى» نىڭ ئائىلىسىدە دەسلەپتە پەرغانىدە، تۆمۈرىلەر شاھزادىلىرىدىن ئۆمەر شەيخ سىياسىي مەركەز قىلغان ئەسەخ شەھرىدە ياشىغان. بۇ جاي ئەنجان ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە ئىدى. كېيىن (تەخمىنەن 15 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ھىراتقا كۆچۈپ بېرىپ، شاھرۇخ مىرزا ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. ئەلىشىر 1441 ـ يىلى 9 ـ فېۋرالدا ھىرى (ھىرات) دا تۇغۇلغان. نىزامىددىن ئەلىشىر يەتتە ياش چېغىدا شاھرۇخ مىرزا ئۆلۈپ، شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت ـ تاج تالىشىش تۈپەيلىدىن جەڭگى ـ جېدەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئامانلىق ئىزدەپ، تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن. جۈملىدىن غىياسىددىن ئائىلىسىمۇ ئىراققا كۆچۈپ بېرىپ، تەفت شەھرىدە ئۈچ يىلغىچە ياشىغان. خۇراساندا جېدەل ـ ماجىرا بېسىققاندىن كېيىن غىياسىددىن باخشى ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. ئوبۇلقاسىم بابۇر (1452 — 1457 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) غىياسىددىننى سەبزىۋارغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. 10 ياشلىق ئەلىشىر ھىراتتا قېلىپ ئوقۇغان. ئەلىشىر 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىغا

قالغان، 15 يېشىدا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئوبۇلقاسىم ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. 1456 ـ يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىنى مەشھەتكە يۆتكىگەندە ئەلىشىرمۇ بىللە بارغان. ھىرات تىنچىغاندىن كېيىن ئەلىشىر ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بىراق، بۇ يەردە ئۇزاق ياشىيالمىغان. چۈنكى، نىزامىدىن 18 ياش چاغلىرىدا چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغان.

سۇلتان ئەبۇسەئىدمىرزا 1458 ـ يىلى پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن شاھروخ ۋە ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەر جايغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ قاتاردا ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ سەمەرقەنتكە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەلىشىر يىگىتلىك چېغىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.

ئەلىشىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مەشھەتتە ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ تۇرغان 16 ياش مەزگىللىرىدىلا دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭ شائىرلىق تالانتى ۋايىغا يەتكەن. نەۋائىي ئەدەبىي پائالىيىتىنىڭ كېيىنكى ھەمدە زور كۆلەمدە چوڭقۇرلىشىشىدا ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. نەۋائىي مەشھەدتىكى ۋاقتىدىلا ئىككى تىلدا — پارسچە ۋە تۈركچە شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ تېز ئارىدا «زۇللىسانەين» («ئىككى تىللىق شائىر») دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇ پارسچە شېئىرلىرىنى «فانى»①، تۈركچە شېئىرلىرىنى «نەۋائىي»② تەخەللۇسى بىلەن يازغان.

1469 ـ يىلى ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى دوستى ۋە

① فانى — يوقالغۇچى.
② نەۋائىي — نەۋا قىلغۇچى، سايرىغۇچى، كۈيلىگۈچى.

ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارا (1506 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىقىپ، ھىراتنى ئىگىلىگەن. ھۈسەيىن بايقارا تەختنى ئىگىلىگەن دەسلەپكى يىللاردا نەۋائىي ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قاراپ، ئەلدە ئادالەت، مەرىپەت ئورنىتىدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. لېكىن، ئۇ نەۋائىينىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. 1470 ـ يىلى ھىراتتا خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلىدۇ. نەۋائىي قوزغىلاڭغا خەيرخاھلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ قوزغىلاڭ نەۋائىينىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا سۈلھى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. نەۋائىينىڭ نامى خەلق ئىچىدە چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. 1472 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەۋائىي سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ۋەزىرلىك لاۋازىمىدا تۇرغان نەۋائىي ئەلدە تەرتىپ ۋە ئادالەت ئورنىتىشقا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئىنتىلىدۇ. لېكىن، يۇقىرى تەبىقە مۇتەئەسسىپلىرى ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىدۇ. 1476 ـ يىلى نەۋائىي ساراي پىتنە ـ پاساتلىرى تۈپەيلىدىن ۋەزىرلىكتىن ئىستىپا بېرىپ، 11 يىلغىچە دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يىللار نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپ قالىدۇ، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ھاياتىدا نۇرغۇن مېھنەت سەرپ قىلغان. ئۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، 60 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان[285]. ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

① دىۋانلار («خەزائىنۇل مەئانى»): 1) «غەرايىبۇسسىغەر» (ئۆسمۈرلۈك غارايىباتلىرى)، 2) «نەۋادىرۇششەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، 3) «بەدائىئۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، 4) «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق نەپلىرى)، 5) «دىۋان فانى» (پارسچە دىۋانى)؛ ② «خەمسە»: 6)

«ھەيراتۇل ئەبرار»، 7) «پەرھاد ۋە شىرىن»، 8) «لەيلى ۋە مەجنۇن»، 9) «سەبئەئى سەييارە»، 10) «سەددى ئىسكەندەر»؛ ③ تەزكىرىلەر: 11) «مەجالىسۇننەفائىس»، 12) «نەسائىمۇل مۇھەببەت» (مۇھەببەت خۇشپۇراقلىرى)؛ ④ تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلىرى: 13) «رىسالەئى مۇئەممما»، 14) «مىزانۇئەۋزان»، 15) «مۇھاكىمەتۇللۇ-غەتەيىن»؛ ⑤ دىنىي، ئەخلاقىي پەلسەپۋى ئەسەرلىرى: 16) «مۇناجات»، 17) «چىھىل ھەدىس» (ئەربەئىن)، 18) «نەزمۇل جەۋاھىر»، 19) «لىسانۇتتەير»، 20) «سىراجۇل مۇسلىمىن»، 21) «مەھبۇبۇل قۇلۇب»؛ ⑥ تارىخىي ئەسەرلەر: 22) «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»، 23) «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، 24) «زۇبدەتۇل تەۋارىخ»؛ ⑦ تەرجىمىھال ئەسەرلىرى: 25) «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»، 26) «خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن»، 27) «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»؛ ⑧ ۋەسىقىلەر: 28) «ۋەقفىنامە»، 29) «مۇنشەئات» (پىزشىملار) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، نەۋائىي ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆز قەسىدىلىرىنى توپلاپ، «فۇسۇلى ئەربەئە» (تۆت پەسىل) ۋە «لىستەئى زۆرۈرىيە» (ئالتە زۆرۈرىيەت) ناملىق ئىككى توپلام تۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇلاردىن باشقا نەۋائىينىڭ «رىسالەئى مۇفرەدات دەرفاننى مۇئەممما»، دېگەن ئەسىرى بولغان. ھەزرىتى ئەلىنىڭ «نەسرۇل ـ لەئالى» ناملىق ئەسىرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا نەسرى ئۇسۇلدا ئىشلەپ چىققان.

نەۋائىي ئۆزى ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىي مۇھىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ زېھنىنى سەرپ قىلغان. ئۆز يېنىدىن خىراج ئاجرىتىپ، خانىقا ـ مەدرىسە، ئىلمىي

ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇ يەرگە ئىلىمخۇمارلارنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

نەۋائىي ئىجادىيىتى ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك، يىرىك مەھسۇلى. نەۋائىي تۇغۇلغان ۋە ئاساسلىق پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان ھىرات شەھىرى XIV — XV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان. نەۋائىي ئائىلىسىمۇ مەرىپەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلى بىلەن يېقىن ئىدى. ھەزرىتى نەۋائىينىڭ ئۆزى شۇ چاغدىكى ئەڭ بىلىملىك ئۆلىمالاردىن بىلىم ئالغان. نەۋائىي ئۆزى ئېيتقان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ چېچەن ناتىقلىرىدىن، تۈركىي سۆز ماھىرلىرىدىن بولمىش سەككاكى، لۇتفىلار» ئۇنىڭ ئەسىرداشلىرى ئىدى. نەۋائىي ئۇيغۇر تىلىدا گۈزەل ئەسەرلەرنى يازغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈگنەكى، سەككاكى، لۇتفى، ئەتائى قاتارلىق ئەدىبلەرنى ئۆز ئۇستازلىرى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىسىگە قويۇق ۋارىسلىق قىلغان. شۇنىڭدەك ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن، بولۇپمۇ پارس - تاجىك تىلىدا يىرىك ئەسەرلەرنى يازغان ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى ۋە پارس شائىرلىرىدىن فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، سەئىدى، ھاپىز شىرازى، ئا. جامى، ھىندىستاندا ياشىغان پارس تىللىق تۈركىي شائىر خۇسرەۋ دېھلەۋى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز ئەدەبىي پائالىيىتىگە ئىجادىي تەتبىق قىلغان ۋە پارس تىلىدىمۇ شېئىر يازغان، شۇڭا نەۋائىينىڭ نامى يالغۇز تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە.

نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىلى

ئىكەنلىكى يالغۇز ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىپ قالماستىن، بەلكى نەۋائىي مىللىي تىل سۈپىتىدە قوللانغان تۈركىي تىل — چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەرگە ئالغانلىقىمىزدا.

نەۋائىيدىن ئىلگىرى ۋە زاماندىش بىر مۇنچە شائىرلار چاغاتاي تىلىنىڭ بىر مۇنچە ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ياراتقانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، نەۋائىي دەۋرىدە ئەدىبلەر ئارىسىدا يەنىلا پارسچە يېزىش خاھىشى كۈچلۈك ئىدى. نەۋائىي بۇ خاھىشلارنى ئىسيانكارلىق بىلەن رەت قىلىپ، ئۆز ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بويىچە يول ئېچىپ، بۇ تىلنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك بىر چوققىسىنى ئىگىلىدى.

نەۋائىي ئەڭ ئۇلۇغ تىل مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى، ئۆزىنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرىنى مۇشۇ تىل بىلەن يېزىپ چىققانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن كەڭ دائىرىدە پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئىلمىي خادىملار نەۋائىينىڭ پەقەت 24 پارچە ئەسىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى لېكسىك ـ گىراماتىكىلىق، سېمانتىك، ئىستىلىستىك، تېماتىك، گېنېئالوگىك جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، بۇلاردا 1 مىليون 378 مىڭ 67 سۆز ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھېسابلاپ چىققان[286]. يەنى (بۇلار 26.0135 لېكسىكىلىق بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن).

نەۋائىي ھىراتتا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. نەۋائىي ۋاپات بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ نامى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ ئىززەتلىك نام سۈپىتىدە يادلىنىپ كېلىنىدى. ئۇنىڭ بىباھا ئەسەرلىرى ئەسىرلەردىن بېرى ئەتىۋارلىنىپ، سۆيۈپ ئوقۇلۇپ، خەلققە مەنىۋى لەززەت بېرىلىپ كېلىنمەكتە ۋە مەڭگۈ شۇنداق بولغۇسىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 12. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشى ۋە پائالىيەتلىرى

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ، بىر ـ بىرى بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبلەرگە ئايلاندى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خان (1670 — 1678 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) قارا تاغلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپاق خوجىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ھەيدەپ چىقاردى. 1678 ـ يىلى ئاپاق خوجا جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى، جۇڭغارلار ئاپاق خوجىنى يۆلەپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قورچاق قىلىپ تىكلىدى. جۇڭغارلار ۋە خوجىلارنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمرانلىقى 1759 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شىنجاڭدا ئاجايىپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. تىنىمسىز سىياسىي ۋەزىيەت، مۇقىمسىز ئىجتىمائىي مۇھىت، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى، قاتتىق زىيانغا ئۇچراتتى، ئەنە شۇ يىللاردا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاھالىسى شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ

تەقەززاسى، ئىجتىمائىي يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئاساسلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

چىڭ سۇلالىسى چىرىك فېئودال ئاقسۆڭەك زوراۋان كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، شىنجاڭدا ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق يارىتالمىدى. ئاقسۆڭەك خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسىم ئۆكتەملىرى چەت ئەلگە قېچىپ چىقىۋېلىپ، يوشۇرۇن كۈچ توپلاپ، پۇرسەت تاپسىلا شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئالىتوپىلاڭ چىقىرىپ تۇردى. بۇنى ئاز دەپ، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياقۇپ بەگ ئۆزبېكىستاندىن شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، قورچاق يەتتە شەھەر خانلىقى (1865 — 1877 يىللىرى) نى قۇردى. 1870 - يىللاردىن باشلاپ جاھانگىر چاررۇسىيە ئىلى رايونىغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، ھەتتا 1871 - يىلدىن 1882 - يىلغىچە چاررۇسىيە ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

مانا مۇشۇنداق مۇقىمسىز ۋەزىيەتتە يەنى مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى، ئاقسۆڭەك خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىن بىر بۆلەك كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا داۋاملىق كۆچۈپ كەتكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسى س. ماركوفنىڭ مەلۇماتىچە، 1823 — 1828 - يىللىرىدىكى مالىمانچىلىقتا، تەخمىنەن 70 مىڭ ئادەم ئۈچ ئېلىنىشتىن قورقۇپ، سىر

www.uyghurkitap.com

دەرياسى ۋادىسىغا، يەنى قوقەنت، دالۋاس ۋە تاشكەنت ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان ھەمدە تاشكەنت ئەتراپىدا يېڭى شەھەر رايونى پەيدا قىلغان[287] .

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە قازاق ئالىمى چوقان ۋە لىخانوفنىڭ ئېنىقلىشىچە، 1825 ـ يىلى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كاشغەرىيىدىن قوقەنت، شەھرىخان شەھەرلىرىگە ۋە پەرغانىنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە 7000 ئەتراپىدا ئۇيغۇر كۆچكەن، كېيىن بۇ سان كۆپىيىپ 300 مىڭ ئەتراپىغا يەتكەن. XIX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا يەنە 15 مىڭ ئۇيغۇر قوقەنتكە كۆچۈپ بارغان، قاراسۇ قاتارلىق جايلارغا 9000 دولانلىق ئۇيغۇر كۆچۈپ بارغان.

چوقان ۋە لىخانوفنىڭ قارىشىچە، شۇ چاغلاردا تاشكەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يەنى يېڭى شەھەرگە كاشغەرلىك ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شەھرىخان شەھىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كاشغەرلىك ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن، قاراسۇمۇ شۇنداق بولغان، چوقان ۋە لىخانوفنىڭ ئىسپاتلىشىچە، شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار 324 مىڭغا يەتكەن[288] . 1847 ـ يىلىدىكى ۋەقە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە 20 مىڭ ئادەم قوقەنتكە كۆچۈپ كەتكەن[289] .

زوزۇڭتاڭ 1878 ـ يىلى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، تەخمىنەن 100 مىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر قايمۇقتۇرۇلۇش بىلەن ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن[290] . كورپاتكىن بۇ ھەقتە يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش جەريانىدىكى پاجىئەلىك قىسمىتى توغرىسىدا يۈزەكى بولسىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. 1881 ـ يىلى «جۇڭگو ـ روسىيە ـ ئىلى شەرتنامىسى» ۋە 1878 ـ يىلىدىكى «جۇڭگو ـ روسىيە لىۋادىن شەرتنامىسى» غا ئاساسەن ئىلى

چىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇلغاندا، جۇڭگو ـ روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن 1884 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا 9572 ئائىلە يەنى 45373 ئۇيغۇر كۆچۈپ كەتكەن[291].

سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى خوجا ئەھمەد سەئىدى قاسىموف 1960 ـ يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن يازغان «پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدا قەيت قىلىشىچە، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسى 250 مىڭدىن 300 مىڭغىچە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوۋېت ئالىمى سولوگوفنىڭ مەلۇماتىچە، تۈركىستان گوبېرناتورلىقىدا 1915 ـ يىلى 279 مىڭ شىنجاڭلىق كۆچمەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيوفنىڭ 1926 ـ يىلىدىكى تەكشۈرگەن مەلۇماتىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەينى ۋاقىتتا تەخمىنەن 710 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ 500 مىڭى ئوتتۇرا ئاسىيادا، تەخمىنەن 210 مىڭى يەتتەسۇ رايونىدا ياشىغان[292].

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» دا ئىشلەمچىلەر توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن. «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بولۇپمۇ ئىنقىلابتىن كېيىن 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ئاساسلىقى كاشغەر ۋە ئىلى رايونلىرىدىن ئۇرغۇنلىغان نامرات ئىشلەمچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئىچىگە ئىش ئىزدەپ بېرىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى ۋە كېيىنلىكى ئۇچۇن ئاز ـ تولا ئىقتىساد ئېشىنىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق ئىشلەمچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەتىيازدا بېرىپ كۈزدە قايتىپ كەلسە، بەزىلىرى يىللاپ تۇرۇپ قالاتتى. مۇنداق ئىشلەمچىلەرنىڭ كونكرېت سانىنى ھېچكىم ئىگىلەپ باققان ئەمەس. ئەمما، مېنىڭ بىلىشىمچە، جەنۇبىي شىنجاڭ

www.uyghurkitap.com

تەۋەسىدىكى نامراتلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە چىقىپ ئىشلەپ قايتىپ كېلىپ تۇرىدىغانلارنى 10 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ـ ئىككىدىن كەم ئەمەس دېيىشكە بولاتتى.

مىنگو يىللىرى (1911 ـ 1949 يىللىرىدا) دا روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، بۇنىڭ سانى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆلچەملىك مەلۇمات يوق. بۇنىڭدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشىنى توختاتمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يىراق دەۋرنى قويۇپ، پەقەت XIX ۋە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ ماكانلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇقىرىدا مۆلچەر سانىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە چىقىشىدا، تۇرمۇش يولى ئىزدەش قاتارلىق سەۋەبلەردىن باشقا، ھەج قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىدىغان ئەھۋال بولغان. ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلارنىڭ بەزىلىرى قايتىپ كەلگەن، بەزىلىرى كېلەلمىگەن. قەدىمكى زاماننى قويۇپ، يېقىنقى ئەھۋاللارنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن غەربىي ئاسىياغا بارغانلار توغرۇلۇق مۇنداق ئۈچۈرنى بايان قىلىمىز.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭدىن مەككىگە ھەجگە بارغانلار 10 مىڭغا يېتىپ بارغان. بۇلارنىڭ كۆپى ئۇيغۇر ئىدى. ئەينى زامانىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەجگە بېرىش تەلپى كۈچلۈك بولغاچقا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، مەككىگە ھەجگە بارغۇچىلار كېمىيىپ كەتكىنى يوق، ئەكسىچە ھەجگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ «كەينى ـ كەينىدىن يول خېتى سورىغانلار» كۆپەيگەن. كېيىن ئۇرۇش پارتلاپ كەتكەچكە، شىنجاڭدىكى ئىسلام

مۇرتىلىرىدىن سەرگەردان بولۇپ مەككىگە بارغانلار «يۇزدىن ئېشىپ كەتكەن»[293].

تىجارەت بىلەن چىققانلار مەسىلىسىگە كەلسەك، مىنگو دەۋرىدە «ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن دۆلەت سىرتىدا تىجارەت قىلىشقا گۇۋاھنامە ئالغۇچىلار خېلى كۆپىيىپ كەتكەن». شىنجاڭ تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مىنگونىڭ 7 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى ئالاقىسىدىكى بايانىغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا گۇۋاھنامە ئالغۇچىلار 20 ـ 30 مىڭ كىشىدىن كەم بولمىغان. بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت بىلەن ھەج قىلغۇچىلار 50 ـ 60 نەچچە پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. بۇرۇنقى يىللاردا سىرتقا چىقىشقا گۇۋاھنامە ئالغۇچىلار ئىچىدە كاشغەرلىكلەر ئەڭ كۆپ بولغان. مىنگونىڭ 8 ـ يىلى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي ئالاقىسىدە يەنە مۇنۇلار بايان قىلىنغان: مىنگونىڭ 8 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەھكىمىمىز تەرىپىدىن جۇڭگو پۇقرالىرىدىن سىرتقا چىققۇچىلارغا 10 مىڭ 25 پارچە گۇۋاھنامە تارقىتىلدى»[294] دېيىلگەن. بۇمۇ شىنجاڭدىن چىقىدىغانلارغا بېرىلگەن گۇۋاھنامە بولسا كېرەك.

جاڭداجۇن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كىتابتا مۇنداق ئىنكاس قىلىنغان: «شىنجاڭ خەلقىدىن سىرتقا ئېقىپ چىققانلاردىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچكەنلەرنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولغان[295]:

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ھىندىستان، كەشمىردە 400 ~ 500 دىن كەم ئەمەس ئىكەن. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى، ھىندىستاندا قالغان مۇساپىرلار 70 تىن ئاشىدىكەن. مىنگونىڭ 32 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە، شىنجاڭلىقلاردىن كاراچى، بومباي، يېڭى دېھلى قاتارلىق

جايلاردا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتالماي يۇرگەنلەردىن نەچچە يۈز كىشى بار ئىكەن[296] .

كاشغەر ۋالىسى ئابدۇكېرىمخاننىڭ مىنگونىڭ 36 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاڭ جىڭجۇڭغا يوللىغان ئالاقىسىدا كاشغەر كوناشەھەر ۋە ئاتۇش ئىككى ناھىيىدىن 60 ئادەمنىڭ، خوتەن ۋالىسى نۇربەگنىڭ يوللىغان ئالاقىسىدا قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردىن 53 نەپەر ئادەمنىڭ ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى، جۇملىدىن كەشمىر، بومباي، كاراچى قاتارلىق جايلارغا تىجارەت قىلغىلى كەتكەنلىكى ئېيتىلغان.

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندا شىنجاڭدىن 20 مىڭ ئۇيغۇر تىبەتكە كۆچكەن. 1940 ـ يىلى ئۇلار ھىندىستانغا بېرىپ پاناھلانغان. تۈرلۈك ھادىسىلەر تۈپەيلى كېيىن ئۇلاردىن 3057 كىشى، ئەڭ ئاخىرىدا 1353 كىشى ھايات قالغان ۋە ئۇلار 1953 ـ يىلى تۈركىيىگە كۆچۈپ بارغان.

1949 ـ يىلى شىنجاڭدىن 7000 كىشى ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە كۆچكەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن پەقەت 852 كىشىلا يېتىپ بارالىغان. مۇشۇ ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق كۆچۈشتە ئۇلار پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان ۋە يەنە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ماكانلاشتى.

1980 ـ يىللاردىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا ياكى بۇ رايونلاردىن غەربىي ياۋروپا ئەللىرىگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى تەخمىنەن 50 مىڭ ئۆپچۆرىسىگە يېتىپ بارىدىكەن[297] .

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سانى خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەھنىسىگە ئەڭ بۇرۇن چىققان ھەم ئۇزۇن

ئەسىرلىك داۋالغۇشلار، مۇرەككەپ تارىخىي مۇساپىلەردە ھەيۋەت بىلەن ياشاپ، مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئۆزىنىڭ مىللىي گەۋدىسىنى مۇستەھكەملەپ، زورايتىپ بارغان؛ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا جۇڭگو، شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قاتار مىللەتلەرنىڭ زورىيىشىغا ئېتنىك تەركىبلىرىنى سىڭدۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن چوڭ ھەسسىلەرنى قوشقان. بۇ خىل تۆھپىلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

يىراقنى قويۇپ، مۇشۇ XIX ئەسىر ۋە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەھۋاللارنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىر تالاي سىياسىئونلار، دىنىي ئۆلىما، مەشھۇر مۇدەررىسلەر، ئالىملار، قەھرىمانلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، سەنئەتكارلار بارلىققا كېلىپ، شۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئالغا سىلجىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىر ئۈلۈش ھەسسىنى قوشقان. بۇ خاتىرىلەشكە، قەدىرلەشكە تېگىشلىك قىممەتلىك تەرەپ. ئۇ ئەجدادلارنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، ئەۋلادلارنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر كىشىلەر ناھايىتى كۆپ.

مۇترىبان كاشغەرى دېگەن شائىرەنىڭ شېئىرلىرى XIX ئەسىردە پەرغانە ۋادىسىدا تارقالغان. ئۇنىڭغا 1785 — 1860 ـ يىللىرى ياشىغان خىسلەت كاشغەرى شېئىرلىرى ئاھاڭداش بولغان. ئەنە شۇ پەرغانە ۋادىسىدا مۇساپىر بولۇپ ياشىغان كاشغەرلىك شائىر خۇشھال غېرىبى مىلادىيە 1845 ـ يىلى «كۇللىيات غېرىبى» ناملىق توپلامنى يېزىپ، ئۇنى

غەزەل، مۇخەممەس، مەسنەۋى، رۇبائىي، ساقىنامە، مۇستەھزاد، قىتئەلەردىن تەركىب تاپقۇزدى. نىزامىددىن (1842 — 1902)، موللا بىلال (1824 — 1899) غا ئوخشاش شائىرلار ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى يەتتەسۇ تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىلخان موللاخۇن ئوغلى ئارەزى (1869 — 1942) ئۆزبېكىستاننىڭ مەرغىلان ۋىلايىتى شەھرىخان ناھىيىسىنىڭ كاشغەر مەھەللىسىدە كاشغەرلىك مۇھەممەد كىرىم ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1890 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئۆزبېكىستاننىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا ئوخشۇشلۇق ئۇلاپ، دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشۇش بىلەنلا قالماستىن، سوتسىيالىستىك ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1958 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندا توپلام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خەلق ھەرىكىتىنىڭ قابىل يېتەكچىلىرىدىن ئاتايەت قۇربانوۋ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان.

1906 ـ يىلى غالجات يېزىسىنىڭ نامراتلىرى يەرلىك بايلارنىڭ رەھىمسىز ئېكسپلاتاتسىيىسىگە چىدىيالماستىن، غوجامبەردى تالىپوپنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نەچچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ دەسلەپكى رۇسىيە ئىنقىلابى يىللىرى يەتتەسۇدا يۈز بەرگەن ئەڭ تەشكىللىك ۋە ئەڭ ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئەينى زاماندا يەتتەسۇدا ئىنقىلابى خاراكتېردىكى تەشكىلاتلاردىن «تەرەققىيپەرۋەر»، «كالتە چاپان» تەشكىلاتلىرى بولغان.

1916 ـ يىلىدىكى ئاقسۇ، چارىن بۇلۇسلىقىنىڭ دېھقانلىرى قوزغىغان چارروسىيىنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتى ئۈچۈن نامرات ئاھالىلەرنى تۇتۇش پەرمانىغا قارشى قوزغىلىڭى خەلق ئازادلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، چارروسىيىگە ۋە بايلارغا قارشى تۇرۇش خاھىشى روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ قوزغىلاڭ رۇس ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە دېھقانلىرىنىڭ ئىنقىلابى كۈرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يەتتەسۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ سىنىپىي ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغان.

1917 ـ يىلى فېۋرالدا روسىيىدە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئەمەلگە ئاشقان. شۇ يىلىنىڭ باھار پەسلىدە تۈرلۈك ئەمگەكچىلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان كەسپىي ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى پەيدا بولغان. ماي ئايلىرىدا «مۇسۇلمان ئىشچىلىرىنىڭ بىرلەشكەن ئىتتىپاقى» ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر ئىشچىلىرى ۋە ھۈنەرۋەنلىرى ئىدى. كەسپىي ئىتتىپاق بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرىكەت قىلغان. كەسپىي ئىتتىپاق بىرلەشمىسىگە روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان.

سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش، بايلارنىڭ نۇخۇلىسىنى ئېلىش، باندىتلارنى تازىلاشتا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى كۆرۈنەرلىك بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇر مىللىي ھەربىي قىسىملىرىنىڭ جاپالىق ۋە قانلىق جەڭلىرى كۆپ بولغان.

## 1) سوۋېت ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى

نېمىس فاشىست باسقۇنچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىگە غالجىرلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن،

سوۋېت ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش جەڭلىرىگە پىداكارلىق بىلەن ئاتلاندى ۋە جەڭلەردە غايەت زور قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئەينى چاغدا بۇ ئۇرۇشقا بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك يوسۇندا سەپەرۋەر قىلىنغان ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ سانى 200 مىڭغا يېقىن بولغان.

ئۇيغۇر جەڭچىلىرى پۈتكۈل ئۇرۇش سەپلىرىدە شۇنداقلا موسكۋا، لېنىنگراد، ستالىنگراد، سېۋاستىپول قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى قوغداش ۋە ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن.

ئوفىتسېرلار ۋە قەھرىمان ئەسكەرلەر ئىچىدە «قىزىل يۇلتۇز»، «قىزىل بايراق» ئوردېنلىرىغا ئېرىشكەن شەۋكەت ئوسمان، توختايېف، ياقۇپ ئەھمىدوف، ئوسمان ھەسەنوف «1 ـ دەرىجىلىك ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى»، «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنىغا ئېرىشكەن نىزامىدىنوف، «قىزىل بايراق»، «قىزىل يۇلتۇز»، «شۆھرەت» ئوردېنىغا ئېرىشكەن باتۇر شەرىپوف، بىرىنچى دەرىجىلىك «ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى»، «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنلىرىغا ئېرىشكەن ۋالىنتىن نىزامىدىنوف، «قىزىل بايراق»، «ۋەتەن ئۇرۇشى»، «ئالېكساندىر نېۋسكى»، «جاسارەت ئۈچۈن» مېدالىغا ئېرىشكەن ھاشىم نەسىردىنوف، «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» مېدالىغا ئېرىشكەن داداش باباجانوف، سۇلچى لۇتپۇللا، مەسۇم ياقۇپوف، «پولشا جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» مېدالىغا ئېرىشكەن قاھار شەرىپوف قاتارلىقلار، يەنە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئوردېنلارغا ئېرىشكەن ئەزىمەتلەردىن ئى. كامالوف، مەخسۇت نىيازوف، ش. زۇلياروف، م. قاسىموف قاتارلىقلارنىڭ نامى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

سوۋېت ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتىگەن ئوفىتسېرلاردىن 192 ـ دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئابدۇللا باقىيوف 5

يىللىق جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ياپون كانتون ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، جەڭدە ئاجايىپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «ۋەتەن ئۇرۇشى» ئوردىنى بىلەن «قىزىل يۇلتۇز» ئوردىنى ۋە باشقا ئوردىنلارنى بەرگەن[298].

ئارقا سەپتە قالغان ئۇيغۇرلارمۇ ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى زور رول ئويناپ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان. ھەممە جايدا ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنى ۋە تېخنىكىلارنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ تولىسى كولخوزلار، بىرگادىلار، زىۋېنولارغا باشلىق بولغان. مەسىلەن، 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت بىرلا ئۇيغۇر رايونى بويىچە ئاياللاردىن 3 كولخوز رەئىسى، 17 ھېساباتچى، 126 زىۋېنو باشلىقى، 28 بىرىگادا باشلىقى، 14 مىراپ ، 22 فېرما باشلىقى، 50 تراكتور ـ كومبايىنچى ۋە باشقىلار يېتىشىپ چىقتى. نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىلغار ۋە نەمۇنىچىلار بولۇپ سايلىنىپ، مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەتلىرى مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

1911 ـ يىلىدىن باشلاپ يەتتەسۇدا « ئىلى ئۆلكىسى»ناملىق گېزىتنىڭ چىقىشىنى باشلىنىش قىلغان ئاساستا، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» (1921 ـ يىلىدىن باشلاپ) «قىزىل تاڭ» ، «لېنىن يولى» ، «قىزىل تۇغ» ، سادايى تارانچى» ، «ئىنقىلابچى شەرق» ، «قۇتۇلۇش» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئۇيغۇر تىياتىرلىرى، رەسساملىقى سەھنىلەرگە چىقىرىلدى ۋە كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇلۇپ، مۇكاپاتلارغا

ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسىي مىللەت سۈپىتىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاشقى موڭغۇلىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، روسىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ئەرەبىستان، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا قاتارلىق ئەللەردىمۇ تارقىلىپ ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە بىرقەدەر كۆپ ۋە ئۇ يەردە مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. 1991 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار 249 مىڭ دېيىلگەن. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تىلى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قىلىش، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئەللەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىپ، شۇ ئەللەرنى روناق تاپقۇزۇشقا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇش تارىخىي مەجبۇرىيىتى، ئىنسانىي خىسلىتى بار.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەرياندا غەربىي يۇرتتا ياشاش جەرياندا شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ تېخىمۇ راۋان بولۇشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. بۇلارنى ئەسلەش تارىخ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە خەلقئارا ئالاقە ھەم ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىشكە مۇئەييەن دەرىجىدە مەنىۋى ئىلھام بولۇشى مۇمكىن.



www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى بۆلۈمدىكى ماقالىلەرنىڭ ئىزاھاتى ۋە مەنبە كۆرسەتكۈچى:

[1]، [117]، [159] ۋېن يىن «قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 1 ـ سان، 180 — 181 ـ بەتلەر.

[2] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركىيە مىللىي مائارىپ (ئىگتىم) نەشرىياتى، 1966 ـ يىلى، 18 ـ توم، 125 ـ بەت.

[3] «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىلى، 2 ـ سان، 87 ـ بەتكە ئېلىنغان نەقىل.

[4] م. تۇرسۇن «سۇمېر تىلى بىلەن تۈرك تىلى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما»، «ئاتا تۈرك كونفېرانسلىرى»، 4 ـ توم، 147 — 168 ـ بەتلەر.

[5] ئا. ز. ۋ. توغان «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» 86 ـ بەت.

[6] ئا. م. ئىمىن «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىلى، 3 ـ سان، 31 ـ بەت.

[7] ي. ياسىن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا بىر قانچە قېتىم غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىلى، 2 ـ سان، 87 ـ بەت.

[8] لىن گەن «شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 ـ يىلى، 1 ـ سان.

[9] ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 154 ـ بەت.

[10] ش ئۇ ئا ر مىللىي ئىشلار كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1995 ـ يىلى، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

[11] ليۇ مېيسۇڭ «ئىككى ‹تاڭنامە› دىكى ‹خۇيخې تەزكىرىسى، خۇيخۇ تەزكىرىسى، گە تەپسىلىي ئىزاھ»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1989 ـ يىلى، 58 ـ بەت.

[12] شياڭ دا «تاڭ دەۋرىدىكى چياڭ ئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، سەنلىيەن نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 ـ يىلى، 22 ـ، 23 ـ بەتلەر.

[13] ياڭ شىڭمىن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى، 4 ـ ساندىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

[14] چيەن بوچۇەن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1996 ـ يىلى، 4 ـ سان، 63 ـ بەت.
[15] ۋاڭ جزلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى، 329 ـ بەت.
[16] د. يېرمىيېۋ «هۇنلار، تۈركى مىللەتلەر ۋە تۈركلەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىلى، 2 ـ سان، 57 ـ بەت.
[17] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» 5 ـ توم، 401 ـ بەت.
[18] ي. ياسىن «قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا يەرلىنىشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى، 1 ـ سان، 105 ـ بەت.
[19] ئە. ز. ۋ. توغان «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، ئىستانبۇل نەشرى، 1981 ـ يىلى، 155 ـ بەت.
[20] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 25 ـ توم، 430 ـ بەت.
[21] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1996 ـ يىلى، 4 ـ سان، 65 ـ، 66 ـ بەتلەر.
[22] راشىددىن «جەمىئۇل ـ تەۋارىخ»، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1983 ـ يىلى، 1 ـ قىسىم، 2 ـ كىتاب.
[23] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 25 ـ توم، 430 ـ بەت.
[24] خامىلتون «‹ئوغۇز›، ‹توققۇز ئوغۇز› نامى توغرىسىدا»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1984 ـ يىلى، 1 ـ سان.
[25] ياڭ شىڭمىننىڭ «تۈرك، ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسىگە ئېلىنغان نەقىل. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1993 ـ يىلى، 4 ـ سان، 94 ـ بەت.
[26] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 12 ـ توم، 2 ـ كىتاب، 210 ـ بەت.
[27] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 5 ـ توم، 401 ـ، 428 ـ بەتلەر.
[28] يۇقىرىقى كىتاب، 5 ـ توم، 428 ـ، 429 ـ بەتلەر.
[29]، [31]، [33] ي. ياسىن «قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا يەرلىنىشى»
[30] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 5 ـ توم، 428 ـ، 429 ـ بەتلەر.
[32] كامۇران گۈرۈن «تۈركلەر ۋە تۈرك دۆلەتلىرى تارىخى»، تۈركىيە ئەنقەرە بىلگە نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، 242 ـ بەت.
[34]، [35] «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» 8 ـ توم، 374 ـ بەت. مەسىلەن، چيەن بوچۇەن ئەپەندى، بۇ ئۇيغۇرلار تەدرىجىي هالدا شەرقىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن، دەيدۇ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى، 4 ـ سان.

[36] ي. ياسىننىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا يەرلىشىشى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

[37] كامۇران گۈرۈن «تۈركلەر ۋە تۈرك دۆلەتلىرى تارىخى»، 247 ـ بەت.

[38] ئە. ز. ۋ. توغان «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، 155 ـ بەت.

[39] باشقىرت — بۇ نام باش + قۇرت (بۆرە) دېگەن سۆزدىن كەلگەن، مەنىسى باش بۆرە دېگەن بولىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە تېنىشىۋنىڭ باياننىغا قاراڭ.

[40]، [41]، [42]، [43]، [44] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، 1 ـ توم، 85 ـ، 168 ـ، 426 ـ بەتلەر.

[45] جۇۋەينى «تارىخىي جاھان گۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 65 ـ بەت.

[46] «بالاساغۇن» تۈركچە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ I تومىغا كىرگۈزۈلگەن، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1997 ـ يىلى. 3 ـ سان.

[47] يۇنۇسجان ئىلى «بالاساغۇن شەھىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى، 1 ـ سان؛ قاسىم ئارش «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىلى، 1 ـ سان.

[48] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى، 4 ـ سان.

[49] شيا ليەن «مىران كىرورەن ۋە لوپنۇرلۇقلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى، 1 ـ سان، 75 ـ بەت.

[50] «بالاساغۇن»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 ـ يىلى، 25 ـ سېنتەبىردىكى سانى.

[51] ئا. ئەمەد، د. مەمتىمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، 100 ـ بەت.

[52] ئىمىن تۇرسۇن «يەنە بىر قانچە تارىخىي يەر نامى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1998 ـ يىلى، 3 ـ سان، 54 ـ بەت.

[53] م. «كاشغەرى تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، I توم، 523 ـ بەت.

[54] ليۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (« 维吾尔研究 ») تەيۋەن جىڭ جۇڭ نەشرىياتى، 1975 ـ يىلى، 159 ـ بەت.

[55] ش. گ. كىلياشتورنىي (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) «قەدىمكى تۈرك

www.uyghurkitap.com


رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى، 237 - بەت.

[56] قاسىم ئارش «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1998 - يىلى، 1 - سان، 54 - بەت.

[57] سۇلتان مامۇت «بەزى يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى» ، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى، 2000 - يىلى، 4 - سان.

[58] سەمىھ تىزجان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى بويلا ۋە باغا دېگەن ئەمەل ناملىرى ھەققىدە» ، «تۈرك تىلى تەتقىقاتى» ئىلمىي ژۇرنىلى، 1977 - يىللىق سان، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1978 - يىللىق قايتا نەشرى (يۇنۇسجان ئىلىنىڭ «بالاساغۇن شەھىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىگە ئېلىنغان نەقىل) .

[59] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

[60] لىن مېيسۇن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 - يىلى، 420 - بەت.

[61] جۇ چىڭجىز «خەنزۇ تىلىغا سىرتتىن كىرگەن سۆزلەردىن ئىككى مىسال» ، «تىل ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقات» ، بېيجىڭ تىل ئىنستىتۇتى، 1994 - يىلى، 1 - سان.

[62] خۇاڭ جېنخۇا «ئۇدۇن تىلى تەتقىقاتىدىن ئومۇمىي بايان» ، «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى، 68 - بەت.

[63]، [64] لىن مېيسۇن «مىلادىيە Ⅲ ئەسىردىكى غەربىي يۇرت توقۇلمىلىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1998 - يىلى، 2 - سان، 81 - بەت.

[65] ت. ۋ. كامكرلىز، ۋ. ۋ. ئىۋانوف (روسىيە) «تارىخنىڭ ئەڭ دەسلەپىدىكى ئاھالە: توخارلارنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەجدادلىرى» ، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1998 - يىلى، 1 - سان، 58 - بەت.

[66] لىن مېيسۇن «نىيەدىن بايقالغان تېپىلغان كىروران خانى تومگىراكانىڭ يىلنامىسى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1998 - يىلى، 2 - سان، 44 - بەت.

[67]، [68] ئابىتاكىئو (ياپونىيە) «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 - يىلى، 336 - بەت.

[69] چيەن بوچۈەن «قاراخانىيلار بىلەن سوڭ سۇلالىسى بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ غەربىي تاڭغۇتلار بىلەن ئېلىپ بارغان بىر مەيدان ئۇرۇشى» ، «دۇنخۇاڭ

تەتقىقاتى» 2000 ـ يىللىق ( 敦煌研究 )، 2 ـ سان، 4 ـ بەت.
[70] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، I توم، 491 ـ بەتلەر.
[71] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 84 ـ، 85 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
[72] جۇۋەينى «تارىخى جاھان گۇشاي»، خەنزۇچە نەشرى، I قىسىم، 65 ـ بەت.
[73]، [75] يۇنۇسجان ئىلىنىڭ «بالاساغۇن شەھىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.
[74] ئىبراھىم كافەس ئوغلى «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، 1983 ـ يىلى تۈركىيە تۈركچە نەشرى، 124 ـ بەتكە قاراڭ.
[76] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم، 569 ـ، 570 ـ بەتلەر.
[77] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 67 ـ، 68 ـ بەتلەر.
[78] لىن-گەن، گاۋزىخوۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ( 林干,高自厚著 « 回纥史 » ) ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، كىرىش سۆز، 1 ـ بەت.
[79] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1995 ـ يىلى، 44 ـ بەت.
[80]، [93] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، خەنزۇچە نەشرى، 1989 ـ يىلى، 15 ـ بەت.
[81] «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.
[82] ئابىتاكىئو «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى، 157 ـ، 158 ـ بەتلەر.
[83] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «جۇڭگو تارىخى» قىسمى «سۈي، تاڭ بەش دەۋر تارىخى» (يەككە كىتاب)، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1988 ـ يىلى، 198 ـ بەت.
[84]، [85] «ھۇدۇدۇلئالەم» (ئالەمنىڭ چېگرا پاسىللىرى) ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى باستۇرغان. خەنزۇچە، 1983 ـ يىلى، 65 ـ بەت.
[86] مەسئۇدى (ئەرەبىستان) «ئالتۇن يايلاق»، (Murdj adh — dhahab) چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1998 ـ يىلى، 207 ـ بەت.
[87] ئابىتاكىئو «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى، 267 ـ، 288 ـ، 330 ـ، بەتلەرگە قاراڭ.
[88]، [89]، [90] ئابىتاكىئونىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 237 ـ، 376 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

[92] جياڭ يىڭلياڭ «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى، 2 ـ قىسىم، 467 ـ بەتكە قاراڭ.

[94] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن)، ئالما ـ ئاتا «پەن» نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، 29 ـ بەت.

[95] ۋاڭ رىفىي «پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار»، «يۇگۇڭ» ژۇرنىلى، بېيجىڭ، 1935 ـ يىلى، 4 ـ جىلد، 5 ـ سان.

[96] فېڭ جياشېڭ، چېڭ سولۇ، مۇ گۇاڭۋېن «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1958 — 1981 ـ يىللىرى، 1 ـ، 2 ـ نەشرى.

[97] لى فۇتۇڭ «ئۇيغۇر تارىخى»، تەيۋەن ۋېن فېڭ نەشرىياتى، 1963 ـ يىلى.

[98] فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىدىن قىسقىچە توپلام»، 3 ـ بۆلۈم، 2 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1965 ـ يىلى.

[99] ليۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، تەيۋەن، 1975 ـ يىلى.

[100] ۋاڭ جىژلەي «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ تارىخىي ماقالىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، خەنزۇچە نەشرى، 1977 ـ يىلى.

[101] تاڭ كەيجيەن، ۋاڭ شۇكەي «ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» ( 敦煌学辑刊 )، خەنزۇچە، 1984 ـ يىلى، 1 ـ سان.

[102] ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1985 ـ يىلى.

[103] ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدىن ئوچېرىك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى.

[104] ياڭ شىڭمىن «ئۇيغۇر تارىخى»، جىلىن مائارىپ نەشرىياتى، چاڭچۇن، 1991 ـ يىلى.

[105] لىن گەن، گاۋ زىخوۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، كۆكخوت، 1995 ـ يىلى.

[106] ئىبراھىم مۇتئى « ‹دىۋانۇلۇغەتت تۈرك› ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، لەنجۇ، خەنزۇچە، 1996 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[107] چيەن بوچۇەن «سوڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدىكى غەربىي يۇرتتىكى داشى ئىلى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت ھەققىدە تەتقىقات»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[108] كوۋاتا روكورو (ياپونىيە) «تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەررز بولۇشى» (جوڭ داۋمىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان)، «دۆلەت ئۇچۇرلىرى ھەپتىلىك گېزىتى» ( 国闻周报 )، خەنزۇچە، 1930 ـ يىلى، 7 ـ جىلد، 1 ـ سان.

[109] ئابىتاكىيو «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى تارىخى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى.

[110] مورى ياسو تاكاۋ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا» (چېن جۇنمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان)، «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» ( 民族译丛 ) ژۇرنىلى، بېيجىڭ، خەنزۇچە، 1980 ـ يىلى، 1 ـ سان.

[111] «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1997 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[112] گىڭ شىمىن «قاراخانىيلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1984 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[113]، [114] توتۇ «سۇڭنامە. كۇسەن تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى.

[115] «غەربىي تاڭغۇت پۈتۈكلىرى» ( 西夏书事 ) خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ جىلد.

[116] بۇ ھەقتە چيەن بوچۈەننىڭ «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيەت تەتقىقات مەجمۇئەسى»، (ليۇ زىشاۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توپلام.

[118] «ھۇدۇدۇلئالەم»، خەنزۇچە نۇسخا، 12 ـ باب.

[119] ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى، 50 ـ بەت.

[120] چېڭ سولۇ «تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى، 208 ـ بەت.

[121] «ھۇدۇدۇلئالەم»، خەنزۇچە نۇسخا، 5 ـ، 15 ـ بابلار.

[122] ياڭ شىڭمىن «ئۇيغۇر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، 325 ـ بەت.

[123] فېڭ جياشېڭ، چېڭ سولۇ، مو گۇاڭۋېن «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى قىسقىچە توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 1981 ـ يىلى، 1 ـ توپلام، 45 ـ بەت.

[124] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، خەنزۇچە نەشرى، 166 ـ بەت.

[125] «ھۇدۇدۇلئالەم»، خەنزۇچە نۇسخا، 12 ـ باب.

[126] داڭ كەيجەن، ۋاڭ شۇكەي «ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىقى بىلەن قاراخانىيلار

www.uyghurkitap.com


سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى»، 1984 ـ يىلى، 1 ـ سان.

[127] ئە. بايتور، خ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، بېيجىڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1990 ـ يىلى، 652 ـ بەت.

[128] «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ( 民族研究 ) ژۇرنىلى، خەنزۇچە، بېيجىڭ، 2000 ـ يىلى، 4 ـ سان.

[129] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1989 ـ يىلى، 73 ـ بەت.

[130] «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيەت تۇرمۇش تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1997 ـ يىلى، 380 ـ بەت.

[131] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، خەنزۇچە نەشرى، 72 ـ بەت.

[132] لىن گەن، گاۋزىخوۇ «ئۇيغۇر تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 114 ـ بەت.

[133]م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 618 ـ بەت.

[134] شۆ زۇڭجېڭ «ياغمىلارنىڭ مەنبەسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى، خەنزۇچە، 1984 ـ يىلى، 4 ـ سان.

[135] بۇ، ئو. پىرىتساكنىڭ «قاراخانىيلار سۇلالىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراش.

[136] لىن مېيسۇن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، بېيجىڭ، شەرق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، 373 ـ بەت؛ يەنە بەزى ماتېرىياللار، مەسىلەن، ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قارا خانىيلار تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ناملىق كىتابىدا ياغمىلار 1700 قەبىلىدىن تەركىب تاپقانلىقى ئېيتىلغان.

[137] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، Ⅲ توم، 44 ـ بەت.

[138] م. كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، كىرىش سۆز، 40 ـ بەت.

[139] يۇقىرىقى كىتاب، Ⅲ توم، 2 ـ بەت.

[140] ئابىئوتاكىيو «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى تارىخى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى، 303 ـ، 304 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[141] لىن گەن، گاۋ زىخوۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 114 ـ بەت.

[142] لى جىڭچياڭ (يۈەن سۇلالىسى دەۋرى) «چاڭچۈنلۈك ئەۋلىيانىڭ غەربكە ساياھىتىدىن خاتىرىلەر»، ياڭ جيەنشىن تۈزۈپ ئىزاھلىغان «قەدىمكى زاماندا

غەربكە قىلىنغان سەپەر خاتىرىلىرى، تالالانمىلىرىغا ئىزاھات»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى.

[143] ۋاڭ جىژلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تىزىسلىرى»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986 - يىلى، 408 - بەت.

[144] سۇ بېيخەي «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى»، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى تۇنجى قىسىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىسى، 1983 - يىلى، ماي بوياق نۇسخا.

[145] «ھۇدۇدۇلئالەم» خەنزۇچە.

[146] ۋ. ۋ. بارتولد «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى، قاراخانىيلار» ئۇيغۇرچە، 1984 - يىلى.

[147] ليۇ گې «قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ بىر پارچە ئەرەبچە ۋەسىقە» گە قاراڭ. «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، بېيجىڭ، خەنزۇچە، 1995 - يىلى، 2 - سان، 99 - بەت.

[148] تىخونوفنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق مەسىلىگە دائىر» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1986 - يىلى، 10 - ئۆكتەبىردىكى سانىدا.

[149] ر. گىروسست «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، شىنىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1991 - يىلى، 147 - بەت.

[150] خامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1982 - يىلى، 8 - بەت.

[151] «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1998 - يىلى 1 -، 2 - سان.

[152] قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، 1 - قىسمى، 372 - بېتىگە ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى.

[153] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، خەنزۇچە نەشرى، 60 - بەت.

[154] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى، 82 - بەت.

[155] ئا. ۋ. گاباغىن «قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىلى، 3 - سان.

[156] ئا. ك. مالياۋكىن «XI — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» 405 -، 406 - بەتلىرىدىن ئېلىنغان نەقىل. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان.

[157] كىلىمكايت (گېرمانىيە) «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت»،

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ گۈزەل سانئەت ـ فوتو نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

[158] ئا. سوھەيل ئۇنۇر «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، 5 ـ بەت.

[160] ئىبراھىم مۇتئى «ئىبراھىم مۇتئى ئىلمىي ماقالىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

[161]، [162]، [163]، [164] ئا. كونونوف «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ — ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانى»، «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، 1989 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

[165] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقىستان پەن نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1983 ـ يىلى، 29 ـ بەت.

[166] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»، «شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1956 ـ يىلى 3 ـ سان.

[167] گېڭ شىمىن، ۋېي سۈيى «‹قۇتادغۇبىلىك› كە مۇقەددىمە»، «قۇتادغۇبىلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1979 ـ يىلى.

[168] شېرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى.

[169] «‹قۇتادغۇبىلىك› كە ‹مۇقەددىمە› (ئا. ئۆتكۈر، ئە. زىيائى، م. يۈسۈپ يازغان)، «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى.

[170] «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى.

[171] ئىمىن تۇرسۇن «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تىلى»، «بۇلاق ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى، 4 ـ سان.

[172] لاڭ يىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى.

[173] لى يوڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى كۆپ قىرلىق ئېستېتىك ئىدىيە ھەققىدە»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1995 ـ يىلى، 1 ـ سان.

[174] م. ئوسمانوپ، خ. تۆمۈر، ئا. غاپپار «‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1995 ـ يىلى، 2 ـ، 3 ـ سانلار.

[175] ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 1986 ـ يىلى، 1 ـ قىسىم.

[176] س. مۇتەللىپوف «XI ئەسىر يازما يادىكارلىقلىرىدا پېئىل كاتېگورىيىسى»، تاشكەنت پەن نەشرىياتى، 1955 ـ يىلى نەشرى.

[177] ئا. م. شېرباك «شىنجاڭدىن تېپىلغان X — XI ئەسىرلەرگە ئائىت تۈركىي تىللار تېكىستىنىڭ گىراماتىكىلىق ئوچېرىكى»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1961 ـ يىلى نەشرى.

[178] ئا. ن. باسكاكوف «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى.

[179] گ. ف. بلاگوۋا «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي شېئىرىيەت تېكىستلىرىنى مورفولوگىيىلىك جەھەتتىن ئۆگىنىش مېتودى توغرىسىدا»، 1977 ـ يىلى. («چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىلى، 7 ـ بەت).

[180] لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىي ماقالىلىرى توپلىمى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 ـ يىلى، I قىسىم، 658 ـ بەت.

[181] لىن گەن «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، 8 ـ، 9 ـ بەتلەر.

[182] لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، I قىسىم، 658 ـ بەت؛ گىڭ شىمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، 5 ـ بەت.

[183] ۋاڭ يىفېي، ياسىن هوشۇر «ئۇيغۇرلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1997 ـ يىلى، 4 ـ بەت.

[184] جېڭ جىي (郑婕) «ئۇيغۇر هۆججەت تىلى بىلەن قاراخانىي هۆججەت تىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى، 2 ـ سان، 53 ـ بەت.

[185] ن. ئا. باسكاكوف «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىلى، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.

[186]، [187] لاڭ يىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 28 ـ بەت.

[188] ش ئۇ ئا ر «12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى» تۈزگەن «ئۇيغۇر 12 مۇقامى هەققىدە» ناملىق كىتابنىڭ 49 ـ بېتىگە قاراڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1992 ـ يىلى.

[189] ئە. بايتۇر، خ. سىدىق. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 721 ـ بەت.

[190]، [191] فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 6 ـ قىسىم، 26 ـ 40 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.

[192] سۇ بېيخەي «قازاق مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1989 ـ يىل، 330 ـ بەت.
[193] ۋاڭ يىفېي «قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «يۈگۇڭ ژۇرنىلى»، 1935 ـ يىلى، 4 ـ جىلد، 8 ـ سان. يەنە «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ دىن تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما»، شىنجاڭ قىسمى، 2 ـ توم، 658 ـ بەت (گەنسۇ كۇتۇپخانىسى باستۇرغان. 1985 ـ يىلى، خەنزۇچە).
[194] ليۇ جىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 428 ـ بەت.
[195] ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تىزىسلىرى» 388 ـ بەت.
[196] جۇۋەينى «تارىخىي جاھان گۇشاي»، 1 ـ قىسىم.
[197] ليۇ جىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 412 ـ بەت.
[198] بۇ يەردە غەربكە كەتكەن دېگەنلىك — ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 840 ـ يىللىرى موڭغۇل دالىسىدىن كۆچۈشى ۋە بىر تارمىقىنىڭ غەربكە — يەتتەسۇغا سۈرۈلگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
[199] ۋۇچاۋ «گاۋگېگۇڭنىڭ مىللىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، خەنزۇچە، 1990 ـ يىلى، 1 ـ سان، 45 ـ بەت.
[200] بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «خۇيخۇي回回 — » دېگەن ئاتالغۇغا قىسقىچە ئىزاھ: سۇڭ، لياۋ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە ھۆججەتلەردە شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى خۇيخې(回纥)، خۇيخۇ(回鹘) دېگەنناملار بىلەن ئاتىغاندىن باشقا، خۇيخۇي 回回 دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىغان. بۇنىڭدا بىر قانچە سەۋەب بار ئىدى، ئاساسلىق سەۋەب توغرۇلۇق ۋۇچاۋ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ دەۋرلەردە تارىخشۇناسلار پامىرنىڭ شەرقىدىكى مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن پامىرنىڭ غەربىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرۈپ قارىغان. شۇڭا ‹回鹘›، بىلەن ‹回回›، مۇشۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.» (ۋۇچاۋنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىغا قاراڭ.)
[201]، [202] ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى» 408 ـ بەت.
[203] مۇشۇ يىللاردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى خاتىرىلەشتە خەنزۇچە ۋە ئەرەبچە، پارسچە ھۆججەتلەردە ئۆزگىرىش بولدى. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە موڭغۇل دەۋرىدىن باشلاپ قوچو ئۇيغۇرلىرى قوچو (高昌) ياكى ۋېيۋۇر —畏兀儿، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار بولسا ئاۋۋالقىدەكلا 回纥، 回鹘 دەپ ئاتالدى. چەت ئەل مەنبەلىرىدە قوچو ئۇيغۇرلىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالدى.
[204]، [205] ليۇ جىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم، 471 — 473 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

[206] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 227 ـ بەت.

[207]، [210]، [211] ياڭ جيەنشىن تۈزگەن«قەدىمكى زاماندا غەربكە قىلىنغان سەپەر خاتىرىلىرى، تاللانمىلىرىغا ئىزاھات» («‹古西行记› ، 选注») نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 223 ـ بەت.

[208] ئىلى بالىق — ھازىرقى غۇلجا شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ.

[209] مۇشۇ كىتابتا ئۇيغۇرلار «خۇيخې 回纥 —» دەپ يېزىلغان.

[212]، [215]، [218]، [220]، [221] سۇ بېيخەي «قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى»، خەنزۇچە، ماي باسما، 1983 ـ يىلى بېسىلغان، 22 ـ بەت.

[213]، [214]، [216]، [217]، [219] ياڭ جيەنشىن تۈزگەن«قەدىمكى زاماندا غەربكە قىلىنغان سەپەر خاتىرىلىرى، تاللانمىلىرىغا ئىزاھات»، 204 ـ، 205 ـ، 217 ـ بەت.

[222] سۇ بېيخەي «ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى، 3 ـ سان، 43 ـ 44 ـ بەتلەر.

[223] «جەمئۇل ـ تەۋارىخ»، بېيجىڭ ـ شاڭۋۇ نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1983 ـ يىلى، 1 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 121 ـ، 122 ـ بەتلەر.

[224] «ج. پ. كارپىن ‹موڭغۇلىيىگە ساياھەت خاتىرىسى›، ۋ. روبرۇك ‹شەرققە ساياھەت خاتىرىسى›» جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى، 248 ـ بەت.

[225]، [230]، [232] ئە. ز. ۋ. توغان «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»

[226]، [227] ئا. قادىر بايۇۋ «موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئىران ۋە يېقىن شەرقتىكى ئۇيغۇرلار»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، خەنزۇچە، 1985 ـ يىلى، 3 ـ سان، ئۈرۈمچى.

[228]، [229] جىزماۋ شوۋمىي (ياپونىيە) «ئېلخانىلار دەۋرىدىكى موڭغۇللار»، «موڭغۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ۋە خەۋەرلىرى ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1987 ـ يىلى، 3 ـ سان، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر،

[230]، [231] ي. ياسىن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا بىر قانچە قېتىم غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[233] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 12 ـ توم، 2 ـ قىسىم، 655 ـ بەت.

[234] غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، 1996 ـ يىلى.

[235] «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1984 ـ يىلى، 114 ـ بەت.

[237] بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 143 ـ، 157 ـ بەت.

[238] ئە. بايتور، خ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 851 ـ بەت.

[239] «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك»، 27 ـ بەت، چاغاتايچە نۇسخا.

[240] ليۇ جىژشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 600 ـ، 601 ـ بەت.

[241]، [243] «قامۇسۇلئەلەم»، Ⅲ ـ توم، 1889 ـ يىلى، 1640 — 1876 ـ بەت.

[242] «تۈرك ـ تاتار تارىخى»، 1914 ـ يىلى، 86 ـ بەت.

[244] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى، 1 ـ سان، 3 ـ بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

[245] ۋ. ۋ. بارتولد «يەتتەسۇ تارىخىي ئوچېرىكلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، 76 ـ بەت.

[246] مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى، 1 ـ سان، 19 ـ بەت.

[247] ليۇ جىژشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 612 ـ بەت.

[248] ئا. پولات «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى، 7 ـ بەت.

[249] غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1992 ـ يىلى، 12 ـ بەت.

[250] جاۋ مېڭجاۋ «چۆەن گۆڭ قەبرىسىدىكى ئابىدە» («سۇڭ شۆجەي ئەسەرلىرى» 7 ـ جىلد).

[251] يۇجى «داۋيۈەن يادنامىلىرى»، 16 ـ جىلد.

[252] تيەن ۋېيجاڭنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرتەتقىقاتى» 1994 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[253] جۇۋەينى «تارىخىي جاھان گۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1981 ـ يىلى، 1 ـ توم، 6 ـ بەت.

[254] «چەت ئەل ئالىملىرى — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە، 247 ـ بەت.

[255] ۋ. ۋ. بارتولد «ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ موڭغۇللارغا تەسىرى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1985 ـ يىلى،

1 ـ سانىغا قاراڭ.

[256] ت. كەلپىن «چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرلەر دەۋرىدە كاتىپلىق، كىتابەت ئىلمى»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى سانى.

[257]، [259] بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1984 ـ يىلى، 151 — 202 ـ بەت.

[258] ق. ئەكبەر «ھەم شائىر ھەم پالۋان» «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى سانى.

[260] بىللىق: «كەشمىر ۋە كاشغەرىيە»، ئا. ن. كورپاتكىن «كاشغەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، 122 ـ بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

[261] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالما ـ ئاتا پەن نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 55 ـ بەت.

[262] «تىل ـ ئەدەبىيات ھەم تارىخ مەسىلىلىرى» ئالما ـ ئاتا، 1948 ـ يىلى نەشرى، 25 ـ بەت.

[263] بۇ بايانلارنى ۋ. ۋ. بارتولدمۇ تىلغا ئالغان. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە» دېگەن كىتابىغا قاراڭ. خەنزۇچە نەشرى، 215 ـ بەت.

[264] ئى. سۇلتان «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتەرلىرى»، 1973 ـ يىلى، تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 28 ـ بەت.

[265] «مەجالىسۇننەفائىس» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان نۇسخىسىدا «ئەھمەد جامىيبەگ» دېيىلگەن.

[266] «ۋەفائى» تەخەللۇسلۇق شائىر توغرىسىدا يەنە مۇنداق ئۇچۇرلار بار: «12 مۇقام» تېكستلىرىدە «ۋەفائى» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ بىرقانچە كۇپلېت غەزەلى بار؛ يەنە 1813 ـ، 1814 ـ يىللىرى قومۇل ۋاڭى ئوردىسىدا تۈزۈلگەن «باياز» دا «ۋەفائى» تەخەللۇسىدىكى شائىرنىڭ بىر قانچە كۇپلېت شېئىرى ئورۇن ئالغان. «باياز» نىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «ۋەفائى» نىڭ تۆت پارچە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن؛ ق. ھاسانوف، س. موللاۋۇدوۋنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئالما ـ ئاتا، 1982 ـ يىلى نەشرى ناملىق كىتابى 146 ـ بەتتە «ۋەفائى» نىڭ XV — XVI ئەسىردىكى شائىر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» ناملىق داستانىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

[267]، [268]، [269] ز. بابۇر «بابۇرنامە»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى 38 ـ، 39 ـ، 318 ـ، 319 ـ بەتلەر.

[270] «بۇلاق ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[271] س. موللاۋۇدۇف (قازاقىستان) «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ‹قۇتادغۇبىلىك› نى ئۆگىنىش»، «بۇلاق ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىلى، 2 ـ سان، 157 ـ بەت

[272] مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»

[273] ھ. ھاجى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى»، «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى، 6 ـ سان، 60 ـ بەت.

[274] ئابدۇراخمان جامى «نەپھاتىلئۇنس»

[275] ئە. بايتۇر، خ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى». 924 ـ بەت.

[276] م. زەئىدى «سەئىدىن كاشغەرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1992 ـ يىلى، 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى.

[277] ئۇنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرى «رىسالەئى تەرىقى سوفىيان» (تەرىقەت سوپىلىرى)، «رىسالەئى تەھقىقى مەزھەپ سوفىيە ۋە مۇتەككەلەمىن ۋە ھۆكەما» (سوپى مەزھىپىنىڭ ناتىقلىرى ۋە ھۆكۈمالىرى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[278] ليۇ جىژشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم.

[279] ئىمىن تۇرسۇن «نەۋائىينىڭ ئەسلىي نەسەبى توغرىسىدا»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىلى، 1 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

[280] «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات خەۋىرى» ئۈرۈمچى، 1986 ـ يىلى، 1 ـ سان، 144 ـ بەت.

[281] بۇ ھەقتە ئى. مۇتئىنىڭ «ئەمىر تۆمۈر ئوردىسىدىكى ‹ئون ئىككى مۇقام›» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995 ـ يىلى، 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى.

[282] نەۋائىينىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىل، ئاي، كۈنلىرى ئېنىق بولۇپ، ئۇ 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇغۇلۇپ، 1501 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاپات بولغان.

[283] بۇ مۇھىم بايانلار موللامۇھەممەدنىياز بىن ئابدۇغوپۇر بەگنىڭ XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (؟) ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى بىلەن مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1725 ~ 1849) نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا (1749 — 1750) ئوخشاشلا تىلغا ئېلىنغان. ئەپسۇسكى «تارىخى رەشىدىي» نى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىلار بۇ بايانلارنى چىقىرىپ تاشلىغان.

[284] نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى مەنبەلەردە ھەر خىل كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن، مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دە نەۋائىي «63 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ (ئەمەلىيەتتە 60 يىل)، 63 پارچە كىتاب يېزىپ ئالەمدىن ئۆتكەن» دېسە، «جۇڭگو

ئىسلام قامۇسى» 416 ـ بەتتە ھەم 63 پارچە ئەسىرى بار، دېيىلگەن.

[285] ئۆزبېكىستان فىلولوگىيە كاندىداتى بەھرىمەن باقايېف «نەۋائىي ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق كىتابىدا بىر قاتار سېلىشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. كىتابتا ئېيتىلىشىچە، پوشكىن ئۆز ئەسىرىدە 21197 سۆز، شېكىسپېر 20 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، سېرۋانتېس 18 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، ئابدۇللا توقاي 14 مىڭ سۆز، ئاباي 6 مىڭ سۆز ئىشلەتكەن. نەۋائىينىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن 1 مىليون 378 مىڭ 67 سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار 26 مىڭ 35 لېكسىكىسى بىرلىكتە ئومۇملاشقان. شائىر پەقەت «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىلا 5431 سۆز ئىشلەتكەن.

[286] «چوقىنغا ئۆرلىگۈچىلەر»، موسكۋا، 1968 ـ يىلى، 28 ـ بەت، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ سان.

[287] چوقان ۋەلىخانوف «كاشغەر خاتىرىلىرى»، ماقالىلەر توپلىمى، ئالما ـ ئاتا، 1962 ـ يىلى، 172 ـ، 222 ـ، 335 ـ بەتلەر، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ سان.

[288] م. روزىيېوف «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى»، ئالما ـ ئاتا، 1976 ـ يىلى، 47 ـ بەت. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ سان.

[289] ن. ئىسىيېف «يەتتە شەھەر دۆلىتى»، ئالما ـ ئاتا، 1990 ـ يىلى، 110 ـ بەت. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ سان.

[290] م. كەبىروف (سوۋېت ئىتتىپاقى) «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىلى، 2 ـ سان، 61 ـ بەت.

[291] ن. تۇرسۇن «موسكۋا خىياللىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1998 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ سان، 54 ـ بەت.

[292] چىن خۇيشىڭ «ياڭ زىڭشىڭ ۋە ئىسلام دىنى»، «ئىسلام دىنى جۇڭگودا» نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 364 ـ بەت.

[293]، [294]، [295]، [296] ۋاڭ چىڭفېڭ «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتتىن چىقىپ غەربىي ئاسىيا رايونىدا مۇھاجىر بولۇش تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى خەۋىرى»، 1986 ـ يىلى، 1 ـ سان، ئۈرۈمچى.

[297] ن. تۇرسۇن «موسكۋا خىياللىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىلى، 5 ـ، 6 ـ سان، 32 ـ بەت. [285]، [286]، [287]، [288] ئىزاھاتتىكى نەقىللەر مۇشۇ ماقالىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

# ئاخىرقى سۆز

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلۈك قەبىلە ـ ئايماقلىرى، ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى، سودىگەر، جاھانكەزدىلەر، ئالىملار ۋە مۇساپىرلار، ھەربىيلەر ۋە ئەمەلدارلار خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ جاھاندارچىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزى ياشاپ تۇرغان جايدىكى مىللەتلەرگە سىڭىپ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن، بەزىلىرى يېڭى مىللىي گەۋدىلەرنى ھاسىل قىلغان، يەنە بەزىلىرى مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ، ئۆزىنى ۋە مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قوشنا رايونلارغا چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنكى كۈندە كۆپ سانلىق بىر مىللەت بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ياشاپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە بىر مىللىي گەۋدە سۈپىتىدە تۆھپە قوشقان بولسا، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، تەسىرى چوڭ بولغان بولاتتى. ئەمما، تارىخ بەك مۇرەككەپ ۋە رەھىمسىز، شۇڭا ئىنسانلار دىققەت قىلمىسا ئۇنىڭ دولقۇنلىرىدا چايقىلىپ، ئەگرى ـ توقاي قىيالىرىغا ئۇرۇلۇپ، ھالاك بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

بىز يىراق تارىخنى ئەمەس يېقىنقى زامان ئەسىرلىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، باشقا يەردىكىنى قويۇپ ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىملىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كېتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز بايان قىلغان ئومۇمىي مەزمۇندىن قىسمەن خۇلاسىگە ئىگە بولىمىز.

XIX ئەسىردە ۋە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. مۇبادا مۇشۇ سان خىمىرتۇرۇچ قىلىنىدىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى مىليوندىن ئاشقان بولاتتى. ئەمما، 1959 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تەخمىنەن 100 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان، 1991 ـ يىلى 249 مىڭ دەپ ئېلان قىلىندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئۇيغۇرلار زادى نېمە ئۈچۈن كۆپەيمەيدۇ. بۇنىڭ بىر قانچە خىل سەۋەبى بار.

بىرىنچى، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاتار قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇقىم ماكان تۇتقان ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلىك مىللەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن ئىرق، تىل، دىن، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مىللىي پسىخىكىسىدا ئۇيغۇرلارنى يەكلەش خاھىشى يوق، بۇ مىللەتلەردە يەنە ئۆزئارا نىكاھلىنىش ئاساسەن چەكلەنمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ئۇيغۇر پۇقرالىرى ناھايىتى ئوڭايلا ئۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىدە يېقىنقى زامان دۇنياسىدىكى مىللىي ئويغىنىش كېيىنرەك باشلانغان. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تاكى XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بۇ مىللەتلەر ئۆزلىرىنى يەككە، مۇستەقىل مىللەت دەپ قارىماستىن، بەلكى دىنىي نۇقتىدىن «مۇسۇلمانلار»، ئىرق

نۇقتىسىدىن «تۈركلەر»، ئۆز تىللىرىنى «تۈركىي تىل» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ مىللەتلەر ئىچىدە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ تارىخىي ناھايىتى ئۇزۇن، تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ تارىختا سەلتەنەتلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما، يىپەك يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، مالىمانچىلىقنىڭ كۆپىيىپ ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ چېكىنىشى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە قېقىندا - سوقۇندا بولۇشى نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام 15 -، 16 - ئەسىرلەردىن كېيىن ئاساسەن گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلاردىلا قېلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى»[1] 1910 - يىللاردىن سەل بۇرۇن «تارانچى بالىسى» مەن دەپ ئىلى ۋادىسىدىن يولغا چىقىپ، تەڭرىتاغلىرىنى ھالقىپ، ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئالىملارچە كۆز بىلەن كۆزەتمەك بولغان ئوت يۈرەك يىگىت نەزەرخوجا (1887 — 1951) ئاقسۇ دىيارىنىڭ مۇزداۋان يوپۈرىسىدىكى بوسوغىسىغا قەدەم باسقىنىدا چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، بەللىرى ئازراق مۈكچەيگەن بىر يەرلىك دېھقان بوۋاينىڭ «تارانچى بالىسى دېگىنىڭ نېمىسى، بىز ھەممىمىز ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن ئاجايىپ ۋەزنىلىك ۋە ھېكمەت - پاسەھەتكە تولغان سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇددى بىر ئەنگۈشتەر تېپىۋالغىنىغا ئوخشاش ئالەمچە شادلىققا تولۇپ ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇسنى قويۇپ، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت سەھنىسىدە جەۋلان قىلىپ، ئۆز خەلقىنى ئويغاتماقچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ «30 - يىللىرىدىن ئىلگىرى يەر ناملىرى بىلەن: ئىلىلىق، تۇرپانلىق،

---

① ئىبراھىم مۇتىئىي «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى» 34 -، 35 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

كۇچالىق، كاشغەرلىك، خوتەنلىك دەپ كىشىلەرنى ئاتاپ كەلگەن»[1]ئۇيغۇر نامى مىللىي نام قىلىنىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، بۇ نام كەڭ خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز دېگەن ناملارمۇ سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاندىن شۇ مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي مىللىي نامى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز مىللىتى دائىرىسىدە ئومۇملىشىشقا باشلىغان. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا مىللىي پەرقنى بەك كىچىك ھېس قىلدۇرۇپ، شۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشتا ھېچقانداق چەكلىمە پەيدا قىلمىغان.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر مىللىتىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىقنىڭ ئەدەپ كېتىشى، ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ چىرىكلىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ مىللىي روھنىڭ قاتتىق سۇندۇرۇلۇشى قاتارلىق بىرقاتار ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەر ياقا يۇرتقا چىقىپ، ئازراق كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۆز يۇرتى ۋە ئۆز خەلقىنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كېتىشكەن.

تۆتىنچى، ئۆز يۇرتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قالاق، ئاجىز، مالىمانچىلىق بىلەن تولۇپ تۇرۇشى، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چىرىك ۋە زوراۋان تەبىئىيتىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەسلىكى، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك سىياسەت يۈرگۈزمەسلىكى ۋەتەندىن ۋاقىتلىق ئايرىلغانلاردا ئۆز يۇرتى ۋە ئۆز خەلقىگە تەلپۈنۈش، سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئۇلغايتماستىن ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

---

① ئى. تېنىشېف (سوۋېت ئىتتىپاقى) «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 481 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

سۇسلاشتۇرۇپ قويغان.

بەشىنچى، چېگرا لىنىيەلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، بىپايان چۆل ـ جەزىرىلەر، قاتمۇقات ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز ساي ـ جىرالار بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇشى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبلىك ۋاقتلىق قىيىنچىلىقنى دەپ يۇرتتىن ئايرىلغانلارنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىسى راۋان بولماي، بىر ئايرىلغان بويىچە مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتكەن.

ئالتىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ھېسسىياتى سۇس بولغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى ۋە مىللىي ھېسسىياتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. قىتانلار، موڭغۇللار، چاغاتايلار، جۇڭغارلار، مانجۇلارنىڭ فېئودال ئاق سۆڭەكلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇيغۇر مىللىتىگە خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلىپ، نىمنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى قاتتىق بوزەك قىلغان ۋە دەپسەندە قىلغان، يۇرتمۇيۇرت قوغلاپ يۈرۈپ سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا قالدۇرغان. ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قوغداش ئىمكانىيىتىدىن ئاساسەن مەھرۇم قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن مەشھۇر تارىخچى دەپ ئاتالغان موللامۇسا سايرامى دۇنيا مىللەتلىرى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە يېزىپ چىققان ئۇيغۇرنىڭ بىردىنبىر مۇكەممەل تارىخ كىتابى «تارىخى ھەمىدىي» (1908 ـ يىلى يېزىلغان) دە «بۇ تارىخنى يېزىشتىكى ئەسلىي مەقسەت، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى، پادىشاھ ۋە ئەمىر ـ ئۆمەرالىرى، دۆلەتكە ھۆكۈمران بولۇپ دۆلەت ۋە سەلتەنەت تاپقانلار ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، نىشان ،

ئالامەتلىرى، سۆز ـ ماقالىلىرى قاتارلىقلارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت»[1]. «قەدىمكى زامانلاردا ۋە تارىخ كىتابلىرىدا بۇ يەتتە شەھەر ‹موغۇلىستان› دەپ ئاتالغان. كونا ئىشەنچىلىك ھۆججەتلەردىمۇ بۇ جاينىڭ ‹موغۇلىيە› تەۋەلىكىدە بولغانلىقى قەيت قىلىنغان»، دېگەندەك تۇتامى يوق گەپلەرنى يېزىپ قالدۇرىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. كېيىنكى زامانلاردا ئۇيغۇر خەلقى شۇ دەرىجىدە مىللىي مەدەنىيەت نامراتلىقىغا چۈشۈپ قالغانكى، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» لەرنىڭ قولىيازما ياكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يۇرتىدا ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالمىغان. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نادانلىق، ساۋاتسىزلىق، بىلىمسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بەزى كىشىلەر يۇرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىدە مىللىي ھېسسىيات، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى يوقىتىپ قويغان.

يەتتىنچى، روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇلۇشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنى ئايرىشتىكى ئىلمىي بولماسلىق ئەھۋالى، بولۇپمۇ ستالىننىڭ مىللىي مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى ماركسىزمدىن چەتلەپ كېتىشتەك خاھىشى، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مىللىتى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆزبېك مىللىتىگە قوشۇۋېتىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە ئازايتىۋېتىشكە سەۋەب بولدى.

---

① «تارىخى ھەمىدىي» 42 ـ، 43 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە سەۋەبلەرمۇ بار. بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمىدۇق.

چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى ئۆتمۈشكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بىر تارىخىي ساۋاق بولۇشى كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئادەم مۇئەييەن بىر مىللەتكە ۋە بىر ماكان، بىر ۋەتەنگە مەنسۇپ بولغان بولىدۇ. مىللەت ۋە ۋەتەنگە تەۋە بولمىغان ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەم ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىسا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز مىللىتى، ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئادەمنىڭ قىممىتى كۆرۈلىدۇ، ماھىيىتى ئېچىلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھپۇبە قۇربان
نەشرگە تەييارلىغۇچى: يالقۇن روزى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت

# ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە

غەيرەتجان ئوسمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—07034—8/K・991
باھاسى: 18.00 يۈەن